3

1989



KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى



پامىر ئېتىكىدە



تاجىك قىزى

(سۈرەتلەرنى مەتتىمىن زىيىمىللا تارتقان)

**ژۇرنىلىمىز تەھرىرلىرى:**

تۇرسۇن نىياز، ھاجى ئەخمەت، ئۇچ-قۇنجان ئۆمەر، مۇختەر ئىبراھىم.

# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)

3

1989

18 - يىل نەشرى

(ئومۇمىي 88 - سان)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

# بوستانىدا

## پامىر ناۋاسى


مەدەلىخان ........ جۇڭگو تاجىكلىرى ........ ( ماقالە ) ........ 1
مۇنى تابىلدى ........ ئازاب چەككەن يۈرەكلەر ( ھېكايە ) ........ 8
شېرىن قۇربان ........ ھاياتىمدىكى بۈگۈن مەن ...( // // ) ........ 18
ئاتىكەم زەمىرى ........ ئاق ئۆيدىكى كۆلكە ......( // // ) ........ 22
روزى گۇلباي ........ قوشنىلار ........( // // ) ........ 28
نىياز كامال ........ ئوتتۇنچى باينىڭ تەقسىماتى ( // // ) ........ 36
مۇھەممەت روزى ........ شېئىرلار ........ 39
ئېپساق ئازارە ........ ئىككى شېئىر ........ 41
شانىياز كەپەل ........ شېئىرلار ........ 43
قەدىم دىربەنزادە ........ شېئىرلار ........ 45
سىجەك ۋەزىرى، بەختىبەك موللا ھوشۇر،
دولقۇن ئەلىدات ، مەمەجان قۇربان ،
دادىخا نۇرئېلى ، ھەيدەر ئەزىزبېك ،
ئادالەت قەلەم ، ئاخۇنىك مالىكباي ... شېئىرلار ........ 47


## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابدۇللا ساۋۇت ........ ئارسلان قوترايدۇ ('تارىخىي ھېكايە ) ........ 51
تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ........ ئايرىلىش ئاخشىمى (رومانىدىن پارچە ) ........ 67


## شېئىرىيەت گۈلزارى


ھاجى ئەخمەت ........ رۇبائىيلار ........ 82
شۈكۈر يالقۇن ........ چەنۈبنى ئەسلەيمەن ........ 85
ئابلاجان بوۋاقى، ئابدۇرېھىم مۇھەممەت،
ئابدۇغوپۇر روزى، مامۇت توختى، ئابلە-
مەت ساۋۇت ، ئەنۋەر ھۈسىيىن، ئەنۋەر
شەيدائى ، غولام ئابدۇرېھىم ، قۇربانجان
تاش ........ شېئىرلار ........ 88
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ، ئابدۇللا سۇلاي-
مان، غولام ئەبەيدۇللا، ئۆمەرجان ئوسما-
نى، ۋارىسجان قاسىم ........ مەرسىيەلەر ........ 106


## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ


تۇرغۇن ئالماس ........ ئاق ھون ئىمپېرىيەسى ........ 95


## جاھاننامە


ئابلەت مەھەممەتجان ........ قەدىرلىتىپ كېرمانىيەدە بولغان كۈنلەر ........ 112


## چەتئەل ئەدەبىياتى


مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ ........ ئانا ۋە چىڭگىزخان ( دراماتىك باللادا ) ........ 120
مارك تىۋېن ........ بىر مىليون فوند ـ ستېرلىڭ (ھېكايە ) ........ 123


## خەزىنە


سابىرجان سىيىت رەتلىگەن ........ ئادەم ۋە دىۋە ( چۆچەك ) ........ 125


........................................

(بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى ماخمۇتجان ، جۇمە ئابدۇللا ئىشلىگەن )

# پامىر ناۋاسى

بۇ يىل — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى. «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغۇچى قېرىنداش تاجىك خەلقى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى قەيسەرانە كۈرەش قىلىپ ياراتقان ئۆزىگە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. جۈملىدىن ئۆز يېزىقى، مەتبۇئات نەشرىيات ئورۇنلىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئازادلىقتىن بۇيانقى 40 يىل مابەينىدە، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىچە گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا بىر قىسىم تاجىك يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدۇق.

— تەھرىردىن

مەدەلىخان

## جۇڭگو تاجىكلىرى

ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن ئېتەكلىرىدە ئۆزلىرىنى «تاجىك» نامى بىلەن ئاتايدىغان بىر ئاز سانلىق مىللەت ياشايدۇ. پامىر ئېگىزلىكى قەدىمدىن تارتىپ شەرق، غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل ئىدى. تاجىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى بويىدىكى جايلاردا ياشاپ كەلگەن. ھازىرقى زاماندا تاجىكلار جۇڭگودىن باشقا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشايدۇ.

جۇڭگو تاجىكلىرى ئاساسەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭدىن قالسا پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، گۇما ۋە ئاقتو ناھىيىلىرىدىمۇ بىر قىسىم تاجىكلار ياشايدۇ. 1982- يىلىدىكى ئومومىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە قىلىنغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، تاجىكلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 26 مىڭ 503 كىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن 16 مىڭ 359 كىشى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئىكەن.

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسىي كەسپى بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدا قوي، ئۆچكە، قوتاز، ئات، كالا، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ. دېھقانچىلىقتا ئاساسلىقى بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، قوناق ۋە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل گۇرۇپپىسى-
نىڭ شەرقىي تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ، كۆپ قىسمى تاجىك تىلىنىڭ سەرىكويى شىۋىسى ۋە
ۋاراخان شىۋىسىدە سۆزلىشىدۇ. بۇ تىلدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 30 ئۈزۈك تاۋۇش بار. جۇڭگو
تاجىكلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك شىۋىسىدە سۆزلەشكەندىن تاشقىرى، يەنە
دۇنيادىكى باشقا تاجىكلارغا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى ۋە ئورتاق يېزىقى-
نى قوللىنىپ كەلگەن. 1936- يىلى تاشقورغاندا تۇنجى مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلغاندا
ئاندىن ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ھازىر يازما ئالاقە سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىل-
يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۆز ئارا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

«تاجىك» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا دۇنيادىكى ئالىملارنىڭ پىكرى
تېخى بىردەك ئەمەس. خەلقىنىڭ ئۆز ئاتىشى بويىچە «تاجىك» دېگەن ئىسىم، تاجىكچە «تاج»
دېگەن ئىسىمگە «ىك» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىسىم بولۇپ، «پادى-
شاھنىڭ تاجىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىلەر بولسا ئۇنى ئېلىمىز تارىخىي كىتاب-
لىرىدىكى «大食» دېگەن نام بىلەن ئوخشاش دەپ ئېيتىشىدۇ. لېكىن «大食» ئەرەب ئىم-
پېرىيىسىنىڭ نامى بولۇپ، «تاجىك» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ناھايىتى قەدىمىي قەبى-
لىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللەت بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە
خەلق. مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا سوغ-
دىيانا بىلەن باكتورىيىدىن ئىبارەت مەدەنىي دۆلەتنى بارلىققا كەلگەنىدى. سوغدىيانىنىڭ
جايلاشقان ئورنى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭ جايلار
بولۇپ، پايتەختى مەرقەند (سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى
سەمەرقەند شەھىرى) ئىدى. باكتورىيە ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى
ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، پايتەختى باكتىرا (ھازىرقى ئافغانىستاندىكى بەلخ شەھىرى) ئى-
دى. سوغدىيانا ۋە باكتورىيىنىڭ ئاھالىسى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلار بولۇپ،
ناھايىتى بۇرۇنلا سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان، مۇقىم يېزا، شەھەرلەرنى
بەرپا قىلغان. شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدىن
كېسىپ ئۆتەتتى. بولۇپمۇ سوغدىلار سودا ئىشلىرىغا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرى-
سىدىكى سودا - سېتىقنى ئاساسەن سوغدىلار ئۆز قولىدا تۇتقان ھەمدە بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئالا-
ھىدە يېزىقىنى ياراتقان. شۇ ۋاقىتلاردا سوغدى تىلى خەلقئارادىكى ئورتاق سودا تىلى بو-
لۇپ قالغانىدى.

سوغدىلار سوغدىيانىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېلىمىزنىڭ قەشقەر
(بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇ-
لې» دېگەن ئىسىم سوغدى دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن) بەشبالىق، تۇرپان قا-
تارلىق جايلىرىدا، ھەتتا چاڭئەندىمۇ سوغدى يېزىلىرى بولغان. تاجىكلار ئىران تىلىدا
سۆزلىشىدىغان ئەنە شۇ قەدىمىي قەبىلىلەر ئاساسىدا باشقا قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن

ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېسىپ، تەدرىجى شەكىللەنگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار كۆپ قېتىم چەت
ئەللەر ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. ئالېكساندىر ماكېدونىسكى
شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئىشغال قىل-
غاندا، نۇرغۇن گىرېكلار شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك خەلققە ئارىلىشىپ كەتتى.
مىلادىنىڭ 7-، 8- ئەسىرلىرىگە كەلگەندە ئەرەبلەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ،
قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقاتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغاندىن
كېيىن ئۇنى ئىككى مەمۇرىي رايونغا ئايرىدى ۋە ئەرەب خەلىپىسى ئۇ يەرلەرگە ئەمىر
تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىرسى ماۋەرەئۇننەھىر ( دەريا قىرغىقى ) يەنە بىرسى بولسا خوراسان
دەپ ئاتىلاتتى. مىلادى 9- ئەسىرگە كەلگەندە ماۋەرەئۇننەھىرنىڭ ئەمىرلىكىگە شەرقىي ئىران
قان سىستېمىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن سامانى نەسەبىدىكىلەر تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنى-
دىغان بولدى. 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سامانىلاردىن ئىسمايىل ئەھمەد سامانى خەلق
ئاممىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، غەربىي كاسپىي
دېڭىزى، شەرقىي پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي، ئىراننىڭ
شەرقىي ۋە ئافغانىستاننىڭ پۈتكۈل قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلىككە كەلگەن فېئو-
دال خاندانلىق ــ سامانىلار خانلىقىنى قۇردى. مانا مۇشۇ دەۋردە بىرلىككە كەلگەن تاجىك
مىللىتى شەكىللەندى. سۇغدىيانا، توخارىستان ۋە خوراسانلار تۇتىشىدىغان جايدىكى
يەرلىك تىل ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن تاجىك تىلى شەكىللەندى. بۇرۇن ئۇ، دارى تىل
دەپ ئاتىلاتتى ( ئافغانىستاندا ھازىرمۇ دارى تىلى دېيىلىدۇ ). بۇ تىلنىڭ ھازىرقى
پارس تىلى بىلەن بولغان پەرقى ناھايىتى ئاز.

تاجىكلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنى ياراتقانىدى.
زەردۇشتا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى « ئاۋىستا » تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان
ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنىڭ بىرى. سامانىلار خانلىقى تازا گۈللەنگەن
دەۋرلەردە تاجىكلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۈكسەك پەللىگە يەتتى. مۇشۇ دەۋردە ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىن تاجىكلاردىن رۇداكى، فىردەۋسى، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنادەك ئۇلۇغ
ئالىم، شائىر، مۇتەپەككۇر پەيلاسوپلار مەيدانغا كەلدى. تاجىك تىلى بارا ـ بارا
تەرەققىي قىلىپ، پارس تىلى بىلەن بىرلەشتى ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىردە ناھايىتى زور
شۆھرەت قازاندى. بۇ تىلدا شۇ ۋاقىتتا تاجىك، پارس يازغۇچىلىرى مەشھۇر ئەسەرلەر-
نى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە نۇرغۇن شەرق يازغۇچىلىرى
( مەسىلەن: ئەزەربەيجان، ھىندى، ئۆزبېك، تۈركمەن، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىقلار )
مۇشۇ تىلدا ئاجايىپ مەشھۇر ئەسەرلەرنى ياراتتى.

ھازىرقى زامان تىلى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە باشقا
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۈتۈن تاجىك مىللىتى تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى
ۋە تاغلىق تاجىكلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. تۈزلەڭلىك تاجىكلارنىڭ سانى كۆپ،
ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە ئافغانىستاننىڭ تۈزلەڭ-
لىك جايلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار ئومۇمەن ھازىرقى تاجىك ئەدەبىي تىلىدا سۆزلىشىدۇ،

تاغلىق تاجىكلار پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاي نامى بىلەن يەنە شوغنان، ۋاخان، بەركەك، دەۋشەن، شىكەشىم، زىباك، ياز قۇرۇم، سەرىكۆي تاجىكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتىدىكى تۇرمۇش شارائىتى تۈپەيلىدىن ئۇزاقىچە تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى بىلەن ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي يەرلىك تىللىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تىلى ئىران تىل گورۇپپىسىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا كىرىدۇ. ئالىملار ئۇنى قەدىمكى ساك تىلى دېيىشمەكتە. ئېلىمىز تاجىكلىرىمۇ تاغلىق تاجىكلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاساسىي كەۋدىسى سەرىكۆي تاجىكلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا ۋاخان تاجىكلىرىدۇر.

سەرىكۆي تاجىكلىرىنىڭ ئەجدادلىرى تاشقورغان رايونىدا ياشىغان قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن ئەۋۋەللا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، قورغان بەگلىكىنى تەسىس قىلغانىدى. مىلادىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ھازىرقى تاشقورغان رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپ رايونلاردىكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان «قىرپاند» بەگلىكى قۇرۇلغانىدى. ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن تارىخىي كىتابلىرىدا قىرپاندبەگلىكى ھەققىدەخاتىرىلەر بار، قىرپاندلىقلار چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چارۋىچىلىقتا كالا، قوتاز، ئات، تۆگە، قوي، ئەچكە، قاتارلىقلارنى بېقىپ كۆپەيتكەن. دېھقانچىلىقتا ئاساسەن بۇغداي تېرىغان، «لوياڭجيالەن خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا، قىرپاندلىقلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ مۇنداق يېزىلغان:
«قىرپاندلىقلار ئۆستەڭ سۇلىرى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ تېرىقچىلىقىنى سورىغاندا ئېتىزلار يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئىلاھنىڭ ئۇلارنى مۇنداق تەمىنلىگەنلىكىگە نېمە دېگەنلىكى بولار دەپ ھەيران قېلىشقان» («لوياڭجيالەنخاتىرىلىرى» 5- جىلد). شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قول سانائىتىمۇ تەرەققىي قىلغان. ئۇ يەردىن ياخشى كىگىز، ئالتۇن ۋە قاشتېشى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلغان. «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى سودا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان، قىرپاندلىقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، شۇ ۋاقىتتا تەسىرى چوڭ بۇددا دىنىي مەركىزى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، راھىبلىرى 500 كىشىدىن كۆپ بولغان. قىرپاندلىقلار يەنە ئۆز يېزىقىنى قوللانغان، شىمالىي ۋە جەنۇب سۇلالىلار دەۋرى قىرپاندبەگلىكىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردىكى چېگرىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى خۇاگو (مىلادىنىڭ 5 - ئەسىردىن بۇرۇن ئەفتالىتلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەت، پايتەختى ئافغانىستاننىڭ پەيزىئاباد شەھىرى) جەنۇبتا جىبىن (غەربىي رايوندىكى قەدىمكى دۆلەت، ئورنى كەشمىر ئەتراپىدا) بىلەن چېگرىداش ئىدى. ھەتتا ھىندى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دەنچاسلو دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلغانىدى. (دەنچاسلۇ غەربىي رايوندىكى قەدىمكى دۆلەت، ئورنى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر بىلەن ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

قىرپاند بەگلىكى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن دائىم قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مەيلى جەنۇب ۋە شىمال سۇلالىلار دەۋرى بولسۇن ياكى لياڭ، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە بولسۇن دائىم ئىچكىرىگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلغان. تاڭ سۇلالىسى غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەنشى تۇتۇق مىراۋۇل مەھكىمىسىنى قۇرغاندا، قىرپاند ئەنشى تۇتۇق مىراۋۇل مەھكىمىسىگە قارايتتى. قىرپاند تەخمىنەن بىر قانچە يۈز يىل مەۋجۇت بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىنكى يىللىرىدا (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 713-، 727- يىللىرى) قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادشاھى بىر قىسىم قىرپاندلىقلارنى باشلاپ، تۈبۈتلارغا ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن قىرپاند دۆلىتى يوقىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە پامىر بوقالى تەسىس قىلدى. قىرپاندلىقلارنىڭ ئۆز يۇرتىدا قالغانلىرى يەنىلا ئەنشى تۇتۇق مىراۋۇل مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى.

سەرىكۆي تاجىكلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئەنە شۇ قىرپاندلىقلار بولۇپ، 17-، 18-ئەسىردىن باشلاپ پامىرنىڭ غەربىدىكى شۇغنان، ۋاخان قاتارلىق جايلاردىن ئاھالىلار كۆچۈپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، ئۇلارغا سىڭىپ كەتتى.

ۋاخان تاجىكلىرىمۇ تاغ تاجىكلىرىنىڭ بىر قىسمى. ئۇلار ۋاخان كارىدورىدا ياشىغۇچى، شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمى خەلق. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي يازما تارىخلىرىدا ئېنىق خاتىرىلەر بار. تاڭ سۇلالىسى پامىرنىڭ جەنۇبىدا قۇش جەۋلان (乌飞州) تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭ تارمىقىدا ۋاخان ئوبلاستىنى تەسىس قىلغانىدى. ۋاخان خانى چاڭئەنگە بېرىپ زىيارەتتە بولغان ھەمدە ھەر قاچان تاڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، ھەتتا مىلادى 758-يىلى ۋاخان خانى تاڭ خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە تاڭ خاندانلىقى ۋاخان خانى خوشات جۇبىشقا «لى» فامىلىسىنى تەقدىم قىلغان. ۋاخان رايونى سەرىكۆي (تاشقورغان) رايونى بىلەن چېگرىداش بولغانلىقى، ھەر ئىككى رايوندىكى خەلق شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولغاچقا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىش ۋە ئۆز ئارا سىڭىشىپ كېتىشىش ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇرۇن سەرىكۆي رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىك ئاھالە بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىرىنى ھازىر پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى ۋاخان تاجىكلىرىنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئولتۇراقلىشىشى 19-ئەسىردىكى ئىش بولۇپ، چار روسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پامىر رايونىنى تالىشىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پامىر رايونىنى تالىشىپ، جىددىي كۈرەش قىلغان. پامىر رايونىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىش ئۈچۈن چار روسىيە ھەدەپ پامىرنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا، غەربتىن شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارغان. ئەنگلىيەمۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي ھىندى شىركىتى ئارقىلىق شىمالغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ باردى. 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئافغانىستان ئەمىرى ئابدۇراخمان ئاۋۋال بەدەخشان-

نى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاخانغا ھۇجۇم قىلىپ، ۋاخان ئەمىرى شاھ ئەلى مەردانىنى تۇتتى. ئافغانلار ۋاخان رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىگە قاتتىق زۇلۇم سالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاخان خەلقى ھەر تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇغنان تەرەپكە، ئاز قىسمى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى سەرىكۇي، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاخان تەرەپتىن كۆچۈپ كېلىدىغان مۇساپىرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە داۋام قىلدى. جۇڭگو تاجىكلىرى تەركىبىدىكى ۋاخانلار 19 - ئەسىردىن كېيىن زور تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەلگەن ئەنە شۇ ئاھالىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۆز ئارا سىڭىشىپ ھازىرقى جۇڭگو تاجىكلىرىنى شەكىللەندۈردى (بەزىلەر سەرىكۇي تاجىكلىرى بىلەن ۋاخان تاجىكلىرىنى ئىككى قەبىلە دەپ ئاتىماقتا، بۇ توغرا ئەمەس، سەرىكۇي ۋە ۋاخان جۇغراپىيەۋى ئاتالغۇ بولۇپ، ۋاخان ۋە سەرىكۇي دېگەن ئىككى رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قەبىلە نامى ئەمەس).

ئېلىمىزدىكى تاجىك خەلقى ئۇزاق تارىخىي دەۋردە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئورتاق تىرىشىپ، كۆرەش قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. بولۇپمۇ چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى پارچىلاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتەك تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، ۋەتەن چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. بۇ يولدا قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزۇپ مەردانىلىق كۆرسەتتى.

تاجىك خەلقىنىڭ ئېزىز پەرزەنتى، شانلىق مىللىي قەھرىمانى قۇلچاق بۇنىڭ تىپىك مىسالى. تاجىك خەلقى ئاددىي - ساددا، ساپدىل، سادىق، راستچىل، كەمتەر بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتى بىلەن مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى زۇلۇمغا قارشى كۆرەشتە باتۇر بولۇش خىسلىتى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر. گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن 1945 - ۋە 1946 - يىللىرىدىكى «تاشقورغان ئىنقىلابىي» ئۇلارنىڭ كۆرەش روھىغا باي، باتۇر خەلق ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تاجىك خەلقىمۇ باشقا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئوخشاشلا ئازاب - ئوقۇبەت گىرداۋىدىن قۇتۇلۇپ، ئازادلىققا ئېرىشتى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا تاجىك خەلقى ئۆزىگە - ئۆزى خوجا

بولۇش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ، پارلاق سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. 1954 - يىلى تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاشقورغان ناھىيىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پوسكام، يەكەن، گۇما، ئاقتۇ ناھىيىلىرىدىكى تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، مىللىي يېزىلار قۇرۇلدى. تاجىك خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ھازىر تاجىك خەلقى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، زور قەدەملەر بىلەن ئالغا باسماقتا.

**ئاپتور ھەققىدە:**

مەدەلىخان 1941 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدى كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر تاشقورغان ناھىيىلىك مىللىي، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ.

مەدەلىخان كۆزگە كۆرۈنگەن تاجىك زىيالىيلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيان تاجىك تارىخىي، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەزى تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغاندىن تاشقىرى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تۈزۈپ چىقارغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر بەش خىل مەجمۇئە» ئىچىدىكى «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» نى يېزىشتا قەلەم تەۋرەتكۈچى بولغان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزۈپ چىقارغان مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ «تاجىك ئەدەبىيات تارىخىي» قىسمىنى يېزىشقا قاتناشقان.

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە مونى قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە «بۇلاۋت ئۇستىدىكى مەلىكە» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى؛ (بۇ ئەسەر «مۇز ئادەملەرنىڭ سىرى» دېگەن نام بىلەن خەنزۇچە «كىنو ئەسەرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان). «كۈمۈش ساپلىق قىلىچ»، «مۇز تاغدىكى چىمەن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

مەدەلىخان ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.



مۇنى تابلىدى

# ئازاب چەككەن يۈرەكلەر



مۇنى تابلىدى 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1975 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. دەسلەپ تاشقورغان ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1974 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تاشقورغان تويىدا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «مۇز تاغدىكى قەيسەر قاراۋۇل»، «پامىر تەنتەنىسى»، «بەختىم»، «تاجىك قىزى»، «لەيلى»، «گۈلچېھرە»، «قوزىچاق» قاتارلىق شېئىر، ھېكايە، ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «پامىر تەنتەنىسى» ناملىق شېئىرى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون ھەم مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «بۇلاق ئۈستىدىكى مەلىكە» ناملىق كىنو سىنارىيىسى 1987 - يىلى «ئېمېي كىنو ستۇدىيىسى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان «كىنو ئەسەرلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ، جۇڭگو تاجىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان تېلېۋىزىيە بەدىئىي ئەسەرى 1986 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا «كۆمۈش سايلىق شەمشەر»، «مۇز تاغدىكى چىمەن» ناملىق كىنو سىنارىيىلەر (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان) نى مۇناسىۋەتلىك كىنو ستۇدىيىلىرىگە سۇندى.

ئاپتور ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەم مەملىكەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

1

«سۆيۈملۈك دوستۇم گۈلنار، بۈگۈن مەن سىزگە سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە ئىچىمدىكى دەرتلىرىمنى سۆزلەپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. مەن قۇيۇن ئىچىدە قالغان ئادەمدەك گويا كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ئاچقان چېغىمدا، كۆزۈم گويا بىر يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولدى. بۇ يورۇقلۇق نېمە؟ دەپ قالماڭ، ئۇ، بىزنىڭ ئون يىل ئاۋۋال چۈشكەن بىر پارچە خاتىرە سۈرىتىمىز.

بىلەمسىز، شۇ كۈنى بىز رەسىمگە چۈشۈپ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ياتاققا بارمايلا سىنىپقا چىقتۇق. بىز دېرىزىنى ئېچىپ قەشقەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. دۇنيا بىزگە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈندى. مەن بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن گۈزەل دېيىشىمگە، سىز، «شۇنداق، بۇ دۇنيا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىنمۇ گۈزەل، ئۇنىڭ سۈتتەك ئاپئاق ئايدىڭ كېچىسى، كېچىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقان نۇرلۇق يۇلتۇزلىرى تېخىمۇ گۈزەل. ئېھ گۈزەللىك! ئاشۇ تەبىئىي مۆجىزاتلار بىزگە يورۇقلۇق بېغىشلىمىسا، بۇ گۈزەللىكنى قانداق تەسۋىرلەش مۇمكىن؟» دەپ سۆزلەپ كەتتىڭىز.

مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم، دۇنيا گۈزەل، ئادەمدىكى خىيالى ئىستەكلەر تېخىمۇ گۈزەل. بولۇپمۇ، ياشلىق ھاياتى ئۇرغىغان ئەشۇ چاغلار تېخىمۇ گۈزەل ئىدى. بىز بۇ گۈزەللىكتىن ئۆزىمىزنى خۇددى ئاسماندىكى پەرىشتە، دەپ قارايتتۇق. بىز ئۇ چاغدا تەقدىر ۋە قىسمەتكە ئىشەنمەيتتۇق، ئەلۋەتتە. مۇھەببەت بولارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، مۇھەببەت تەقدىر ۋە قىسمەتلەرنى يېڭىشقا قابىل ئىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، سىز دائىم مېنى مۇھەببەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا، ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن مۇھەببەت ئۈستىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلاتتىڭىز. لېكىن مەنچۇ؟ مەن ئۆزەمنى پەقەتلا باسالمايتتىم، بۇ جەھەتتە بىزنىڭ مىجەزىمىز ئوخشىمايتتى. سىز دائىم دېگۈدەك خۇددى ئۆزىڭىزگە مۇھەببەت كېرەكتەك ئەمەستەك، سىزگە تەلەپ قويغانلارنى زەت قىلاتتىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۇلاردىن چەتكە ئالاتتىڭىز. مەن كۆڭلۈمدە سىزنى، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.

سىزنىڭ شۇنچە گۈزەل، ئەللىك چىرايىڭىزغا ياراشقان يەنە بىر نەرسە — دائىم ئوچۇق - يورۇق يۈرىشىڭىز بىلەن كۈلۈمسىرەپلا يۈرىشىڭىز ئىدى. مانا بۇ قارىماققا ساددىلىقتەك ۋە ئاجىزلىقتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سىزنى مۇھەببەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى مەن كېيىنچە چۈشەنگەنىدىم.

خېتىمنىڭ بېشىدا تەقدىر ۋە قىسمەتكە ئىشەنمىگەنلىكىمىزنى ئىزاھلاپ ئۆتتۈم. لېكىن، ئەمەلىيەت مېنى تەقدىرگە ئىشىنىدۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. يىللار بىزدىكى گۈزەل ئىستەكلەرنى، گۈزەللىكنى بىرگە ئېلىپ كەتتى. ئاھ ... بۇ نەقەدەر ھەسرەتلىك، ئازابلىق، ئېچىنىشلىق ئىش — ھە!

دوستۇم گۈلنار، سىز بەك ئەقىللىق، بەك زېرەك، سىزدىن باشقا ھېچكىم مېنى چۈشەنمەيدۇ، كۆڭلۈمنى ئالالمايدۇ. ئەگەر سىز خېتىمدىن مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىلىشنى خالىسىڭىز، ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي:

1972- يىلى خاسىيەتلىك كۈز پەسلى،

بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق كۈن بولدى! سىز شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنگە، مەن سىفەن شۆيۈەنگە قوبۇل قىلىندۇق. مەن سىنىپىمىزنىڭ ئاخىرقى رېتىدە ئولتۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. چۈنكى مېنىڭ بوي ئېگىزلىكىم ھەممىدىن ئېگىز ئىدى، بىر ھەپتىگىچە شۇ ئورۇندا يالغۇز ئولتاردىم. بىر كۈنى كېچىكىپ مەكتەپكە كەلگەن بىر ئوقۇغۇچىنى مۇئەللىم مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ، كېلىشكەن، قارىقاش، قوي كۆزلۈك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كونىراپ رەڭگى ئۆچكەن كۆك خادانى شىم - كەمزۇر بولۇپ، تۇرقىدىن تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى مانا مەن، دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، كەمسۆز، ئەمما چىقىشقاق بالا ئىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي سىنىپتىكى ھەممەيلەن بىلەن چىقىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇ مەن بىلەن نېمىشقىدۇ زادىلا پاراڭلاشمايتتى، ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى، پەقەت مەن نېمىنى سورىسام شۇنىڭغىلا جاۋاب بېرەتتى. كېيىن ئۇقسام ئۇ، زىيالىي ئائىلىسىدىن بولۇپ، شۇ مەزگىلدە ئاتىسى خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، چەتكە قېقىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ كەمسۆزلىكىدە بۇمۇ بىر سەۋەب بولسا كېرەك.

بىز پەقەت مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئاخىرقى يىللىرىدىلا گەپلىشىدىغان بولدۇق. ئۇ ماڭا دائىم يەرنىڭ تېگىدىن قارايتتى، گاھىدا كۆزۈمنىڭ ئىچىگىلا قارايتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدە قانداقتۇر بىر سېھرى كۈچنىڭ بارلىقىنى سېزەتتىم، ئۇ گويا كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك قىلاتتى. بارغانسېرى مەنمۇ ئۇنىڭسىز بىرەر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز مايىل بولۇپ قالدىم. سىنىپتا ياكى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئارزۇ قىلسا قورۇق قالماس دېگەندەك، بىر كۈنى ئۇنىڭ قەلىمى مەندە قالدى، بەلكىم ئۇمۇ ئەتەي قەلىمىنى مەندە ئۇنتۇلدۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، ئۇ، ياتاققا كىرىپ مەندىن قەلىمىنى سورىدى، مەن قەلەمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىمدا، ئۇ، قەلەم بىلەن قولۇمنى قوشۇپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مۇنەۋۋەر، تۆت يىللىق خۇددى كاچىلاردەك بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدۇق، ئەمدى ئايرىلىدىغان بولدۇق، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ھەر كۈنى كېچىسى سىزگە دەيدىغانلىرىمنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، سىزگە قانداق ئېغىز ئېچىش ئۈستىدە باش قاتۇرەتتىم، يېنىڭىزدا بولغىنىمدا ئېغىز ئاچالماي قىينىلىمەن. ئاخىرى ئازاب ۋە ئارماندا قالىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

— گەپ قىلىش - قىلماسلىق ئۆزىڭىزگە باغلىق، گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، — دېدىم مەنمۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەي. ئەمما قولۇمنى شۇنچە چىڭ تۇتقان بولسىمۇ گەپ قىلالمىدىم. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، مېنىڭ يۈرىكىم تىترەۋاتاتتى، بەلكىم شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ تىترەۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ يەنىلا كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلالمىدى. گويا بارلىق گېپىنى ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغاندەك ئىدى.

ياق، گەپ قىلالمىدى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ مەن ئويلىمىغان يەردىن، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان يەردىن گەپ ئاچتى. ئۇ، قولۇمنى ئۆزىگە تارتىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، خۇددى بىر دەستە قىزىلگۈلنى

پۈرىغانىدەك، چاچلىرىمنى ئاچكۆزلۈك بىلەن پۈرىدى. مەن ئۆزەمنى يوقاتقانىدەك بولدۇم، ئۇ مېنى سۆيدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزەمگە كەلدىم. مېنىڭ مەڭزىم ئوتتەك كۆيۈۋاتاتتى، ئۇ مېنى سۆيمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى مېنى باشقا بىرسى سۆيگەن، مەنمۇ ئۇنى سۆيەتتىم.

مەن ھېلىقى يىللىرى، ئاشۇ زۇلمەتكۈنلەردە بارلىقىمنى ئاشۇ سۆيگەن يىگىتىمگە بېغىشلىغانىدىم. كېيىن ئۇ مايتاغقا كەتتى، مەن ئۇنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا خۇپىيانە سېغىنىپ، ئەسلەپ كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى بىز قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولغانىدۇق، پەقەت ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدىكى شەرتكە ئاساسەن ۋاقىتلىق ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەنىدۇق، بۇ شەخسىي مەخپىيەتنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

مەن بۇ دوستۇمنى ئالدىماسلىقىم كېرەك. شۇڭا ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ پەقەت چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ:

— مېنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ئەدەبسىزلىكىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. مەنمۇ سىزنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىڭىزگە خىيانەت قىلىشىڭىزنى خالىمايمەن. بىز بۇندىن كېيىن سەمىمىي دوستلاردىن بولايلى، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

دوستۇم گۈلنار، مەن سىزگىمۇ دېگەنىدىم، مەن ئەسلىدە قادىرنى ياخشى كۆرەتتىم. چۈنكى مەن ئۆزەمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى، ھاياتىمنى ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن بېغىشلىغانىدىم. بىر يۈرەكتە بىرلا سۆيگۈ بولۇشى كېرەك. مېنىڭچۇ؟ ھازىر يۈرىكىمدە ئىككى سۆيگۈ بىر-بىرى بىلەن كۈچ سىناشماقتا، ئۇنىڭ بىرسى ئادىل، يەنە بىرسى قادىر ئىدى.

بىز قىزلار مۇھەببەت ئالدىدا بەكلا ئاجىز ئىكەنمىز. ئادىل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر ھازاغىچە ئۆزەمنى باسالماي يىغلىدىم. دوستلىرىم مەندىن: «ئادىل سىزنى رەنجىتتىما؟» دەپ سورىشاتتى. مەن ئۇلارغا نېمە دېيەلەيتتىم؟ راستىمنى دېسەم، مەن ئادىلنى ھۆرمەتلەيتتىم، ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. گەرچە بىز بۇندىن بۇرۇن مۇھەببەت ئۈستىدە سۆزلەشمىگەن بولساقمۇ، ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى ئوخشاش رېتىمدا سوقاتتى. سىنىپتىكىلەرمۇ بىزنى كەلگۈسىدىكى ئەر-خوتۇنلار دەپ قارايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆتكۈر پىكىرلىك، ياخشى يىگىت ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى ئۆز تىنىقلىرىم بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم، ئۇنى قۇرۇق تەختىرۋانغا ئولتۇرغۇزۇشنى خالىمايتتىم. قادىرچۇ؟ مەن قادىرنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەممىنى تەقدىم قىلغانمەن. بىر يۈرەكتە ئىككى سۆيگۈگە راستىنلا ئورۇن چىقمىدى.

مەن خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قادىر بىلەن قايتىدىن توي قىلدىم. ئۇنى مايتاغدىن ئۆزەم ئىشلەۋاتقان ئىدارىغا يۆتكەپ ئەكەلدۇردۇم. مانا ئەمدى تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىيدىغان چاغ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئىش مەن ئويلىغانىدەك بولمىدى. توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆيىمىزگە كېلىدىغان مېھمانلىرىمىز كۆپىيىشكە باشلىدى. قادىرنىڭ يېڭى-يېڭى دوستلىرىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ تۇردى. بۇ چاغاندا ئەرلەرنىڭ دوستى نېمە دېگەن كۆپتۇ؟ ھاراق دېگەن بۇ نەرسە، چاھانغا ئاق-قارىنى ئايرىماي پاتقۇزۇۋېرىدىكەن. ھەممە نەرسىمىز تەل بولسىمۇ، ئېھتىياج ئېشىپ بېرىۋاتاتتى.

ماڭا بۇ ئىشلار دەسلەپتە ئانچە بىلىنمىدى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىز ئىككى پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇپ قالغانىدۇق. ئۇلاپتىلەر كۈنسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. بەزىدە ئۆينىڭ ئىشى، مېھمانلارنى كۈتۈش، بالىلارغا قاراش بىلەن كۆپ ھاللاردا ئىشقا ۋاقتىدا بارالمايدىغان بولدۇم. ئايلىق ئىش ھەققىمىزمۇ قەرزگە يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەن بۇرۇن قادىر كەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇشىمىزدا ئالاھىدە ياخشىلىنىش بولىدۇ، دەپ ئارتۇقچە ئويلىغانىكەنمەن. ئۇ، بىر قانچە يىل ئىچىدىلا تۈپتىن ئۆزگىرىپ، كەيپى - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنتى، ھەتتا بەزى ئاخشاملىرى ئۇ تېخى ئۆيگە كەلمەيمۇ قالاتتى. ئۆي بىساتىمىزنىمۇ ئاخىرى بۇرادەرلىرىدىن ئالغان قەرزگە تۆلەپ، ئۆينى قۇرۇقدىغىلى تۇردۇق. «يىمىنى تارتقانىسىرى چۇۋۇلۇپتۇ» دېگەندەك، ئۇ بىر كۈنى مەسلىكتە كوچىدا جېدەل چىقىرىپ 15 كۈن توختىتىپ قويۇلدى، لېكىن ئىش ئۆز ئەسلىگە كەلمىدى. قول قىسقا بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىمىزدا دائىم دېگۈدەك ماجرا بولىدىغان بولدى. مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بۇنداق مەناسىز تۇرمۇشتىن بېزار بولۇپ، ئاخىرى قادىر بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش قارارىغا كەلدىم.

دوستۇم گۈلنار، مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سىزنى تالاي قېتىم سېغىندىم، سىزنى ماڭا تەسەللىي بېرىدۇ، دەپ بىرگە چۈشكەن رەسىمىمىزنى قولۇمغا ئالدىم، لېكىن بۇجانسىز سۈرەت ماڭا تەسەللىي بېرەلمىدى. بېشىغا كۈن چۈشسە، ئادەم نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ دەيسىز؟ شۇ تاپتا مەن ئادىلنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇ تېخى توي قىلمىغان بولسىچۇ؟ مەن ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن بىر نەرسە دېيەلەيتتىم. بولۇپمۇ ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان مەندەك بىر ئايال ئۈچۈن بۇنداق خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈمىد بولسىلا ئادەم ھاياتقا مۇھەببەت باغلايدۇ. مېنىڭ تەلەپىم شۇكى، سىز خېتىمنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ قىسمەتلىرىمنى مەن ئۈچۈن ئادىلغا ھېكايە قىلىپ يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىڭ. مەن ئۇنى ئەسلەۋاتىمەن، سېغىنىۋاتىمەن.

دوستۇم گۈلنار، شۇ تاپتا مەن بۇ خېتىمنى قانداق يېزىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. مېنىڭ يۈرىكىم تىترەۋاتىدۇ، يېڭىچە تۇرمۇشقا ئىنتىلىۋاتىدۇ، تەلپۈنىۋاتىدۇ، ئاشۇ يۈرىكىمنى سىزگە تاپشۇردۇم.

دوستىڭىز مۇرەببە

9 - سىنتەبىر»

2

«سۆيۈملۈك دوستۇم مۇرەببە! مېنى ئۇنۇتۇپ قالماي خەت يېزىپ ئەسلىگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. مەندىن ياردەم سوراپسىز، يەنە كېلىپ مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدىغان بىر ياردەمنى سوراپسىز. مەن سىزگە ياردەم بېرىشنى خالىمايمەن ئەمەس، خالايمەن. بىز يېقىن دوستلار. ئەمما، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمىز ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. سىز ئۆزىڭىزنى دۇنيادا ئەڭ بەختسىز، دەپ ھېسابلاپسىز، ۋىجدان ئازابىنى تارتىپسىز. مەن سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز بولسامۇ، سىزگە شۇ تاپتا قانداق تەسەللىي ۋە ياردەم بېرىشنى بىلمەي قالدىم. خېتىڭىزنى قايتا-قايتا ئوقۇپ ئۇزاق، كۆپ ئويلاندىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز قىسمەتلىرىمنى سىزگە تەسەللىي ئورنىدا تەقدىم قىلىشنى توغرا تاپتىم. ئۇنى تەسەللىي ئورنىدا چۈشەنسىڭىزمۇ، ياكى بىر لىمىسا جارا-

ھەتلىك يۇرىكىڭىزگە شەپالىق دورا، دەپ بىلسىڭىز مۇ بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ قىسمەتلىرىم سۇدۇق كۆڭلىڭىزگە تەسەللى، جاراھەتلىك يۇرىكىڭىزگە شىپا بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزەمنى يەڭگىل سەزگەن ۋە خۇشال بولغان بولىمەن.

دوستۇم مۇرەببە، سىز مېنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىسىز، مەن ئالىي مەكتەپنى تاماملىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھېچكىمنىڭ سۆيگۈ تەلەپىنى قوبۇل قىلمىدىم. مەندە ياشلىق ھېسسىياتى يوق ئەمەس، مەنمۇ ئادەم، مېنىڭمۇ يۈرىكىم، بارلىق سەزگۈلىرىم دۇنيادىكى ئادەملەر بىلەن ئوخشاش يارالغان. لېكىن، مەن بۇ ئۆمۈرلۈك ئىشقا بەكلا ئېھتىياتسىز قارىدىم. مەندە ئائىلە ئەنئەنىۋى تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بەكلا ئېغىر بولغاچقا، كەلگۈسىدىكى ئەڭ نازۇك ئائىلە ئىشىنىمۇ ئاتا ئانامغا باغلىدىم.

مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، تېببىي ئىنستىتۇت قارمىقىدىكى بىر دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتىم. يىللار نېمە دېگەن تېز ئۆتىدۇ — ھە! ھەش - پەش دېگىچە ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدۈم، يېشىم 30 غا باراي دەپ قالدى. بىر كۈنى مەن ئۆيدە دەم ئېلىۋاتاتتىم، بىرسى ئىشىكنى چەكتى، ئىشىك ئالدىدا ساقچى پورمىسى كىيگەن كېلىشكەن بىر يىگىت تۇراتتى. مەن بىر قاراپلا ئۇنى مۇلايىم، تارتىنچاق يىگىت ئىكەن، دەپ جەزملەشتۈردۈم. ئۇ، سەل تارتىنغان ھالدا:

— ھىزىمەۋۇنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، دادام ھازىر ئۆيدە يوق، — دېدىم مەن.

— سىز ئۇنىڭ قىزى گۈلنارغۇ دەيمەن.

— ھە، ھە! مەن شۇ، بىر ئىش بولدىما؟

— ئەنسىرەپ كەتمەڭ، مەن ھازىر دوختۇرخانىدىن كېلىشىم. ئاتىڭىزنىڭ ماشىنىسى بىر يۈك ماشىنىسىغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، بىز ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق، ھازىر ئەھۋالى خېلى ياخشى.

مەن ئېسىمنى ئاران يىغدىم - دە، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتىم.

دادام بالنىتسىدا يېتىپ بىر ئاي داۋالاندى، ئۇنىڭ سول پۇتى ۋە تاغاق سۆڭىكى زەخمىلەنگەنىدى. ھېلىقى يىگىت شۇنىدىن تارتىپ ھەر كۈنى دېگىدەك دادامغا ھەمراھ بولدى، ھەتتا ئاخشاملىرىمۇ دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. بىز ئاستا - ئاستا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك چىقىشىپ قالدۇق. كېيىن دادامدىن سوراپ بىلدىم: ئۇ، ئەسلىدە دادامنىڭ تاغ ئىنقىلابىدىكى سەبدىشى ئابدىرۇپنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەن، دادىسى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تاياق يەپ ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۆيدە ئاچىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، ئىسمى دىلشات ئىكەن.

ئۇ كېيىنچە بىزنىڭ دائىملىق ئېزىز مېھمىنىمىز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ماڭا ئۆمىدلىك قاراشلىرى، مۇلايىم، سەممىي، قىزغىن سۆز - ھەرىكەتلىرى مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل مايىللىقنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. لېكىن مەن قىز بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچالمايتتىم، ئەلۋەتتە. مەن ئۇنى دىلشات ئاكا، دەپ ئاتايتتىم. بۇنداق چاغدا ئۇ، ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ: «مېنى ئاكا دېمەي، دىلشات دەپ چاقىرىۋېرىڭ» دېدى. ئارىلىقتا بىر يىل ئۆتتى. بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ، سىرداشلىشىشىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە، چوڭقۇرلىشى-

شىغا ئەگىشىپ، دوستلىغىمىز كۆچىيىشكە
باشلىدى، بىز ئاخىرى قەلب سۆزلىرىمىزنى
ئىزھار قىلىشتۇق. شۇندىن تارتىپ مەن
ھاياتىمدا تۇنجى مۇھەببەت قەدىمىنى باس-
تىم. بىز كىنو-تىياتىرلارغا بىرگە كې-
رەتتۇق. كەلگۈسى تۇرمۇش، غايە، ئارزۇ،
ئىستەكلەر توغرىسىدا قىزغىن پىكىر ئال-
ماشتۇراتتۇق. بىر كۈنى بىز ئۆيدە يالغۇز
قالدۇق، بىر چاغدا دىلشات ئالدىمغا كې-
لىپ توختاپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىدىن بىر نەر-
سىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغاندەك تىكىلىپ
قاراپلا كەتتى. مەن ئىزا تارتىپ ياnغا قا-
رىۋالدىم، يۈرىكىم بولسا رىتىمسىز سو-
قۇپ كەتتى. ئۇ، قولۇمدىن تارتىپ ئۆرە
تۇرغۇزدى - دە، تۇيۇقسىز قوپالغىنە قۇ-
چاقلىۋالدى. مەن خۇدۇمنى يوقاتتىم، ماغ-
دۇرسىزلاندىم، كۆزۈم ھېچنىمىنى كۆرمەيتتى،
قۇلۇقۇم ھېچنىمىنى ئاڭلىمايتتى، پەقەت
ئۇنىڭ پىشانەمگە، يۈزلىرىمگە، لەۋلىرىم-
گە توختىماي سۆيۈۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتىم.

دوستۇم مۇرەببە، مانا شۇ مىنۇتتا
مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى
بىلەمسىز؟ ئاھ! مۇھەببەتنىڭ لەززىتى نې-
مە دېگەن شېرىن-ھە؟ مەن ئۆزەمنى دۇن-
يادا ئەڭ بەختلىك، تەلەيلىك ھېس قىلدىم...

شېرىن ئارزۇ - ھەۋەسلەر ئۆزىنىڭ
تەخىرسىز كۈچىنى مانا ئەمدى كۆرسىتىۋات-
قاندەك قىلاتتى. مېنىڭ تېچ، خاتىرجەم كۈنلە-
رىم بۇزۇلدى. ئۇنى ئويلاش، سېغىنىش بىلەن
تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. ۋىسال
كۈنلەرنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەقەززالىق
بىلەن ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم، ئاخىرى بۇ
كۈن يېتىپ كەلدى، بىز خىيالىدەبدە بىلىك توي
مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ توي قىلدۇق.

سىزمۇ بىلىسىز، بارلىق ئادەملەر بىلى-

دۇ. توي كېچىسى شېرىن ئىستەكلەرنىڭ، مەڭ-
گۈلۈك پاك مۇھەببەتنىڭ يالدامىسى، سۆيۈ-
شىدىغان ياتقا ئۆز سائەت - مىنۇتلىرى بىلەن
كۆۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ يالغۇز مېنىڭلا ھېسسى-
ياتىم ئەمەس، بەلكى توي قىلغان ھەر بىر
ئادەمنىڭ ھېسسىياتى شۇنداق بولسا كېرەك.

توي كېچىسى دىلشاتنىڭ روھىي ھالىتى
بەك تۆۋەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىر مەسىلە
ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدىم.
مەندە ئۇنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىم يوق
ئىدى، ياكى بۇرۇن باشقا بىرسىنى ياخشى
كۆرگەن بولسا، شۇنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ؟
ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ دەسلەپ ماڭا
تەلەپنى ئۆزى قويغان، مېنىڭ ئۇيقۇدىكى
ھېسسىياتىمنى ئۆزى ئويغاتقان ئەمەسمىدى؟

بىز ئۆز خانىمىزگە كىردۇق، ئۇنىڭ يۈز-
لىرى تاتىرىپ قاندىدارى قالمىغانىدى، توخ-
تىماي ئۇھسىناتتى.

نېمە بولدى؟ - دېدىم مەن، - بىرەر يېرىڭىز
ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، - ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن
ماڭا قاراپ يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا، - گۈل-
نار، سىز مېنى كەچۈرەلەمسىزمۇ؟ سىز مېنى
بەختلىك قىلالامسىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن بۇ
گەپتىن ھېچنىمىنى چۈشەنمىدىم:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز-
نى نېمىشقا كەچۈرمىگىدەكمەن؟ بەخت تېپى-
مىزنىڭ ئالدىمىزدا، مەن چوقۇم سىزنىڭ
كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقىمەن، ماڭا ئىشەنمە-
يىۋاتامسىز؟

— ياق، مەن سىزنىڭ بەختلىك قىلىشى-
ڭىزغا ئىشىنىمەن. ئەپسۇسكى، مەن سىزنى
بەختلىك قىلالمايدىغاندەك تۇرىمەن، بۇنى
سىز كېيىنچە چۈشىنىپمۇ قالارسىز.

دىلشات ئۆز دېنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. ئا-
قانلىرىمنى يۈزىگە سۈرتتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى

مېنى قاتتىق بىئارام قىلدى. بىر پۈتۈن سۈرۈك يىگىتنىڭ ئۆزى سۆيگەن بىر ئاجىزەنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلىشى يۈرەكنى ئېزىدىپ، تىتىرىتىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— سىزنى ئۆزەم تاللىغان، مەن سىزنى چوقۇم بەختكە ئېرىشتۈرىمەن، سىزگە بارلىقىمنى بېغىشلايمەن! — دېدىم.

بىلەمسىز، توي كېچىسى باشنى ياستۇققا قويماي تۇرۇپلا مەن ئۇنىڭغا بۇ ۋەدىلەرنى بېرىۋەتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بىچارىلارچە ھالىتى مېنى مۇشۇنداق سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ مېنى قاتتىق قۇچاقلىۋالدى. لېكىن لىۋىمدىن لەۋىنى تېزلا تارتىۋالدى. مەن ھەيران قالدىم، ئەجەپلەندىم. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىگە سەمىمىلىك بىلەن جاۋاب بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ئاخىرى ئۆز ئەندىشىلىرىنى ماڭا بىر - بىرلەپ سۆزلىدى: ئۇ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەشقىدە ياغاچ ئاتتىن سەكرەشتە قاتتىق تەككىتىپ تۆۋەن قورساق بوشلۇقى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنىكەن.

گۈلنار، مەن بۇ ئىشلارنى سىزگە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزمەن ھەم خالىمايمەن. شۇ ئاخشىمى بىز ئايرىم ياتتۇق. تاڭ ئاتقىچە ئوي ئويلاپ، ھەسرەت - نادامەت چېكىپ، ئۈنسىز يىغلاپ چىقتىم. ئۆزەمنىڭ شور پېشانە ئىكەنلىكىمگە، كاج تەقدىرىمگە ئۆكۈندۈم، ئېچىندىم...

مەن ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن بارمىغان دوختۇرخانا، تېۋىپ قالمىدى. بىراق نەتىجە چىقمىدى. بىز ئاياللار ئۆزىمىزنى ئاجىز دەيمىز، لېكىن ئۇ بىزدىنمۇ ئاجىز، ھەقىقەتەنمۇ بىر ئاجىز بەندە! بۇ، بىر ئەركەككە نىسبەتەن نېمە دېگەن چوڭ ئەلەم، ئازاب - ھە؟ مەن شۇ تاپتا ئۆزەم تاللاپ سۆيگەن يىگىتىمنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولۇمدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۇنى تاشلىۋېتىشكىمۇ، تاشلىۋەتمەسلىككىمۇ ھوقۇقلۇق، بىراق ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بار. شۇڭا، ھەممە دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ئازاب، ھەسرەتلىرىمنى ئىچىمدە بىلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمەن.

بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «گۈلنار، مەن ھەر قانداق ئىشىڭىزغا تەييار، سىز مېنى ھەر قانداق قارىسىڭىزمۇ مەن مىڭ مەرتىۋە رازى. لېكىن مەن سىزنى خارلىمايمەن. سىزگە ئازار بەرمەيمەن. مېنىڭ بىرلا تەلىپىم، مېنى ئۆمۈر بويى تاشلىۋەتمەڭ. ئەگەر مېنى تاشلىۋەتسىڭىز، بىر جاننى، يەنە كېلىپ سىزنى چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن بىر جاننى ئۆزىڭىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۆلتۈرگەن بولىسىز. بۇنى ھەر قانداق بىر ئىنسان، ھەتتا خۇدامۇ كەچۈرمىسە كېرەك. بىر ئاجىز كىشىنى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، ئۇنى ئىنسانىي ئابرويىدىن بەھرىمەن قىلىش ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، بىرەر ئايالغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق. سىز مېنىڭ نەزىرىمدە بىر زەھىمدىل، ۋاپادار ئايال. سىز مېنى ئالىي جاناب پەزىلىتىڭىز بەدىلىگە كىشىلىك ئورنىدىن بەھرىمەن قىلىشقا قادىرسىز. لېكىن بۇ يولسىز تەلەپنى قويۇشقا مېنىڭ ھەققىم يوق...» ئارقىدىن دىلشات مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلدى.

دوستۇم مۇرەببە، مەن بىر ئاجىزمەن، شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىر ئاجىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلار ھەققىدە خېلى كۆپ ئاڭلىغانىمەن. ئەمدى بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا كەلدى، ئۆزەمنى قۇربان قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزايمۇ ياكى ئۇنى قۇربان قىلىپ ئۆزەمنى قۇتقۇزايمۇ؟ قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ھېسسىيات بىلەن ۋىجدان، مۇھەببەت كەسكىن ئېلىشماقتا ئىدى.

ئاخىرى مەن ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقان يۈرىكىنى تىنجىتىشقا، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا، ئۇنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىغا ۋە ئابرويىغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىيىتىنى ئېچىۋەتمەسلىككە ۋەدە بەردىم. راستىمنى دېسەم، مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدىلا ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. بۇمۇ بىر تەقدىر، ئەلۋەتتە مەن بىر ئەۋلىيا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى نەدىن بىلەي؟

ئۆي تۇتقىنىمىزغا يەتتە يىل بولاي دەپ قالدى. بىز چاندۇرماي خۇددى باشقا كۆڭۈللۈك ئەر-خوتۇنلاردەك ياشاۋاتىمىز، كىشىلەر بىزنى بەختلىك، ئىناق، دەپ قارىشىدۇ.

سىز ۋە مەن، جەمئىيەتتىكى بارلىق ئائىلىلار ھاياتىدا ئۆز ئارزۇ ھەۋەسلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق! بۇ مېنى قاتتىق ئازابلايتتى، بۇ ھەقتە مەن كېچە-كېچىلەپ ئويلايمەن، يەنە ئويلايمەن، ئويلا-ئويلا بۇ چەكسىز ئازابلىق، ھەسرەتلىك خىياللىرىمنى ئاخىرىغا چىقىرالمايمەن. دوستلىرىمنىڭ ھازىر ئىككى-ئۈچتىن پەرزەنتلىرى بار، ئۇلار ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلماقتا. مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك يۈرىكىم ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ ۋە بۇ قىممەتلىك ھاياتتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن مەن بۇ بىچارە ھەمرىيىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە قېلىپ، دۇنيادا تەنھا قېلىشىدىن، نومۇس-ئاھانەتكە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇنداق ئويلارنى قىلماسلىققا تىرىشتىم، لەۋىمنى چىشلەپ ياشىدىم. بۇنداق كۆڭۈلسىز، مەنىسىز تۇرمۇشقا مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكىنىمنى ھېچكىمگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن.

بىر كۈنى مەن ئىشتىن قايتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدىم، ئۆي ئىچىدىن قېيىنئانامنىڭ: «سىز ئاتىمىزدىن تىكەندەك يالغۇز قالغان، ھازىرغىچە پەرزەنت يۈزىنى كۆرەلمىسىڭىز، كېيىن ئائىلىمىزنىڭ چىرىغىنى كىم ياندۇرىدۇ؟ گۈلنار غەيرەز ئۇقمايدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىڭ. ئەگەر تۇغماس بولسا، ئاجرىشىپ كېتىشىڭنىڭ تەلەپىنى قويۇڭ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىشىكتە قۇلىقىمنى چاپلاپ تىڭشىدىم. دىلشات نېمە دەركىن؟ ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

— ئانا، بىر ئالىي جاناب ئايالنى، يەنە كېلىپ مېنىڭ تەقدىرىمنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئايالنى مەن رەنجىتەلمەيمەن. ھەممە گۇناھ مەندە... ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتى مەن ئۈچۈن مەنىسىز ئۆتۈۋاتىدۇ...

شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن قېيىنئانامنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەسى، مۇئامىلىسى ئۆزگەردى. ئۇ، مېنى «تۇغماس» دەپ قارايتتى، كېيىنچە بۇ ئىشنى ئۆز ئاپامۇ سورىدى. ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بار چېغىدا

دەۋرە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلمىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى. ئەمدى گەپ ئۆزۈمنى تۇغماس دېمەكتىن باشقا چارە قالمىدى، مەن دىلشاتنى ئاقلىدىم، مېنىڭ ھاياتىم بىر تۈپ قاخشال دەرەخكە ئوخشايتتى. قاخشال دەرەختە نېمە ئۈمىد بولسۇن؟ ئۇنىڭ يا مېۋىسى، يا سايىسى بولمىسا، پەقەت قاغىلار قونۇپ قاقىلدايدۇ، خالاس!

دوستۇم مۇرەببە، مەن بۇ ئېچىنىشلىق، چىدىغۇسىز يۈرەك ئازابىمنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە، ھەتتا ئۆز ئاپامغىمۇ دېمىگەنىدىم. بىراق، سىز ئۆز بەختىڭىز توغرىسىدا، جاراھەتلىك يۈرىكىڭىزگە مېنىڭ تەسەللى بېرىشىمنى ئۈمىد قىلغانىكەنسىز، كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، مەندە تەسەللى بەرگىدەك ھېچنەرسە يوق. بۇ قىسمەتلىرىم سىزگە تەسەللى بولالامدۇ يوق، ياكى سىزنى تېخىمۇ ئازابلامدۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ھەر ھالدا مەن دېمەكچىمەنكى، سىز ھاياتىڭىزدا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختكە ئېرىشەلەيسىز، بىر - ئىككى پەرزەنتنىڭ ئاپىسى بولۇپ، ئانىلىق مېھرىڭىزنى بالىلىرىڭىزغا بېغىشلايسىز. تۈتۈنسىز ئۆي بولمىغىنىدەك، ماجراسىز ئۆيمۇ بولمايدۇ. سىز ماڭا قارىغاندا كۆپ بەختلىك! ئانچىكى كۆڭۈل ئاغرىقىنى تۈگىتىش تامامەن مۇمكىن. مەن سىزنىڭ بەختىڭىزنى قەدىرلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. خۇدايىمدىن قادىرغىمۇ ئىنساب بېرىپ، چىرايلىقچە يارىشىپ قېلىشىڭلارنى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭلارنى تىلەيمەن.

ھە، راست، سىز خېتىڭىزنىڭ ئاخىرىدا ئادىلغا خەت يېزىشىمنى دەپسىز. مەن ئادىلنى پەقەت سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىنلا ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەن. ئۆتكەن يىلى مېنىڭ بىر يۇرتدىشىم زەينۇرە كېسەل بولۇپ، بىزنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. مەن ئۇلارنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلىۋالدىم، ئۇنىڭ يولدىشى رەسىم جازىسىدىن ئىككىمىز چۈشكەن ھېلىقى رەسىمنى كۆرۈپ سىزنى تونىدى. مەنمۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى، دوستلىقىمىز توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلىدىم، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن: ‹سىز، مۇرەببە بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئادىل بولامسىز؟› - دەپ سورىدىم. ئۇ، دەسلەپتە بېشىنى لىڭشىتتى، ئارقىدىن ھودۇقۇپ: ‹ياق، ياق، ئۇ باشقا ئادىل بولسا كېرەك›، دەپ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى. بەلكىم ئايالى ئالدىدا بۇ سىرنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بولسا كېرەك. كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ، سىز ئىزدەۋاتقان، سىز ئۇنىڭدىن بەخت تىلەۋاتقان ئادىلنىڭ ئۆزى شۇ! ئۇلارنىڭ ھازىر بىر قىزى، بىر ئوغلى بارىكەن، بۇ قېتىم مەن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن چۈشكەن بىر پارچە رەسىمىنى ۋە ئادرېسىنى يېزىپ، مۇشۇ خېتىم بىلەن قوشۇپ سىزگە ئەۋەتتىم.

خەير خوش،

بەختسىز دوستىڭىز گۈلنار

«10 - ئۆكتەبىر.»

شىرىن قۇربان

# ھاياتىمدىكى بۆگۈن مەن

( ھېكايە )

كۈندىلىك ھاياتىمدا بولغان ئىشلارنى كۈندە يېزىپ قالدۇرۇش — مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىم ئىدى. بۇنى مەن مەرھۇم دادامدىن ئۆگەنگەنىدىم. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ، بۇ ئادەتنى بوۋامدىن ئۆگەنگەنكەن. قارىغاندا، كۈندىلىك ئىشلارنى كۈندىلىك خاتىرىلەپ مېڭىش، مېنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئائىلىمىزنىڭمۇ ئەنئەنىسىدەك قىلىدۇ. رەھمەتلىك دادامنىڭ: «كۈندىلىك ئىشلار خاتىرىسى — ھاياتىڭنىڭ ئەينىكى، ئۇنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ھەرقانداق ئەھۋالدا زىنھار توختاتما. لېكىن ئۇنىڭدا ياسالمىلىق بولمىسۇن» دېگەن نەسىھىتى بويىچە مەن كۈندىلىك ھاياتىمدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن يازاتتىم. مەن ھەمىشە: «ئەگەر مېنىڭ كۈندىلىك ئىشلار خاتىرەم كۈندىلىك ئىشلىرىمنىڭ ئەينىسى بولماي، ئۇنىڭ ئەكسى بولۇپ قالسا، ناۋادا باللىرىمدىن بىرەرسى كەلگۈسىدە ئائىلىمىزنىڭ تەزكىرىسىنى يازسا، ئۇ، ساختا تەزكىرە بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلايتتىم. شۇ سەۋەبلىك، مەن كۈندىلىك ھاياتىمدىكى ئىشلارنى بەكمۇ ئەينەن يېزىشقا تىرىشاتتىم.

ئەمما، بۆگۈن ئەھۋال نورمال بولماي قالدى. مەن «كۈندىلىك ئىشلار خاتىرىسى»نى ئېلىپ، ئادىتىم بويىچە، «ھاياتىمدىكى بۆگۈن مەن» دېگەن تېمىنى كۆركەم قىلىپ يازدىم — يۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەرنى يېزىشنى، قانداق يېزىشنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم. پىسخولوگىيىلىك تەسىر كۈچىنىڭ كارامىتىدىن بولسا كېرەك، ھاياتىمدىكى بۆگۈنكى ئىشلار، بولۇپمۇ ھېلىراق ئادىل شۇجى ۋە ئايالى بىلەن ئويلىمىغان يەردە دوقۇرۇشۇپ قېلىشىمىز تەپەككۇرۇمنى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مەن قەلەمنى خاتىرە ئۈستىگە قويۇپ، دىۋانغا يۆلەنگىنىمچە، كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. چىرماش ۋە تەرتىپسىز ئويلار ئارىسىدا، دادامنىڭ نەسىھەتلىرى ۋە ئۆزەمنىڭ خاتىرە يېزىش ئەنئەنەمنى تەپەككۇرۇمدىن ئۆتكۈزدۈم. كۈندىلىك ئىشلار خاتىرەمنىڭ چېنىلىقىغا نۇقسان يەتمىسۇن ئۈچۈن، ئاخىرىدا مەن بۆگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەينەن يېزىش قارارىغا كەلدىم...

### يىغىندا

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەجلىسخانىسىدا پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋالى ۋە ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىغا ئاساسەن، يىغىن ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىرئەلىنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدى ھەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى،

تەپتىش مەھكىمىسى ۋە مۇئاسىۋەتلىك ئورۇن-
لاردىن ئەركىن تاپقان بەش كىشىلىك تەك-
شۈرۈش گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلدى.

مەن ئاھىيىلىك پارتكومنىڭ دا-
ئىمىي ھەيئىتى ۋە ئاھىيىنىڭ
ھاكىمى بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئىشقا جىد-
دىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇشۇم كېر-
ەك، ئەلۋەتتە. قائىدە بويىچە، بۇ ئىشنىڭ
باش - ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاندىن بىر
نېمە دېيىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن ئۇن-
داقمۇ قىلماي، نېمە ئۈچۈندۇر يىغىننىڭ قا-
رارىغا تېزلا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەردىم. پۈ-
تۈن ئورگاندىكى قاندىقتۇ بىر خىل غەي-
رى سېزىم بارا - بارا ئۆزىنى كۆرسەتكىلى
تۇرغاندەك قىلاتتى. راستىنى ئېيتسام، بۇ-
گۈنكى يىغىندا شىر ئەلىنىڭ نامى چىقىشى
بىلەن تەڭلا، بەدىنىمگە پىر خىل تىترەك
ئولاشقاندەك قىلغانىدى. چۈنكى شىر ئەلى
بىلەن قەدىناسلاردىن بولۇپ كەتكەنىدۇق.
ئۆيىمىزنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىغا شىر ئە-
لى ئارىلىشىپ تۇراتتى. ئۆي ئىسىتلىرىدىن
تورغۇنىنى شىر ئەلى بىۋاستە ياكى ۋاستى-
لىق ئېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئەتكەسچىلىك، خى-
يانەتچىلىك، پارىخورلۇق يولىغا ماڭغانلى-
قىنى مەن خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. قا-
رىغاندا، ئۇ مېنى «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»
قىلىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلار-
نى قىلغاندەك قىلىدۇ. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە
كەلگەندە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ۋەھىمە قاپلاپ
كەتتى.

### ئۆيدە

مەن ئىشتىن چۈشۈپ، كۈندىكىدەك
ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن پاراڭ-
لىشىپ، خېلى ئۇزاقتا ئۆيگە قايتتىم.

غان ئادىتىمنى بۇزۇپ، گويا بىر جىددىي
ئىش مېنى ئالدىراتقاندەك ئۇدۇل ئۆي-
گە كەلدىم. كەيپىياتىمنىڭ نورمالسىزلىقى
چىرايىمدا ئەكس ئەتكەن بولسا كېرەك، ئا-
يالىم مەن ئىشىكتىن كىرىش بىلەن تەڭلا
نېمە بولغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئادەتتە
تالادا بولغان ئىشلارنى ئۆيدىكىلەرگە
دېمەيتتىم. شۇڭا، ئايالىمنىڭ سوئالى-
غا «ھېچنېمە بولمىدى» دەپلا جاۋاب بەردىم.

- چارچاپ كەتكەندەك قىلىسەن؟ مەن
ساڭا قەھۋە دەملەپ بېرەي.

- قەھۋە؟

- ھەئە، شىر ئەلى قىزىدىن بىرگە ئاز-
راق قەھۋە ئەۋەتىپتۇ.

شىر ئەلىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ-
لا، بەدىنىم جىغغىدە قىلىپ تىترىدى.

- ئۇ بىرگە يەنە ئۆتكەندە بىز دېگەن
ھېلىقى ئادىل شۇجىلار ئالغان يېڭىچە كىملە-
دىنمۇ بىرنى ئېلىپ كەپتۇ - ئايالىم بۇگەپ-
نى قىلغاندا، چېھرىدىن باشقىچە مەمنۇنلۇق
ۋە شادىيانىلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

- گۈلزار، - دېدىم مەن بىر تال تاماكا
تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، - بىز شىر ئەلىلەر-
گە چېتىلىپ قالمايلى يەنە.

- چېتىلىشلىق نېمە بوپتۇ؟

- ئۇ ئەتكەسچىلىك، پارىخورلۇق، خى-
يانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ.

- كىم شۇنداق دەيدۇ؟

- بۈگۈن پارتكوم يىغىنى شىر ئەلىنىڭ
خىزمىتىنى توختىتىپ، مەسىلىسىنى ئومۇم-
يۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىشنى قارار قىلدى.
بۇ، مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيۈمدە پارت-
كوم يىغىنى روھىنى ئاشكارىلىشىم ئىدى.

- سەنمۇ قارارغا قوشۇلدۇڭمۇ، ئۇنىڭ
ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى قىلمىدىڭمۇ؟

— قارىغاندا، ئىش خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر مەن ئۇ يەردە بىرەر ئېغىز باشقىچە گەپ قىلسا ملا، چاندۇرغىدەكمەن.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەگەر ئۇ بۇنى ئاڭلىسا، سەندىن رەنجىپ قالمامدۇ؟

— رەنجىشىنىڭغۇ كارايىتى چاغلىق، بىزنىمۇ سۆرەمدەك سۆرەپ كەتمىسۇن.

— ئۇ بىزگە ئاتىدىنمۇ ئۆتەر ياخشىلىق قىلدى، ئەجەپ كېلىشمەسلىك بوپتۇ. ئايالىمنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر خىل ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— قارىغاندا، — دېدىم مەن يەنە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، — ئۇ بىزگە ياخشىلىق قىلغان بولۇپ، بىزنىڭ قوغدىشىمىزغا ئېرىشىپ، ئاندىن ئەسكىلىكلەرنى قىلماقچى بولغاندەك قىلىدۇ. بىز پەقەت ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىق تەرىپىنىلا كۆرۈپ، بۇ ياخشىلىق چۈمپەردىسى ئىچىدە قىلغان ئەسكىلىكلەرنى كۆرمەپتۇق.

— ھەي، بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى بۇ قېتىم ئۆتكەلدىن ساق ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

— نېمە ئامال بار دەيسەن؟

— مەن دەيمەن، — دېدى گۈلزار تۆۋەن لىۋىنى چىشلەپ، گويا بىر مەسىلە ئۈستىدە جىددىي تەپەككۇر قىلىۋاتقاندەك، — بىز كەچتە ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇپ، شىرئەلىنىڭكىگە بارايلى. شۇنداق بولغاندا، بۈگۈنكى يىغىننىڭ قارارىنى ئەتىگىچە ھەرقاچان ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ يىغىننىڭ قارارىنى ئۇققاندا، ھاكىم بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەن، بولمىسا ئاخشام جەزمەن ئازراق بولسىمۇ ماڭا سىر بېرەر ئىدى، دەپ پەملەيدۇ-دە، چوقۇم سىېنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ-نىڭ بىلەن كېلىشىپ بىر نېمە دېمەمسەن؟

— ھېلى قارار قىلىپ، ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام، خالايىق نېمە دەپ چۈشىنىدۇ؟

— خالايىققا چاندۇرمايراق ئىش قىلساق بولىدىغۇ؟

— قانداقسىگە؟

— ئاۋال كىنوغا بارىمىز، كىنودىن كېيىن، مال بازىرى ئارقىلىق كەينى كوچىغا چىقساق، دەل ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. ئارقىمىزدىن پايلاقچى بولمىغاندىكەن، قاراڭغۇدا كىم بىزنى كۆرەتتى؟

گۈلزارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كۆرسەتمىلىرى گەرچە بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن باشقىچە ئامالىمۇ يوقتەك قىلاتتى.

## كىنوخانىدا

كەچلىك غىزادىن كېيىن، ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن كىنوغا باردۇق.

— ھاكىم ياخشىمۇسىز!

— خانىم بىلەن بىرگە كەپسىز، مانا ماۋۇ ياخشى ئورۇننىڭ ئىككى بېلىتى.

— قېنى كىرەيلى، كىنو باشلىنىشقا بەش مىنۇت قالدى.

بىز كىنوخانىغا كىرىپ، ئورنىمىزغا كەلدۇق؛ تاسادىپى توغرا كەلگەن بولسا كېرەك، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ئادىل بىلەن ئايالى دەل بىز ئولتۇرغان رەتتە ئولتۇرۇپ بولغانىكەن. بىز ئۆزئارا ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن كىنو باشلاندى...

كىنو ئاياغلىشىپ، كىشىلەر تارقىلىشقا باشلىدى...

ئادىل شۇجى ئىككىمىز تاماكا چەككەچ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. گۈلزار بىلەن شەمشاد (ئادىل شۇجىنىڭ ئايالى) مۇ چىرايلىق مۇڭداشماقتا ئىدى:

— توڭلاتقۇ ئالغانسىلەر؟

— نەدىكىنى دەيسىز، — دېدى شەمشاد بىر ئۇھ تارتىپ، — ھازىر توڭلاتقۇ بەك قىس ئىكەن، بىرسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پامىر» نى تېپىپ بېرىمەن دەيدۇ، تېخى تاپىنى يوق.

— بىزمۇ تېخى ئالالمىدۇق، بۇ ھاكىم يا... — دېدى گۈلزار دەرھال سۆز قىستۇرۇپ.

— خەير - خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار، — دېيىشتى ئادىل بىلەن ئايالى ئۇخلاش تەلەپپۇزدا.

— دېگىنىڭلاردەك بولغاي، سىلەرمۇ ياخشى چۈش كۆرۈڭلار، — دېدۇق بىزمۇ ئۇخلاش ئاھاڭىدا.

## شىر ئەلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا

ئادىل شۇجىلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىز ئاۋۋال ئۆيىمىز بار تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، ئالاھىزەل 200 مېتىر ماڭغاندىن كېيىن، شارتلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئۆيدىكى مەسلىھەتىمىز بويىچە مال بازىرى كوچىسى بىلەن ماڭدۇق.

غەلىتە ئىش، بۇ مۇقەررەرلىكمۇ ياكى تاسادىپىيلىقمۇ؟ دەل بىز شىر ئەلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا، ئۇدۇل تەرەپتىن ئىككى قاراڭغۇدا چىقتى. ئارىلىقىمىز تەخمىنەن ئون نەچچە مېتىر قالغاندا، مەن پىرژىدكىتىرنىيانى دۇرۇپ ئۇلارغا توغرىلىدىم: بايا تەن تېخى كىنوخادا ئالدىدا بىز بىلەن خوشلاشقان ئادىل شۇجى بىر قولى بىلەن كۆزىنى توسۇپ، بىر قولى بىلەن پىرژىدكىتىرنى بىزگە توغرىلاۋاتاتتى. ئايالى شەمشاد ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرغانىدى. مېنىڭ گۈلزارىم بولسا، بىر قولىنى قولتۇقۇمغا ئۆتكۈزۈپ، بىلىگىمدىن تۇتقانىدى. ھېلىمۇ تەلەيلىك ھاكىمۋە شۇجى ئىكەنمىز، بولمىسا بىر ئوپىراتورمۇ شۇ كۆرۈنۈشنى ئالغان بولسا، ئۇ ئەڭ يېڭى كومېدىيىلىك ئىجادىيەتكە ئېرىشكەن بولاتتى. پىرژىدكىتىرلار گويا بىر خىل كوماندا بۇيرۇقىغا بويسۇنغاندەك تەڭلا ئۆچۈپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ قاراڭغۇدا ئۆز ئورۇنلىرىمىزدا مىدىر - سىدىرسىز تۇرۇپ قالدۇق. بىپايان ئاسماندا يۇلتۇزلار گويا بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، ھەدەپ ئۆزئارا كۆز قىسىشىپ تۇراتتى. بۇ خىجىللىقمۇ، رەسۋاچىلىقمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ گۈلزار رېژىسسورلۇق قىلغان بۇ بىر مەيدان ئويۇن تىراگېدىيە بىلەن ئاياقلاشتى. قارىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ ئويۇنىمۇ بىز بىلەن ئوخشاشتەك قىلىدۇ. مەن گۈلزارنىڭ قولىنى قاتتىق بىر سىلكىۋەتتىم - دە، كەلگەن يول بىلەن ئارقامغا قايتىپ كەتتىم...

ئاتىكەم زەمىرى

# ئاق ئۆيدىكى كۆلكە

(ھېكايە)



ئاتىكەم زەمىرى 1943 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تاجىك زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، سەنئەت ئۆمىكىدە رېژىسسور بولغان. 1962 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرغىچە بىر قىسىم شېئىر، ھېكايە، ئەدەبىي - ئىلمىي ماقالە ۋە كىنو سىنارىيەسىنى يازغان. ئۇنىڭ 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، توققۇز پارچە ھېكايىسى، 28 پارچە ئۇسسۇل، مۇزىكا، دراما ھەققىدىكى ئوبزور ماقالىسى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. تاجىك يازغۇچى، شائىرلارنىڭ «خوش ئامەدى»، «پامىر ھېكايىلىرى» قاتارلىق شېئىر ۋە ھېكايە توپلاملىرىنى تەشكىللەپ، تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان. «پۇل دېگەن بەرسە» كىنو فىلىمىدە باش رول ئېلىپ چىقىپ، 1 - دەرىجىلىك ئارتىست مۇكاپاتىغا، «مىللىي ئۇسسۇلنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسى 1986 - يىلى مەملىكەتلىك ئۇسسۇل تەتقىقات يىغىنىدا شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئاتىكەم زەمىرى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى.

7 - ئاي، پامىردىكى يايلاقلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋاقىتلىرى. بىز ئىللىق سۇ يايلىقىنىڭ كىچىك جىرا سۈيى ئەتراپىدىكى قاتار كەتكەن ئاق ئۆيلەر ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئامازدىگەر ۋاقتى بولغانىدى. كەچكى شەپەق شوخ ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى ئۈستىدە جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. سۇ بويىغىراق تىكىلگەن ئاق ئۆيلەر ئاپئاق ئېچىلغان پاختا غوزىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئاق ئۆيلەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى كىچىككىرەك مەيدانغا يېقىن ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلىشقان، نەي، داپ ئاۋازلىرى ئەۋجىگە چىققان، ئۇسسۇل خۇمارلار بەس - بەس بىلەن ئۇسسۇل ئويناشۋاتاتتى. كىشىلەر ئويۇن - تاماشىغا شۇنچە بېرىلگەنىكى، ماشىنىدىن چۈشكىنىمىزدە ئەگەر ھوشيار چارۋىچى ئىتلىرى ئېتىلىپ قاۋاپ كەلمىگەن بولسا، ھېچكىممۇ كەلگىنىمىزنى بىلمەي قالاتتى.

— قەندەۋ ئاكىنىڭ قىزىنىڭ توپى بو-

لۇۋاتىدۇ، ــ دېدى مېنى باشلاپ كەلگەن يېزا
باشلىقى رۇستەمبېك.

ــ ئاھايىتى ياخشى، توي كۆرۈنۈشـ
لىرىدىن بىرىنى قىسقىچە سۈرەت
تارتىۋالاي، ــ دېدىم ئالدىراپ.

بىز ئاق ئۆيگە ئالدىغا كەلگەندە، قىندەۋ
ئاكىنىڭ قىزىنى قوشنا يىلاقتىكى يىگىتـ
نىڭ ئۆيىگە ئۇزۇتۇشقا توغرا كەلگەن بولۇپ،
قىزنى ئاتتىكى يىگىتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشـ
تۈرۈۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇق. موما يـ
لار لېكىن ئاق ئۇن ئېلىپ چىقىپ، قىز ـ يىـ
گىتنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە ئۇن سېپىپ ئاق يول
تىلەۋاتاتتى. ئاتلىرىغا مىنىشىپ قىز ـ يىـ
گىتنى ئۇزىتۇرىغا ئالغان قىز ـ يىگىت قولـ
داشلىرى ۋە بىر قانچە پېشقەدەملەر داپ،
نەي ساداسى ئىچىدە يولغا راۋان بولۇشتى.
قەيقالغان ئايالار داپلىرىنى بولۇشىغا
چېلىپ تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى دۆڭنىڭ ئۇ
تەرىپىدە كۆزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر،
داپ، نەي ئاۋازىنى ياڭرىتىپ ئۇسسۇل ئو-
ينىدى. بۇ جەرياندىكى كۆرۈنۈشلەر نا ـ
ھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ھارغىنىمغا قا ـ
رىماي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاپپاراتىمنى توخـ
تاۋسىز ئىشقا سالدىم. بۇ سۈرەتلەر مەن
تارتقان سۈرەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ چىرايـ
لىقلىرى بولسا كېرەك.

ــ يولداش مۇخبىر، سىز زىيارەت قىـ
لىشقا كەلگەن قەندەۋ دېگەن يېگىندىن باي
بولغان چارۋىچى مۇشۇ كىشى بولىدۇ، ــ دېدى
رۇستەمبېك ماڭا قاراپ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەندەۋ ئاكا،
ياخشىمۇسىز؟ ــ ئىككى قولۇمنى قەندەۋ ئاكىـ
غا ئۇزاتتىم.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇخبىر ياخشىـ
مۇسىز؟ ــ ئۇ قوللىرىنى ماڭا ئۇزاتتى. دېمەك،
مېنىڭ كېلىشىمدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىـ
كەندە. ئالدىمدا قارا سوكنودىن شىمچاپان
كەيگەن، يېپ ـ يېڭى تاجىكچە تۇماقنى بىر
تەرەپكىرەك قىستۇرۇپ كېيىۋالغان، يارىشىمـ
لىق بۇرۇت قويغان، ئېگىز بوي، يۈزى يۇ-
مىلاق، كۆزلىرىدىن شەمىمىيلىك ۋە چېچەنلىك
چىقىپ تۇرىدىغان، پۇتىغا يوغان، ئەمما
چىرايلىق تىكىلگەن قىسىپ قىزىل چورۇقىنى
قونجىنى قايرىپ كېيگەن، چورۇق ئىچىدىكى
رەڭلىك ژۇڭ يېپتىن توقۇلغان جۇراپ① نىڭ
پوپۇكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان 45 ـ 48 ياشـ
لار قارىسىنى ئالغان بىر ئادەم تۇراتتى. بىز
كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن،
قەندەۋ ئاكا بىزنى ئۆيىگە باشلىدى.

مەن ئاق ئۆيگە كىرىپ ھەيران قالدىم.
توۋا، نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن؟ بىر چىرايـ
لىق مەنزىرە. بىز ئاق ئۆيدىكى تۆردىن ئو-
رۇن ئېلىپ، «خۇش ئامەدى»، «بارىكاللا»ـ
دىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى مەزە راسلاپ چاي
كەلتۈرگىچە ياشلار يەنە داپ، نەي، ئۇسسۇلـ
نى باشلىۋەتتى. مەن ئاق ئۆي ئىچىدىكى
سەرەمجانلارغا سەپ سېلىپ چىقتىم. مانا ئۆيـ
نىڭ تورۇسى بىلەن تەڭ يېغىپ قويۇلغان
دۇخاۋا، ئەتلەس ۋە ئېسىل تاۋارلاردىن تىـ
كىلگەن يوتقان ـ كۆرپىلەر، يەرگە سېلىنغان
ھەر خىل نۇسخىدىكى ئېسىل گىلەملەر كۆزنى
قاماشتۇراتتى. ئۆيگە توپلىشىپ داپ چېلىپ،
ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەر ـ ئايال ياشلارـ
نىڭ ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلىرى، قىز ـ چو-
كانلارنىڭ چاچ تەڭگە ۋە سىل سىلا② لىرىـ
نىڭ جاراڭلاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بۈگۈنكى
بەختىيار ھاياتنى نامايەن قىلىۋاتاتتى.

ــ يولدىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلدىڭىز،

① يۇڭ پايپاق
② ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ نامى

بىر پىيالە ئىسسىققىنا چاي ئىچەيلى.

قەندەۋ ئاكىنىڭ سۆزى ئالدىمغا داستىخان سېلىنىپ، چاي كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بەردى. ئەندىلا ئوچاقتىن قومۇرۇلغان پېتىر ناننىڭ مېزىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلدى. پىيالىدىكى قايماق چاي ئۈستىدە سېرىق ماي. بىز تېخى چاينى ئىچىپ بولا - بولماي، ئاق ئۆينىڭ مەلەگز ئىشىكىنى قايرىپ قەندەۋ ئاكا بىر ئېرىك پاخلاننى يېتىلەپ كىردى. ئىككى چىشلىق ئېرىك پاخلاننىڭ سېمىزلىكىدىن قۇيرۇقى يەرگە تېگەي دەپ قالغانىدى.

— قېنى ئۇكام پاتىمە بېرىڭ، قوينى سويۇشقا، — دېدى ئۇ.

— ياق بولدى، ئاۋارە بولماڭ، بۇنچىلا كايىمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەن سىز بىلەن ياخشى پاراڭلىشىپ سىز توغرۇلۇق يازىدىغان ئوچېرىكىمگە ماتېرىيال تېپىۋالساملا ئون قوي يېگەنگە تەڭ بولىدۇ، — دېدىم ئالدىراپ.

— ياقا، كەپىنمۇ قىلىشىمىز، سىز بىلىسىز بىز تاجىكلاردا بىر كېچە قونغان مېھمانغا قوي سويۇش ئەلمىساقتىن قالغان ئادەت ئەمەسمۇ؟ ئارتۇق گەپ ھاجەتسىز، ئۇكا، پاتىمە بېرىڭ!

مەن، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان ئىلتىپاتىنى يەردە قويالمايمەن دە، پاتىمە بەردىم.

ھەش - پەش دېگىچە قولمۇ-قول قوي سويۇلۇپ، چوڭ قازانغا سېلىنىپ، ئاق ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاققا ئېسىلدى. ئوچاقتا پاراسلاپ ئوتتۇن كۆيۈۋاتىدۇ، قازاندا گۆش پىشىۋاتىدۇ. تېخى ئۇسسۇل ئويناپ قانمىغان ياشلار يەنە ئۇسسۇلغا چۈشتى. مەن ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتىمەن: «تەيغۇن»، «پانا ماك»، «قىزىل ياغلىق» ناخشىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئورۇنلانماقتا. قەندەۋ ئاكىنىڭ ئايالى تاجىك قائىدىسى بويىچە ئارقامغا بىر يوتقاننى قاتلاپ يۆلەپ، ئۈستىگە ياستۇق قويدى. مەن ئەمدىلا ياستۇققا يۆلىنىشىمگە، «مۇخبىر ئاكا، ئۇسسۇل ئوينىمامسىز؟» دەپ بىر ياش بالا مېنى ئۇسسۇلغا تارتتى. مەن ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا:

— ئەلۋەتتە، ئوينايمەن، — دېدىم ۋە دەس تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتۈم. نەي شوخ ئۇسسۇل پەدىسى سۇبھەنگە يۆتكەلدى. مەن بالا بىلەن تاكى نەي ئاۋازى باشقا پەدىگە يۆتكەلگىچە ئۇسسۇل ئويناپ، قەندەۋ ئاكام بىلەن رۇستەمبېكنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم.

بۇلارمۇ ئاران تۇرۇشقانىكەن، چاپسۇر پەدىسىگە لەرزان دەسسەشكە باشلىدى. ناخشا - ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى. شابۇ - شاباش ئارىلاش كۈلكە سادالىرى ئاق ئۆينى قاپلىدى. مەن خۇشاللىق ئىلكىدە مەس بولۇپ، ئولتۇرۇپ خىيالىم بۇندىن 20 يىل مۇقەددەم دەل مۇشۇ يايلاقتا بولغان بىر ئىشقا ئۇچۇپ كەتتى...

كەچكۈز ئايلىرى.

مەن ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ۋاقتىم بولۇپ، مېنى داپتار يېزىسىنىڭ راسكام كەنتىگە «ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن ۋە يەنە بىر كادىر ئىككىمىز ئاتلىق ناھىيىدىن يولغا چىقتۇق. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، نامازدىگەر ۋاقتىدا دەل مۇشۇ ئېلىغ سۇ يايلىقىغا يېتىپ كەلدۇق. راسكامغا بارىدىغان ھەرقانداق ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ قونۇپ، بۇ يەردە ئاتلارنى قويۇپ، قوتازغا مىنىپ راسكام-

غا ماتاتتى. يىراقتىن ئاق ئۆيلەرنىڭ قارىسى ئەمدىلا كۆرۈنگەندە، ئالدىمىزدا بوزلاپ كېلىۋاتقان تۆگە ئاۋازى بىزنى ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. چۈنكى ئاتلار ھۈركۈپ ئۇيان - بۇيانغا تاشلىناتتى. بىز ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا، دۆڭدىن ئاجايىپ بىر مەنزىرە كۆرۈندى:

قىزىل يوپۇق يېپىلغان بىر ھىنگان تۆگە ئۈستىگە تاختىردىۋان چېتىك تېكىلگان، تاختىردىۋاندا مېيىت ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە كونىراق يوپۇق يېپىلغان. تۆگىنى بىر يىگىت يېتىلىگەن بولۇپ، ئۇ كونىراپ كەتكەن تاجىكچە تۇماق ئۈستىگە كۆك سەللە ئورىۋالغان، بېلىگىمۇ كۆك بەلباغ چېگىۋالغانىدى. بۇ 25 - 26 ياشلاردىكى ياش يىگىت بولۇپ، قاتتىق مۇسىبەت ئىچىدە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېلىۋاتاتتى. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالدىمىزغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كۆرۈشتۇق، چوڭلار مېيىتنى يايلاقتىن كەنتكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. كىچىك بالىلارنى مىڭ بىر تەسەللى بىلەن بەزلەپ ئارقىغا قايتۇردۇق. ئۈستىگە مېيىت ئارتىلغان تۆگە ئۈزمەي بوزلايتتى. ئۇنىڭ بوتىلىقى يايلاقتا قالدۇرۇلغانىدى. تاجىكلارنىڭ ئادىتى بويىچە، يايلاقتا قازا قىلغان ئادەمنى تۆگىگە ئارتىپ ھىنگان بوتىلىقىنى يايلاقتا قالدۇرۇپ، يول بويى تۆگە بوزلاپ، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار يىغلاپ مېڭىپ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە ئىچىدە مېيىت كەنتكە ئېلىپ كېلىنىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەرلىكىدە قويۇلاتتى. تۆگىنىڭ بوزلىشى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى، بۇنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىپ يىغلىماي قالمايتتى.

بىز ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ ئاق ئۆيگە كەلگەندە، ئاق ئۆي ئىچىدە بىر توپ ئاياللار قوشاق قوشۇپ يىغلاۋاتاتتى. بىز ئۆيگە كىرىپ ئۇلارغا تەسەللى بەردۇق. ئاق ئۆي ئىچىنى غۇربەتچىلىك، نامراتلىق قاپلاپ تۇراتتى. يەرگە يىرتىق كىگىز ۋە يىرتىق پالاسلار سېلىنغان، بىر قانچە كونا يوتقان - كۆرپىلەر، ئەسكى قۇراق تەكىيلەر يىغىپ قويۇلغان، ئوچاقتا تېزەكنىڭ ئىسى چىقىپ تۇراتتى. تاغدا يازنىڭ شاماللىمۇ گاھىدا! جانىدىن ئۆتىدۇ. ھازىر كەچكۈز، ھېلىقى بىر توپ بالىلار سوغۇقنىڭ دەستىدىنمۇ ياكى ئاتىسىدىن ئايرىلىشنىڭ دەردىدىنمۇ ئۆزىنى ئاق ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا ئېلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. لېكىن بۇ ئاق ئۆيدە شامالغا دالدا بولغىدەك يەرمۇ يوق ئىدى. بىچارە بالىلار مانا مۇشۇ يەردە ياشايدۇ. ئۇلار ئوڭدا ياتسا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانايدۇ، يېنىچە ياتسا تىك تاغ قىيالىرىنى كۆرىدۇ. مانا بۇ، يوقسۇزلۇق ئىدى. يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق بولغىنىدەك، ئايرىلىشمۇ بىر دەھشەتلىك ئىش. ئاتىسىدىن ئايرىلغان بالىلارنىڭ كۈنى قانداق بولىدۇ؟ بىچارە ئانا بىر تەرەپتىن مەرھۇم ئېرىنىڭ دەردىدە پۇچۇلۇنۇپ يىغلىسا، بىر دەمدىلا بالىلارنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدىكى قىسقا - قىسقا خىياللار ئۇنى ئېلىكىگە ئالغانىدەك ئەندىكىپ - ئەندىكىپ يىغلايتتى. بۈگۈن كەچ كىرگەچكە بىز شۇ يەردە يېتىپ قالدۇق. نېمىلا بولمىسۇن، قوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىزگە ئورۇن تەييارلاندى. بىز پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ ئائىلىنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلىدۇق:

بۇ يەر داۋان تۈۋى بولغىنى ئۈچۈن، مەھەللىدىن ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا،

بىر كۈنى ئۆيدە يېگىنى ھېچنەرسە قالماپتۇ.
قەندەۋنىڭ ئاتىسى قىل مەمەت كەتكەباراي
دېسە، چارۋىلارنى يىلۋىز، بۆرىنىڭ يېيىشى-
دىن ئەنسىرەپتۇ. كەتمەي دېسە، ئۆيدە ئالتە
بالا «نان، ياكىجان» دەپ يىغلاپتۇ. بىر كۈن،
ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. قىل مەمەت ھېچ ئىلا-
جىنى قىلالماپتۇ. بالىلارنىڭ رەڭگى سارغى-
يىپ ئالدى بىلەن يېشى كىچىكلىرى، ئاندىن
چوڭلىرى ئاچلىقتىن يېتىپ قاپتۇ. بۇ ئە-
لەمگە چىدىمىغان قىل مەمەت تەۋەككۈل
قىلىپ كوللېكتىپنىڭ قويىدىن بىرنى ئۆل-
تۈرۈپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ بالىلىرىنى قۇت-
قۇزۇپ قاپتۇ.

— شۇ كەملەردە، بۇنداق خەۋەرلەر بىردەم-
دېلا قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ بارىدى-
غان يېرىگە بېرىپ بولاتتى. خەۋەرچى قارا-
قاغىلار ئۈچۈن بۇ يېڭى بىر دەستەك ئىدى.
كەنت ئىچىدە مۆمىن، يۇۋاش، ئىتائەتمەن
دەپ ئاتالغان قىل مەمەتكە دەرھال «ئوغرى»،
«بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كەيدۈرۈلدى - دە،
كۈدە - كۆرپىسىنى يۇغۇشتۇرۇپ كەتتە
پەن، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىل-
دى. ئۇ كۈندۈزى قوش كالا ئىزىدا سۆرەم
سۆرىسە، كەچتە «كىچىك - گەزىمەت» لەرنىڭ
تاياق - توقمىقى باش ئۈستىدە چۆكىلىدى.
دۇنيادا بىراۋنى ئوغرى دېگەنىدىمۇ ئۇسال
ئاھانەت يوقتۇ؟ بىرەر ئىتنى ئوغرى دېسە
قۇيرۇقىنى قىسىپ نېرى كېتىدۇ، ئادەمچۇ؟
ئادەمنى چوڭىمۇ، كىچىكىمۇ ئوغرى، بۇزۇق-
ئۇنسۇر دېسە، بۇنى كۆتەرگۈدەك خېلى زور چىدام
بولۇش كېرەكتە. لېكىن قىل مەمەتتە بۇن-
داق زور چىدام يوق ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن
ھالال مېھنەت بىلەن كۈن كۆچۈرەتتى. بىراۋ
چوڭراق ۋارقىرىسىمۇ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ
كەتكىدەك غال - غال تىترەيدىغان، ئۆز

ئۆمرىدە ھېچ ئىنسانىنىڭ ھەققىگە قارا سانى-
مىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ ئارتۇقچە زادىلا
چىدىيالمىدى. بىر قانچە قېتىم ئېسىلىپ
ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى. لېكىن ھەر قېتىم
ئارغامچىنى تۇتقاندا، چۆچۈر سىدەك بالىلىرى
كۆز ئالدىدا كېلەتتى. لېكىن ئۇ يا-
لاققا چۈپ توشۇشقا كەلتۈرۈلۈپ 10 نەچچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرى ئېگىز قى-
يادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

مانا بۇ تەقدىرنى ئىلاھىم ياراتقانمۇ،
ياكى بەندىلەرمۇ؟ بۇنى كىم بىلسۇن. قىل
مەمەت ئۆلۈپ بىر كۈن كېيىنلا ناھى-
يىدىن ئۇنىڭغا قالپاق كەيگۈزۈشكە بولماي-
دىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى.
ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھېلىقى «نوچىلار»
قۇيرۇقلىرىنى يەنشتۇرۇش كويىدا، ئىككى
كۈنگىچە مېيىتقا ئادەم يولاتماي، بۇ «نەق
ئەكسىل ئىنقىلابچى»، «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېدى
نەپرەتلەنگەن بولسا، كېيىن ئادەم ئۆلۈشكە
سەۋەبچى بولغان دېگەن گەپتىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن «جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالدى»،
«سىناققا بەرداشلىق بېرەلمىدى» دېگەن-
لەرنى توقۇپ چىقتى...

«ئەبىشقا ئەغاچو»① ئويۇنىنى ئوينا-
ۋاتقانلارنىڭ قاتتىق كۈلكىسى
ۋە ماشىنىنىڭ سوزۇپ سىگنال بېرىشى بىلەن
خىيال يەپلىرىدىن ئۈزۈلدى.

— ئوغلۇم رەجەپ كەلدى، - دەپ قەندەۋ
تالاغا چىقتى. تېخى ئۇسسۇلدىن توختىمىغان
ياشلاردىن بىر قانچىسىمۇ ماشىنا تەرەپكە
يۈگرەشتى. ماشىنا ئاق ئۆينىڭ يېنىدىلا
توختىغانىدى.

---

① ئەبىشقا ئەغاچو ئوي — تۆكۈن. مەشرەپلەردە ئوينىلىدىغان كومېدىيىلىك ئويۇن.

بۇدرە چاچلىرى شەپكىسىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپ تۇرغان، ئاغزىغا بىر تال پاپىرۇس چىشلىگەن، خرۇم تۆجۇركا ۋە خرۇم ئۆتۈك كەيگەن ئوتتۇرا بوي، قوي كۆز، قوشۇما قاش، ئاق سېرىققىنا كەلگەن 23 ـ 24 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مېھمانلار، خوش كېلىپسىزلەر! ـ دېدى ئۇ، قوللىرىدىكى پەلەيلىرىنى يېشىپ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ. ئۆيدىكى ئاياللار ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى.

ـ مېنىڭ ئىككىنچى ئوغلۇم رەجەپ مەمەت، ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ماشىنىسىنى ھەيدەپ شەھەردىن يۈك توشۇۋاتىدۇ. بەزىدە خونجىراپتىن شەھەرگە يۈك توشۇيدۇ. «ئازاد» ماركىلىق بۇ ماشىنىنى ئالغىنىمىزغا ئىككى يىلدىن ئاشتى، كىرىمى ئوبدان. قەرز ئالغان پۇلنى تۆلەپ بولدۇق. ئېشىنغان پۇلىمىزدىن 5000 كويىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىئانە بەردۇق. چوڭ ئوغلۇم «جان قالدى» يايلىقىدا سۇنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. بىر قىزىم شەھەردە ئوقۇۋاتىدۇ. مانا بۈگۈن بىرسىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكەزدىم. «سوباش» ① دىن تاكى «تار» ② غىچە ئادەملەر كېلىپ ئات بەيگىسىگە قاتناشتى. بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلەرگە ئۈنئالغۇ، ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەنلەرگە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەنلەرگە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو بەردىم. بار ـ يوقى مۇشۇ نەچچىلىك ئىش، ـ قەندەۋ ئاكا كېپىنى تاماملىدى.

مانا، گۆشمۇ پىشتى. قوللارغا قايتا سۇ كەلتۈرۈلۈپ گۆش تارتىلدى. گۆشتىن كېيىن چاي ئىچكەچ يەنە پاراڭغا چۈشتۇق. مېنىڭ يازىدىغان ئوچېرىكىمنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى كاللامدا پىشىپ قالدى. ئەتە قەغەزگە پۈتسەملا بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پامىرنىڭ يايلاقلىرىغا يېڭى ھايات، باياشاتلىق ئېلىپ كەلگەن. ئاق ئۆيدىكى نامراتلىق ۋە يىغا، باياشاتلىق ۋە كۈلكىگە ئالماشقان. مېنىڭ كۆز ئېكرانىمدا بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ ئىككى خىل كۆرۈنۈش ئۆتمەكتە. خۇددى دانالار ئېيتقاندەك: مۇشەققەت تۇلپارغا مىنمەي تۇرۇپ مەنپەئەت ھوسۇلىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، قىيىنچىلىق تىكىنىنىڭ جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ شادلىق گۈلىنى ئۈزگىلى بولمايدۇ.

مەن ئاجايىپ تاتلىق ھېسسىياتلار ئىلكىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم.

1988 ـ يىل، دېكابىر، قەشقەر.

①، ② ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق، تاشقورغانغا قوشنا يەرلەرنىڭ ناملىرى.

روزى گۈلباي

# قوشنىلار

( ھېكايە )



روزى گۈلباي 1952 - يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە داتۇڭ يېزا، كىچىك تولۇق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1976 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ تارىخ فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپ ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، داتۇڭ يېزىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1984 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

يولداش روزى گۈلباينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1970 - يىللىرى باشلانغان بولۇپ، ئۇ، تاجىك تىلىدا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ناخشا تېكىستى يازغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بىر تۈركۈم ھېكايە، شېئىر، يۇمۇر قاتارلىق ئەسەرلىرى 1981 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭ «چولپان قىز»، «جەڭچى» قاتارلىق شېئىرلىرى «خوش ئامەدى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا؛ «بەش قوي»، «چۈشىنىش» قاتارلىق ھېكايىلىرى «پامىر ھېكايىلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. «ئېگىز تاغ مۇھەببىتى» دېگەن ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ، يېقىندا شائىياز كەپەل بىلەن بىرلىكتە «بىر پارچە قاشتېشى» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىگە سۇندى.

— ئادەم دېگەندە ئازراق ئېقىل بولمىسا بىكار — دە! يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قاچانغىچە ھەممە ئىشقا ئۆزىمىزلا چېپىپ يۈرۈيمىز؟! بالىنى نېمە دەپ باقىدۇ كىشى؟ قېرىغان چېغىمىزدا ئەسقاتامدىكىن، ئېغىرىمىزنى يېنىكلىتەمدىكىن دېمىسەك، نېمە قىلاتتۇق بالا چوڭ قىلىپ؟

مەرەمخان سەپرايى ئۆرلىگەن ھالدا ئېرى ناۋرۇز بايغا چېچىلىۋاتاتتى.

ناۋرۇز باي ئوغلى سەردار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەتكەندىن بېرى، ئايالىنىڭ ئاچچىق تەنە گەپلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ تالاشماي، سۈكۈت قىلىپ كەلگەنىدى. مانا، ئايالىنىڭ بۇنداق گەپلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. بۈگۈن ئۇ، ئايالىنىڭ گېپىگە زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئاچچىقىدىن قۇيقا چاچلىرى تىك-تىك بولۇپ كەتتى. يۈزىدىكى روشەن قورۇقلار غۇژژىدە يىغىلدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — ۋارقىرىدى ناۋرۇز باي ئايالىغا، — كۈندە ۋاتىلداپ، مېنى ساراڭ قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟!

مەرەمخانمۇ بوش كەلمەي، تېخىمۇ چالۋاقاپ كەتتى:

— ساڭا ئۇك گەپ زادى ياراشمايدۇ،

خەقىنىڭ بالىلىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ چارۋا بېـ
قىشتا، ئۆي ئىشىنى قىلىشتا ئاتا ـ ئانىسىـ
غا ھەمتا ياق بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز بالىـ
سىنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتىدۇ. مەن شۇ چاغـ
دا سائا بالىمىزنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيلى
دېسەم، سەن ئەقىلسىز ئۇنىماي ئەۋەتتىڭ،
ئەمدى ھەممە ئىشقا ئۆزىمىز يۈگرەپ يۈرۈـ
ۋاتىمىز. ماۋۇ سەردىيا يغىنا قارىغىنا! بالىـ
سىنى مەكتەپكە بەرمەي ئېلىپ قالغانىدى.
مانا راھىتىنى تازا كۆرۈۋاتىدۇ. ھە...!

ئاچچىقىدىن يېرىلاي دەپ قالغان ناۋـ
رۇز باي:

ــ بولدى، كاپشىما! ـ دەپ ۋارقىرىدىـ
دە، كۆس ـ كۆس دەسسەپ ئۆيىدىن چىقىپ
كەتتى...

بۇ ئۇزۇن يىللىق ئەر ـ خوتۇنچىلىق
ھاياتىدا، ناۋرۇز باينىڭ ئايىلىغا تۇنجى
قېتىم ئاچچىغلاپ ۋارقىرىشى ئىدى. ناۋرۇزـ
باي ئاق كۆڭۈل، ساددا بىر چارۋىچى. ئۇ،
ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى چارۋا بېقىش بىـ
لەن ئۆتكۈزگەن. گەرچە ئۇ ساۋاتسىز بولـ
سىمۇ، لېكىن بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق ـ سوـ
غۇق جەرياندا، نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكـ
نىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان، بىلىمنىڭ
خاسىيىتىنى، مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلـ
غانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ چارۋىچىلىق تۇرـ
مۇشىدا يېڭىلاش، يۈكسىلىشنى ئويلىغان بولـ
سىمۇ، لېكىن يولىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭچارـ
ۋىسى بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ
تۇردى. تۇرمۇشىدا ھېچقا نداق يېڭىلىق، ئۆزـ
گىرىش بولمىدى. تەبىئەت ئۇنىڭغا سېخىيـ
لىق قىلغان يىللىرى ئازراق تۆلىنى ئارـ
تۇق ئالاتتى. ئاچچىقلىغان يىللىرى ھەممىـ
دىن قۇرۇق قالاتتى. ئۇ، تۇردىغان ياپلاقـ
قا يېقىن يەردە تۆت يۈز موچە كېلىدىغان

بىر سۇسىز، گىياسىز تۈزلەڭ بار ئىدى. ناۋـ
رۇز باي نەچچە قېتىم بۇ دەشتكە سۇ باشلاپ
ئوتلاق قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن
بىلىم ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ئۇـ
نىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسـ
قۇنلۇق قىلدى. ناۋرۇز باي بۇ ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىدىن كۆرەتـ
تى. شۇڭا ئوغلى سەردارنى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك
كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ھاياتـ
دىكى بىردىنبىر مۇھىم ئىش، دەپ ھېسابـ
لايتتى. ئۇ، ئۆز ئارزۇيى بويىچە ئوغلى سەرـ
دارنى مەكتەپتە ئوقۇتتى. ئۇ، تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئەلا نەتىـ
جە بىلەن پۈتتۈردى. تولۇق ئوتتۇرا مەكـ
تەپ ناھىيىدە ئىدى، ناھىيە بۇ يېزىدىن
ئالتە كۈنلۈك يىراقلىقتا بولغاچقا، مەكتەپـ
تە يېتىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى.

مەرەمخان بالىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىـ
ماي، ئىمكانقەدەر بالىسىنى ئەپ قېلىش
ئۈچۈن، ئېرىگە كۆپ ۋەز ـ نەسىھەتـ
لەرنى قىلدى، ھەر خىل چارە
ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئېرىنى قايىل قىـ
لىشقا ئۇرۇندى. لېكىن ناۋرۇز باي ئايىلىـ
نىڭ تەنبى ـ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي،
بالىسىنى ئۆزى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ،
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە تاپشۇرۇپ كەلدى.
شۇندىن بېرى ئۆيدە ـ ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىـ
سىدا تالاش ـ تارتىش تۈگىمىدى...

× ×

ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياپلاقلار
كۆك مەخمەلدىن لىباس كېيىپ، ئاجايىپ
گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. چارۋىچىلار قىشلىق
ياپلاقتىن يازلىق ياپلاققا كېيىنى ـ كەينىـ
دىن كۆچۈشكە باشلىدى. ناۋرۇز باي يۈك ـ
تاقلىرىنى قوتازلارغا ئارتىش ئۈچۈن، ئۆـ

زىگە ياردەملەشىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ تېپىلماي يۈاتقانلىقىدىن تازا تىت-تىت بولۇپ تۇراتتى، قوشنىسى سەرىباي ئوغلى بىلەن يۈك-تاقىلارنى قوتازلارغا ئوبدان جايلاشتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇ، ناۋرۇزباينىڭ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سەرىباي، گەپ قىلىشىنىڭ تازا پەيتى كەلدى، دەپ ئويلاپ، ئاۋازىنى يۇقىرى چىقىرىپ دېدى:

— قوشنام، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلا؟ ها... ها... بىز ساۋاتسىزلار كەتتۇق، بىلىملىك بولىدىغان ئوغۇللىرى كېلىپ سىلىنىگە ياردەملەشسۇن، جۇمۇ!

ناۋرۇز باي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەزەپلىك ھومىيىپ تۇرۇپلا قالدى. مەرەمخان ئەمدى ئېرىنى قايىل قىلىدىغان پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلاپ، بىر خىل يېلىنىش ئاھاڭىدا:

— ئوغلىمىزنى مەكتەپتىن ياندۇرۇپ ئەكىلەيلى، بەكمۇ قىينىلىپ قالدۇق، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز. كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىمۇ چېنىمىزدىن ئۆتتى، — دېدى.

ناۋرۇز باي گويا بۇ گەپلەر قۇلىقىغا كىرمىگەندەك، چوڭقۇر خىيال بىلەن ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا! ئوغلى سەردار ھەققىدىكى پىكىر خۇددى دەريا سۈيىدەك كۆۋەجەپ دولقۇنلىماقتا ئىدى. ئۇ، ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىدىغان چاغدا، قوشنىسى سەرىبايغىمۇ نەچچە قېتىم ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىشكە ئۈندىگەنىدى. بىراق، سەرىباي رەت قىلىپ:

— مەكتەپتە ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ؟ ئوقۇماي جانغا ئەسقاتسا شۇ ھېساب ئەمەسمۇ؟ سەن ئوغلۇڭنى ئوقۇتۇۋەر، قېنى كېيىن كۆرىمىز، كىمنىڭ قىلغىنى توغرا بولىدىكەن، — دېگەنىدى. بۈگۈنكى مەسخىرە سۆزىمۇ شۇ گەپنىڭ داۋامى ئىدى. ناۋرۇز باينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ، كۆڭلىدە قوشنىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەڭسەمەكتە ئىدى. ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى بولغاي، بىر خىل مۇلايىملىق يوشۇرۇنغان كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— بالىنى ياندۇرۇپ ئەكىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭ ئالغان بىلىمى بىزنىڭ باققان بەش يۈز تۇياق چارۋىنىڭ قىممىتىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق، ھەر قانچە قىينىلىپ قالساقمۇ بەرداشلىق بېرەيلى! — ناۋرۇز باي ئايالىغا تىكىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلىمنىڭ كۈچى تەڭداشسىز. ئويلاپ باققىن، بىزنىڭ ئۆمرىمىز چارۋا بېقىش بىلەنلا ئۆتتى، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرىمىز يوق. جاھان ئوڭشالغىنى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەمما، تۇرمۇشىمىزدا ھېچقانداق يېڭىلىنىش بولمىدى. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز مانا شۇ: ھاۋا كېلىماتى ياخشىراق كەلسە، بىر قانچە تۆلنى ئارتۇق ئېلىش، ئاپەت كەلسە ھەممىدىن قۇرۇق قېلىش. شۇڭا روناق تاپالماي يۈرۈيمىز. ھازىرقى قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم كېرەك. قاراپتۇر، سەردار ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيىمىزدە خۇددى بىر نۇرلۇق چىراغ ياندۇرغاندەك بولۇپ، تۇرمۇشىمىزدا ئاجايىپ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ.

مەرەمخان ئېرىنىڭ جاھىل مىجەزىنى بىلگەچكە، ئوغلىنى مەكتەپتىن ياندۇرۇپ ئەكىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى

بولغاي، ئارتۇق بىر نەرسە دېيەلمەي، ئۆز ئىشىغا تۇتۇلدى ...

× ×

شەلۋي يايلىقىنىڭ كۆلىمى گەرچە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. ئاق باش تاغلاردىن چۈشۈپ ئېقىن ھاسىل بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە ئاققان سۈزۈك سۇلار، چىيلاڭ① دىكى ھەيۋەتلىك شارقىراتمىلار، ھۆپپىدە ئېچىلغان خىلمۇ-خىل تاغ گۈللىرى، راھەت بەخش ساپ ھاۋا، ئولاي، كەكلىك ۋە ھەر خىل تاغ قۇشلىرىنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كىشىگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئوتلاقتا **مال** بېقىپ كېلىۋاتقان ناۋرۇز باي بىلەن سەردىباينىڭ چارۋىلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ باردى. ناۋرۇز بايغا قارىغاندا، سەردىباينىڭ چارۋىسى نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. ئۇ، بۇنى ئوغلىنى مەكتەپكە بەرمىگەنلىكىنىڭ پايدىسى، دەپ قارايتتى. بۇ ئىككى قوشنا بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشسىلا، سەردىباي ئۆزىچە ماختىنىپ:

— مەن ئوغلۇمنى مەكتەپكە بەرمىدىم، مانا پايدىسىنى كۆردۈم. قويلىرىم 300 تۇياققا يېتەي دەپ قالدى. سېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ... - دەيتتى. بۇنداق چاغدا، ناۋرۇز باي ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، ئاستا ناسىۋال قاپىقىنى ئېلىپ، ئالقىنىغا ئازراق تۆكۈپ كاپ ئېتەتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالاتتى. ناۋرۇز باي ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن ئىستەكلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ھازىرچە ئۇنىڭغا بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىش بالدۇر، دەپ قارايتتى ...

بۈگۈن ناۋرۇز باينىڭ ئۆيى باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. چۈنكى ئوغلى سەردار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنىدى. ناۋرۇز باي خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي، ئوغلىغا بىر خىل پەخىرلىنىش ۋە ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى. مەرەمخاننىمۇ ناھايىتى ئېچىكىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئوغلىغا ئاتاپ ئەڭ ئېسىل تائاملارنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ناۋرۇز باينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، سەردىبايمۇ ئوغلى بەردىقول بىلەن كېلىپ، تۆردىن ئورۇن ئالغانىدى. بەردىقۇل بىلەن سەردار تەڭدىيەتلىك بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغاچقا، بىر - بىرىگە چوڭقۇر سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن تىكىلەتتى. بۇ ئىككى ياشنىڭ يۈرىكىدە بىر - بىرىگە دېيىدىغان تۈگىمەس گەپلىرى باردەك، لېكىن بۇ گەپلەرنى قانداق، نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك تۇراتتى. بۇ ئىككى ياشنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇش پاراۋانلىقى جەھەتلەردە كۆڭۈللىرىدە سوقۇۋاتقان چوتلىرىمۇ تامامەن ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئېھتىمال بۇ ئىككى ياش گەپلىرىنىڭ بىر - بىرىگە يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ، گەپ قىلماي تۇرۇۋاتقاندۇ.

— ئوغلۇم بۈگۈن كەلدى، بۇ خۇشاللىق پەيتتە بۇ قوينى پەتىھە قىلىڭلار!

ناۋرۇزباي يوغان بىر ئېرىك قوينى سۆرەپ پەگاھقا ئەكىردى. تاجىكلارنىڭ ھەرقانداق مېھماننى قوي سويۇپ كۈتۈۋالىدىغان ئادىتى بولغاچقا، ئارتۇق سالا-سۆلۇ قىلىنمايلا، سەردىباي دۇئاغا قولىنى كۆتۈرۈپ پەتىھە قىلدى ... گۆش پىشقىچە بۇ ئىككى ئائىلىدىكىلەر سەردار

① چىيلاڭ — يايلاقلاردا سۇ ئاقىدىغان چوڭقۇر جىلغىلار.

بىلەن پاراڭلىشىپ چىقتى، كەپ ئائىلە ئىنگىـ
لىكىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىگە
كەلگەندە، سەردار بىلەن بەردىقۇلنىڭ كېپى
بىر يەردىن چىقمىدى. بەردىقۇل: قوتاندىكى
قويلارنى توققۇز يەردە يۈزگە يەتكۈزسەم،
رەسمىي ئىسمىم ـ جىسمىمغا لايىق باي بولـ
مەن دېسە، سەردار: كۆپەيتىش سورتىنى
ياخشىلاش بىلەن ئوبوروت قىلىشنى بىرلەشـ
تۈرۈپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، بانكىدىكى پۇلـ
نى بىر نەچچە 10 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزسەم،
بېيىغان بولىمەن، دەيتتى. سەردارنىڭ قويـ
لارنى سېتىپ ئوبوروت قىلىش توغرىسىدىكى
گەپلىرىنى ئاڭلىغان بەردىقۇل كۆڭلىدە:
«بۇ ئوقۇپ ئالجىپ قاپتۇ، ئەمدىزە، دادىسىـ
نىڭ نەچچە يىلدىن بېرى مىڭ بىر جاپادا
بېقىپ كەلگەن قويلىرىنى سېتىپ تۈگەتمەكچىـ
غان بولدى» دەپ ئويلىدى ـ دە، بويىنىنى
سوزۇپ، دادىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.
سەردباي ئۆسكەلەك، سارغۇچ بۇرتىنىڭ ئۇـ
چىنى تولغاپ تۇرۇپ، ناۋرۇز بايغا قاراپ
سىرلىق كۈلۈپ قويدى...

كەچتە ناۋرۇز باي ئوغلى سەردارنىڭ بېشىـ
نى چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

ــ بالام، قاچان ئوقۇشنى تۈگىتىپ
كېلەرسەن دەپ يولۇڭغا قاراپ كۆزىمىز تېـ
شىلەي دەپ قالغانىدى، مانا ئەمدى بىـ
لىملىك بولۇپ قايتىپ كەلدىڭ. ئەمدى ئاشۇ
بىلىمىڭنى ئىشلىتىپ كارامىتىڭنى بىر كۆرـ
سەتكىن، ـ دەپ كۈلدى.

ــ ماقۇل دادا، ھەممە ئارزۇ ـ ئارمانـ
لار بىلىم ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، ئۈمىدىـ
ڭىزنى چوقۇم ئاقلايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى
سەردار چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن.

سەردار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چارـ
ۋىچىلىق كەسپىي تېخنىكا سىنىپىدا ئوقۇـ
غانىدى. ئۇ، ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، كۆڭـ
لىدە دۇرغۇنلىغان پىلانلارنى تۈزگەن، چارـ
ۋىچىلىق، يايلاقچىلىق جەھەتتىكى كەسپىي
بىلىملەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەنىدى.
ئائىلىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ قايـ
تىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن
بىلىمىگە ئاساسەن، ئويلىغان پىلانـ
لىرىنى دادىسىغا ئېيتتى. ناۋرۇز بايمۇ ئۇـ
نىڭ ئويلىغانلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى
دادىللىق بىلەن ئىشلەشكە رىغبەتلەندۇردى.

× ×

سىنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاسماندا
ئالقانچىلىك بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى. قۇياش
ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن
يايلاققا سەپمەكتە ئىدى. كېچىچە چۈشكەن قىراۋ
ئاپتاپ تەپتىدە ئېرىشكە باشلاپ، گىرىستالدەك
پارقىراپ تۇراتتى. سېمىزلىكىدىن تىققىلىپ
كەتكەن قويلار يوغان قۇيرۇقلىرىنى تەستە
كۆتۈرۈپ، پىشىپ سارغايغان يايلاق ئوتىنى
ئىشتىھا بىلەن يېمەكتە.

سەردار بۈگۈن ئەتىگەندە يوغان ھەم سېـ
مىز يۈز تۇياق قوينى ھەيدەپ ناھىيە بازىـ
رىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىـ
لەر ۋە قوشنىسى سەردباينىڭ ئۆيىدىكىلەر
توپلىشىپ سەردارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇـ
رۇشاتتى، ناۋرۇز باينىڭ چىرايىدا كۈلكە
ئوينايتتى.

ــ قوشنام، بالىڭنى تونىسالڭ بولاتتى،
سىلىنىڭ چارۋىلىرى ئەمدى تېخى
ئاران 250 تۇياققا يېتىپتۇ،
مانا سەردار يۈز تۇياق قوينى
ساتقىلى كەتتى. بۇنداق كېتىۋەرسە بىر يىلـ
غا قالماي چارۋىلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قۇرۇق
قول بولۇپ قالىسەن، ـ دېدى سەردباي، ناۋـ
رۇزبايغا نەسىھەت ۋە ئېچىنىش ئاھاڭىدا.

— قوشنام، — ناۋروزباي خاتىرجەملىك
بىلەن ئېيتتى، — مەندىن ئۇنچىۋالا غەم قى-
لىپ كەتمىسلە. بالام ئوقۇغان، بىلگەن، شۇ-
ڭا ئۇ زىيان تارتىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

— ھىم، بىلىملىكمىش تېخى! كۆردۇق
ئۇنى، بىر يولىلا يۈز تۇياق قوينى تۈگەتتى.
قاراپ تۇر، ناۋروزكا، كېلەر يىلى بۇ ۋاق-
تىچە بۇ بىلىملىك ئوغلۇڭ سېنى پىيازدەك
ئاقلاپ قويىدۇ، — دېدى بەردىقۇل مەمەدانلىق
بىلەن، ئۇ ئاخىرىدا مەسخىرىلىك تەلەپپۇز-
دا قوشۇپ قويدى، — ناۋروزكا، قورقۇپ ئەن-
سىرەپ كەتمەڭ، ئەگەر قويۇڭلار پۈتۈنلەي
تۈگەپ كەتسە، بىزدەك بايلار سىلەردەك بى-
چارىلاردىن ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز...

بۇ كەيپتىن ناۋروز باينىڭ غۇرۇرىدە ئاچ-
چىقى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى زورىدىغا بېسى-
ۋېلىپ، ئاستا ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

ئەمدى سەردارغا كېلەيلى: ئۇ، قويلار-
نى بازارغا ئەكېلىپ، ئانچە كۆپ ئاۋارە
بولمايلا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر قوي-
نىڭ باھاسىنى 250 يۈەندىن كېلىشىپ، بىر
خېرىدارغا 25 مىڭ يۈەنگە ساتتى. ئۇ، 20
مىڭ يۈەننى بانكىغا ئامانەت قويۇپ، قال-
غان پۇلغا بىر كىچىك تىپتىكى دېزىل ماتۇر
ۋە ئۆيگە كېرەكلىك باشقا نەرسىلەرنى سې-
تىۋالدى. ئۇ يەنە چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا
كىرىپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ئۆزىنىڭ
يايلاق يېتىشتۈرۈش پىلانىنى — شەلۋي يايلى-
قىدىكى تۆت يۈز مولۇق دەشتكە سۇ باشلاپ،
ئوتلاق قىلىپ چىقىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر،
پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چارۋىچىلىق
ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئۇنى قول-
لىدى، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بېرىدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى...

مانا، شەلۋي يايلىقىنىڭ كەچكى مەنزى-
رىسىگە يەنە بىر گۈزەللىك قوشۇلدى. سەر-
دارنىڭ سەككىز يۈز ۋاتلىق كىچىك دېزىل
ماتورىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى تاغ شامىلىغا
جور بولۇپ، يايلاقنىڭ كەچكى ھاياتىغا بىر
يېڭى جۇشقۇن كۈينى قاتتى. گويا يۇلتۇزلار
ئاسماندىن يايلاققا ئېقىپ چۈشكەندەك
كۈچلۈك ئېلېكتر نۇرى، ئەسىرلەردىن بۇيان
زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قوينىدا غەپلەتتە ئۇخ-
لاپ ياتقان بۇ يايلاقنىڭ باغرىنى يورۇتتى.
بۇ مەنزىرىدىن يايلاقتىكى تۈرلۈك ياۋايى
ھايۋاناتلارمۇ چارۋىچىلار قورۇسىدا چاق-
نىغان نۇرغا ھەيران بولۇپ، كۆزلىرىنى
پارقىرىتىپ قاراپلا قېلىشتى. سەردار
كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مەرت يىگىت
بولغاچقا، قوشنىسى سەردىباينىڭ ئۆيىگىمۇ
ئېلېكتر سىمى تارتىپ، چىراق يېقىپ بەردى...

سەردار پۈتۈن ياز ھېلىقى تۆت يۈز مو-
لۇق دەشتكە سۇ باشلاش ئىشىغا جىددىي تۇتۇش
قىلدى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئېرىق ئالىدىغان
يەرنى، سۇ مىقدارىنى تەپسىلىي، ئىنچىكىلىك
بىلەن ئۆلچەپ بېكىتىپ چىقتى، بۇنىڭغا كېتى-
دىغان ئەمگەك ۋاقتىنىمۇ ھېسابلاپ چىقىپ،
كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ، ئېرىق ئالىدىغان يەرنى
بېكىتىپ قوزۇق قاقتى. لېكىن بۇ ئىش سەر-
دارغا ئاسانغا چۈشمىدى. زامانىۋى ئۆلچەش
ئەسۋابلىرى بولمىغاچقا، قايتا-قايتا ئۆل-
چەشكە، تەكرار ئىشلەشكە، كۆپ ئەجىر سىڭ-
دۈرۈشكە توغرا كەلدى. بىر كۈنى بەردىقۇل،
سەردارنىڭ تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقى-
نى كۆرۈپ:

— ئۆزەڭنى بۇنچە ئاۋارە قىلمىساڭمۇ بو-
لاتتى، ئاداش. ئاتا بوۋىلىرىمىز بۇ دەشتكە
سۇ چىقىرالمىغان يەردە، سېنىڭ بەش تال
قوزۇق قېقىشىڭ بىلەن سۇ چىقاتتىمۇ بۇ يەر-
گە. بىلىمىمنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىمەن

دەپ ئۆزەڭگىنى تۇكەشتۇرۇپ قويما، يەنە! بىلمەمسىز، سەن ئوقۇغان، شۇ ئازغىنا بىلىمىڭ بۇ يەردە ئەسقاتمايدۇ، - دەپ مەسخىرە قىلىپ، قاقاقلاپ كۈلدى. سەردار ئۇنىڭغا تىكىلىپ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن:

— دوستۇم، ئالدىرىماي تۇر، ماي ئېيىدا چىلاڭىدىكى سۈپ-سۈزۈك تاغ سۈيى بۇ قاقاسلىق دەشتتە شىلدىرلاپ ئاققانلىقىنى كۆرسەن، بىلىمنىڭ كۈچىنى شۇچاغدا كۆرسەن، - دەپ جاۋاپ بەردى-دە، قىلچە بوشاشماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى...

سەردارنىڭ بۇ مۆجىزىلىك ئىش ئىزلىرى ھەش-پەش دېگۈچە باشقا يايلاقلاردىكى كىشىلەر قۇلىقىغا يېتىپ باردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىختىن بېرى قاغجىراپ سوزۇلۇپ ياتقان بۇ چۆل - جەزىرىگە سۇ باشلاپ، يايلاق يېتىشتۈرگەنلىكى كۆپلىگەن مالچىلارنى ھەيران قالدۇردى، تەسىرلەندۇردى، قىزىقتۇردى. ئۇلار ئات، تۆگىلىرىگە مىنىشىپ، شۇنچە ئۇزاق يەردىن ئالاھەتەن بۇ يەرنى كۆرگىلى كېلىشتى، بۇ يەردىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. سەردارنىڭ جاسارىتىگە، غەيرىتىگە بارىكاللا، ئاپىرىن ئوقۇشتى. كىشىلەر بۇ يېڭى ئوتلاقنى «سەردار ئوتلىقى» دېگەن نام بىلەن ئاتايدىغان بولدى...

سەردار يەنە دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چارۋىنى ئىككى يۈز تۇياق ئەتراپىدا تېزگىنلەپ تۇرۇش، سورتىنى ياخشىلاپ، شۇ يىلقى ئەركەك قوزىنى شۇ يىلى ئوبوروت قىلىپ، چىقىمىنى تېجەپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم ئىش قاتارىدا قويدى. سەردارنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن دادىسى ناۋرۇز باي ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. مەرەمخانمۇ خوشاللىقىنى ئىچىدە بىلىپ، ئوغلىنىڭ ئەقلى، بىلىمىگە قايىل بولسىمۇ، ھېچ نېمە دېمەي جىم - جىت يۈرۈيتتى. ئېھتىمال، ئۆتكەندە سېتىلىپ كەتكەن قويلار ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىۋاتقاندۇ.

بۇ يىل 11 - ئاينىڭ بېشىدىلا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ قاتتىق سوغۇق بولدى. ھاۋانىڭ پەيلى ناھايىتى يامان بولۇپ، نەچچە كۈنلەپ تۇمان يايلاقتىن كۆتۈرۈلمىدى. سەردار ئۆزىنىڭ يىغقان يەم-خەشەك، ئوت-چۆپلەرنى بىر قاتار جىڭلاپ ھېساپلاپ كۆردى. ئالىمادىس قاتتىق قار ئاپىتىگە يولۇققان تەقدىردىمۇ، ھازىر بار بولغان ئىككى يۈز تۇياق قوينى قىش ۋە ئەتىيازدىن ئامان-ئېسەن ئۆتكۈزۈشكە يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

ھاۋا سوغۇق، توختىماي قار ياغماقتا، ئارىلىقتا ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، ھاۋا ھېچ ئېچىلىدىغاندەك، قار توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سەرىباينىڭ 900 تۇياق قويىدىن يېرىمى كۈنگەي ئوتلاقلارغا چىقالماي، قوتاندىلا قامىلىپ قالدى. ئۇنىڭ پېرىدچە يىغقان يەم - خەشەك، ئوت- چۆپىنىڭ سەرپىياتى پەۋقۇلئاددە تېزلەشتى. بۇ ھال سەرىباينىڭ كۆڭلىنى قاتتىق غەش قىلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بېشى تاشتەك قاتتى. قار لەپىلدەپ ياغماقتا، قار ئارىلاش شىۋىرغان ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلىماقتا. كۈتۈلمىگەن بۇ ئاپەت سەرىباينى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىرىدىن سەردارنىڭ: «تاغا، قويلىرىڭىزدىن ئازراق بولسىمۇ سېتىپ ئوبوروت قىلساڭ ياخشى بولاتتى. قوينىڭسانىنى كۆپەيتىۋەرسەڭ، ئاپەتكە بەرداشلىق بېرىش قىيىنغا چۈشىدۇ» دېگەن سۆزى قايتىدىن جاراڭلىغاندەك بولدى. مانا ئەمدىلا سەرىباي بۇ

سۆزدە ئاجايىپ زور بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بۇ چاغدا پەقەت ئاپەتتىن ئىبارەت بۇ زوراۋان كۈچ ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. سەردىباي بىلەن ئوغلى بەردىقۇل كېچىچە كىرپىك قاقمىدى، قوتاندا ئىچى سىرىلىپ يىغلاپ چىقتى. قويلار ھەدەپ ئۆلمەكتە، قار قېرىشقاندەك ھەدەپ ياغماقتا. قارنىڭ قېلىنلىقى 105 سانتىمېترغا يېتىپ، ئادەم بىر يەرگە بېرىشقىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. قويلار يەيدىغانغا بىر نەرسە بولمىغاچقا، بىر - بىرىسىنىڭ يۇڭىنى يەپ، خۇددى يېلى چىققان تۇلۇمدەك بولۇپ، ئاچلىق، سوغۇقتىن قىرىلىپ، كەينى - كەينىدىن يىقىلماقتا...

نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزى سويۇپ يېيىشكىمۇ كۆزى قىيمىغان قويلار مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئىچىدە قىرىلىپ تۈگىمەكتە. بۇ، قانداق ئېچىنىشلىق، چىدىغۇسىز ئەھۋال - ھە؟ بەردىقۇل ئۆلۈۋاتقان قويلارغا قاراپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ قېتىپ قالغان بۇتتەك تۇراتتى. ئۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. پەقەت بۇنداق ئاپەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى، چارە - ئامالسىزلىقىنى بۈگۈن ھېس قىلغاندەك قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، يۈرىكى بىر خىل ئېچىنىش، ھەسرەت، پۇشايمان ئىلكىدە ئېچىشماقتا ئىدى...

سەردار قوشنىسى يولۇققان ئاپەتكە ۋە تارتقان زىيانغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئېچىشاتتى، ئۇ، مىڭ تەسلىكتە قار كېچىپ، سەردىباينىڭ ئۆيىگە كەلدى. بىراق، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ ئەمدى قوشنىسىغا پەقەت تەسەللىلا بېرەلەيتتى. سەردىباي سەردارنى قۇچاقلاپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئاچچىق ساۋاق، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجىغان بولۇپ، شۇ تاپتىكى بىچارە ھالىتىدىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەغرۇرلۇقى، كۆرەڭلىكىنىڭ بىرەر بەلگۈسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. سەردىباي بېشىنى كۆتىرىپ، قويلار تەرەپكە قارىغانىدى، بەختكە يارىشا تىرىك قالغان 50 دەك ئورۇق قوي ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ سەردارغا قاراپ قاتتىق پۇشايمان قىلغان ھالدا يىغلامسىراپ:

— بالام، سېنىڭ بىلىم بولمىسا بايلىق، مال - مۈلۈك قولدىن كېتىدۇ، دېگەن سۆزۈڭنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم، - دېدى.

نىياز كامال

# ئوتۇنچى باينىڭ تەقسىماتى

(ھېكايە)

ئاچ قورساقنى تويدۇرار بىر نانىنىڭ ئۇۋۇقى،
ئاچ كۆزنى تويدۇرالماس پۈتۈن ئالەم نېمىتى.
— سەئدى شىرازى

يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئىدى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ سۈيى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ ئاقاتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا «زەرەپشان دەرياسىغا كەلكۈن كەپتۇ» دېگەن خەۋەر زەرەپشان دەريا ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان كىچىككىنە تاغلىق كەنتنىڭ جىملىقىنى بۇزدى. كەنتتىكى كىشىلەر ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ، بىر-بىرىنى «كەلكۈن كەلدى» دەپ خەۋەرلەندۈردى. چوڭلارغا ئەگىشىپ ئۇششاق باللارمۇ چۇقىرىشىپ، توپ - توپ بولۇپ، ئېگىز دۆڭ ۋە چوڭ - چوڭ تاشلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كەلكۈن دولقۇنىنى تاماشا قىلىشاتتى.

كەلكۈننىڭ شاقىرىغان ئاۋازى تاغدىن ئەكس سادا چىقىراتتى. لېكىن بۇ كىچىككىنە كەنتتىكى كىشىلەر خاتىرجەم ئىدى. بۇ خىل خاتىرجەملىكمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى، چۈنكى كەنتنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن قورشالغان تەبىئىي تاغ دامبا ئىدى. شۇڭا ھەر قانچە چوڭ كەلكۈن كەلسىمۇ، بۇ جايغا ھېچقانداق تەھدىت سالالمايتتى. بەلكى يىراق تاغ-جىلغا، ئىدىرلاردىن قاغجىراپ قالغان ياغاچ، كۆتەك ئوتۇنلارنى ئېقىتىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى خەلققە ئوتۇن بايلىقى يارىتىپ بېرەتتى. شۇڭا كىشىلەر كەلكۈن كەلسىلا دەريادىن ئوتۇن سۈزۈپ، ئوتۇن توپلاشقا ئالدىرايتتى. بۇ قېتىملىق كەلكۈندىمۇ كىشىلەر بەللىرىگە ئارغامچا باغلاپ، تۆت-بەشتىن بولۇپ، ئوتۇن توپلاشقا ماڭدى.

بۈگۈن ئوتۇنچى باي — شادەلى ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق بولدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئوتۇن يىغاتتى. ئۇ، ئوتۇن ئېلىپ سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئىشىك ئالدىدىن ئوتۇن كەم بولمايتتى. تاغ ئارىسىدىكى كىشىلەر ئۇنى «ئوتۇنچى باي» دەپ ئاتىشاتتى ۋە شۇ نام بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغانىدى.

شادەلى بۈگۈن كەلكۈندىن پايدىلىنىپ، ئوتۇن يىغىش ئۈچۈن، سەبزەلى قاتارلىق تۆت كىشىنى كەينىگە سېلىپ، زەرەپشان ساھىلىنى بويلاپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ بەش چاقىرىم يول يۈرۈپ، قاراتاش دېگەن يەردە توختىدى. بۇ جايدا ئوتۇننى دەريادىن سۈزۈۋېلىش ئوڭاي بولغان چوڭ ئايلانما بولۇپ، ئوتۇنلار بۇ يەردە دەريانىڭ شىددەتلىك دولقۇنى زەربىسىدىن دەريا دىلتىسىغا ئۇرۇلۇپ چىقاتتى. ئوتۇنچى شادەلى بۇ يەردىكى دۆۋە - دۆۋە ئوتانىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. كۆزى تېخىمۇ قىزاردى، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، سەبزەلى قاتارلىق

ئۆت كىشىنى تېز سۇغا چۈشۈپ ئوتۇن سۇ-
زۇشكە بۇيرىدى، ئۆزى قىرغاقتا تۇرۇپ،
سۇدىن سۈزۈۋالغان ئوتۇنلارنى بىر يەرگە
توپلىدى. سەبزەلى ھەمراھلىرى بىلەن توپ-
توغرا بىر كۈن مۇزدەك سوغۇق سۇ ئىچىدە
تۇرۇپ، چىشلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ
كەتسىمۇ، قورساقلىرى ئاچسىمۇ بەرداشلىق
بېرىپ، دەريا دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ،
لەيلەپ كەلگەن ئوتۇنلارنى سۈزۈپ قىرغاق-
قا چىقاردى. ئوتۇن ئىككى يەردە خۇددى پو-
تەيدەك دۆۋىلەندى. كۈن تاغنىڭ كەينىگە
ئۆتۈپ نەيزە بويى قالغاندا، ئاندىن
ئۇلار دەم ئېلىشتى. شۇ چاغ سەبزەلىدەم ئې-
لىۋاتقان شېرىكلىرىگە قاراپ دېدى:

— بۇگۈن بەشىمىز خېلى كۆپ ئوتۇن يىغ-
دۇق، ئەمدى بۆلۈشۈۋالايلى، قېنى كىم تەق-
سىمات قىلىپ بېرىدۇ؟

— ئوتۇنچى باينىڭ تەقسىماتقا قولى
ئەپچىل، بۇ ئوتۇنلارنى شۇ تەقسىملەپ بەر-
سۇن، -دېدى باشقىلار شادەلىگە قاراپ، بۇ ئىش
دەل شادەلىنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. ئۇ،
دەرھال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بەلباغلى-
رىنى چىگىۋېتىپ، چاپانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىش-
قا كىرىشىپ كەتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە شادەلى ئوتۇننى
بۆلۈپ، يېرىمىنى ئۆزىگە، قالغان يېرىمى-
نى تۆت كىشىگە بۆلۈپ بېرىپلا ئىشنى
تۈگەتتى.

— ئوتۇنچى باي - دېدى سەبزەلى، نا-
رازى بولغان ھالدا، - چۈمۈچنى ساڭا تۇت-
قۇزساق قىلغان تەقسىماتىڭ مۇشۇمۇ ؟
بۇسۆز شادەلىگە يىڭنە سانجىغاندەك تەگدى.
چىرايى ئۆزگىرىپ قارىداپ كەتتى. ئۇ، كۆز-
لىرىنى ئالايتىپ، بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ
ئاچچىقلاش، قېيداش تەلەپپۇزىدا:

— مەن سىلەرنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل-
مىسەم، بۇنچىلىك ئوتۇنغىمۇ ئىگە بولال-
مايتتىڭلار، خۇداغا شۈكرى دەڭلار. بۇ ئوتۇن-
لارنى خۇدا بىزگە ئاتا قىلدى. كىم بۇ تەق-
سىماتقا شۈكرى قىلمىسا، ئۇنىڭغا بىر تال
چىۋىقمۇ يوق.

بۇنىڭغا نارازى بولغان سەبزەلى قاخ-
شىدى، دېمىگەن گەپلىرى قالمىدى، ئاخىرى
ئۆزى بىلەن بىرگە ئوتۇن سۈزگەنلەرنى
گەپ قىلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن ئۇلارمۇ
خۇددى تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويغان-
دەك شۈك ئولتۇردى. ئاخىرى سەبزەلى
ئۆزىگە بۆلگەن ئازغىنە ئوتۇننى
قېيداپ شادەلىگە تاشلاپ بەردى.

— مە، ماۋۇ ئوتۇنىمۇ سەن ئال،
توشۇۋال.

ئۇ شۇ كەينى دېگىنىچە ئارغىماقنى
بېلىگە باغلاپ قۇرۇق قول ئۆيىگە قايتتى.
ئوتۇنچى باي شادەلى بۇنىڭغا تېخىمۇ خۇ-
شال بولۇپ، ئوتۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،
تاشتا باسۇرۇپ قويۇپ، ئەرتىسى ئېشەك يى-
غىپ بىراقلا يۆتكىمەكچى بولۇپ ئۆيىگە
قايتتى.

شادەلى كەتكەندە كەلگىچە، «ئوتۇنچى باي
تاغدەك ئوتۇن دۆۋىلەپتۇ» دېگەن خەۋەر
تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر «ياغ-
ياغقا تامغاندەك» ئىش بوپتۇ، دەپ تە-
رېپلەشتى ۋە ماختاشتى. ئەينى ئەھۋالنى
تولۇق ئۇقمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ماخ-
تاشلىرىدىن سەبزەلى تېخىمۇ بىزار بولۇپ
ئىچى تىتىلداپ كەتتى، ئاچچىقىدىن لىۋى-
نى چىشلەپ، ئۆز قېنىنى ئۆزى شوراپ، قىل-
غان ئەمگىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ، «ئېسىت،
ئېسىت، بىر كۈنلۈك كۈچۈم» دەپ زارلىنات-
تى. كەچ كىردى، بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى سو-

زۈك بولغاچقا، ئاي قاراڭغۇلۇقىنى خۇددى كۈندەك يورۇتۇپ تۇراتتى. سەبزەلى پەرىشان هالدا ئۇخلاشقا ياتتى، لېكىن پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئوتۇنچى باي شادەلىنىڭ تەقسىماتى پەقەتلا كەتمەيتتى. بۈگۈنكى ئىشنى ئېسىگە ئالغاندا، بولۇپمۇ يالغاچ دەريادىن ئوتۇن سۈزۈۋاتقاندا، دەريا دولقۇنلىرىنىڭ سوقۇلۇشىغا ئۇچراپ، سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشكە قىل قالغانلىقىنى ئويلاپ، ۋۇجۇدىدا بىر خىل غەيرىي كۈچ پەيدا بولدى، نىيىتى بۇزۇلدى.

بۇ چاغ ئاللىقاچان كېچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. زەرەپشان دەريا دولقۇنىنىڭ ئۆركەشلەپ ئاققان ئاۋازىدىن باشقا هېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى، پەقەت ئايلا قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. سەبزەلى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، هېچكىمگە تۇيدۇرماي بەش چاقىرىم يولنى بېسىپ، باسۇرۇپ قويغان هېلىقى ئوتۇن دۈۋىسىنىڭ يېنىغا باردى، ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى دۈۋە ۋە ئوتۇنلارنى قۇچاقلاپ دەريانىڭ تېز ئۆركەشلەۋاتقان يېرىگە تاشلاپ، بىرەر تال چىۋىقمۇ قالدۇرماي سۇغا ئېقىتىپ، ئاندىن خاتىرجەم ئۆيىگە قايتىپ ئۇخلىدى.

تاڭ ئاتتى. كۈن تاغدىن ئەمدى چىقىشقا ئوتۇنچى باي شادەلى قولۇم-قوشنىلاردىن ئېشەك سوراپ، ئوتۇننى ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېشەكلىرى قۇرۇق هەيدەپ كەلدى. ئوتۇنچى باينىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشى هەممە ئادەمنى هەيران قالدۇردى. كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بىردەمدىلا ئوتۇنچى باي شادەلىنىڭ ئۆيى كىشىلەر توپى ئىچىدە قالدى. شادەلى دات - پەرياد سېلىپ: - بىر كېچىدىلا بىر نائىنساپ شۇنچە كۆپ ئوتۇننى توشۇپ كېتىپتۇ - دەپ ۋايسىدى.

— ياق - دېدى سەبزەلى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ،- نائىنساپ سېنىڭ ئىككى قولۇڭ، ئەمدى ۋاي- دات دېمە! ئوتۇننى بىزگە «خۇدا ئاتا قىلغان، بىرۇۋ مېنىڭ دېيەلمەيدۇ»، شۇڭا زەرەپشان دەرياسى ئۇ ئوتۇنلارنى توسالغۇسىز ئېقىتىپ، ئالىي قاچان ئادىل تەقسىماتچىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

مەيداندا مەسخىرە ئارىلاش كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى.

ئوتۇنچى باي پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى-دە، كىشىلەرنىڭ قايتا مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ «غىپپىدە» كىشىلەر توپى ئارىسىدىن غايىپ بولدى.

شۇندىن ئېتىبارەن «ئوتۇنچى باينىڭ تەقسىماتى» دېگەن بۇ سۆز ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، كىشىلەر بىرەر تەقسىماتقا دۇچ كەلگەندە، «ئوتۇنچى باينىڭ تەقسىماتىدەك ئىش بولمىسۇن» دەپ بىر - بىرىنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ئىش تاغ ئارىسىدىكى خەلق ئىچىدە ئادەتكە ئايلاندى.

**مۇھەممەت روزى**

# شېئىرلار

شائىر مۇھەممەت روزى 1935 - يىلى 3 - ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كىچىك تۇڭ يېزىسىدا چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1952 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، رايونلۇق مەدەنىي - مائارىپ، تەشكىلات بۆلۈملىرىدە، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىش بېجىرگۈچى بولغان ھەمدە ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت دۆيىنىڭ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1973 - يىلى لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان. مۇھەممەت روزى ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر مۇنچە ھېكايە، ئوچېرك، شېئىرلارنى يازغان ھەمدە تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «تاشقورغان ھەپتىلىك گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم شېئىرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشىر قىلغان «بىزنىڭ تىلەك» ناملىق بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمىدا «پامىر ئىلھاملىرى» ماۋزۇسى بىلەن توپلاپ ئېلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە تارقىتىلدى.

بۇ قېتىم شائىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئارىسىدىن يىغىۋېلىنغان ئەسەرلىرى ئىچىدىن بىر قىسمىنى رەتلەپ كىتابخانلارغا سۇندۇق.

(بۇ ئەسەرلەرنى ئۇچقۇنجان ئۆمەر تەييارلىغان)

## گۈزەل يايلاق

تاغ باغرىغا جايلاشقان مېنىڭ گۈزەل يايلىقىم،  
ئوتلاپ يۈرگەن تۈمەن مىڭ چارۋىسىدۇر بايلىقىم.  
كۆك ئاسمانغا تاقاشقان چوققىلىرى تاغلارنىڭ،  
كىيىك، توشقان مېھمىنى كەڭرى جىلغا، سايلارنىڭ.  
چوڭ قۇيرۇق دەپ قويى بار، داڭقى ئەلگە تارالغان،  
ئەسلىنىڭ، چوڭ قوتازى شۇنچە كۈچلۈك يارالغان.  
ئوتلاپ يۈرەر بەھوزۇر تۆگە، قوي ھەم يىلقىلار،  
تاجىك ئوغۇل - قىزلىرى ئاتقا بەك زوقمەن بولار.  
يايلىقىمنىڭ ئەتراپى كۆل - گۈلۈستان، دەرەخلىق،  
ئوتلاقلاردا رەڭگا - رەڭ گۈللىرى بار كۆك، سېرىق...  
دەرياسى بار زەرەپشان ئۆركەشلىنىپ ئاقىدۇ،  
يايلىقىمنىڭ ھاۋاسى تەنگە داۋا، ياقىدۇ.  
تەسۋىرلىسەم يايلاقنى تۈگىمەيدۇ ئىلھامىم،  
يايلاق ئىشقى ئىچىدا ئۈندەر مېنى ھەر دائىم.

1957 - يىل، 8 - ئاي.

## سۆيگۈ ئىزھارى

مۇھەببەتنامە يازدىم مەن،
بۇ — كۆڭۈلنىڭ ئىشقىدۇر.
ئەي جېنىم بۇ سالام خەت،
قوشۇلۇشنىڭ بېشىدۇر.

بولدۇم ساڭا مەھلىيا،
چىن دىلىمدىن ئىشقىۋاز.
رۇخسارىڭنى كۆرگەندە،
بولۇر ماڭا مىسلى ياز.

بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق بىز،
سالام خەتكە سال نەزەر.
ۋاپادارلىق بابىدا،
بىز قۇچايلى شان - زەپەر.

1959 - يىل، 3 - ئاي.

## ئۈمۈر ھەققىدە

كۆل توزۇيدۇ، ياش قېرىيدۇ،
بۇ — ھايات - قانۇنىيەت.
سۇ كەبى ئاققاي ئۈمۈر ئاھ!
توختىماس ئىزدا ئەبەت.

يىرتىلىپ كەتسە ئۈمۈرنىڭ،
دەپتىرىدىن بىر ۋاراق.
توزىغاي گويا ھاياتنىڭ،
گۈلشىنىدىن بىر ياپراق.

ئادەمگە بايلىق — ۋاقىتكى،
قىممىتى ئالتۇن - دىيار.
بۇ ھاياتقا جۇش مەلىكە،
زىلۋا چاغ - ياشلىق باھار.

گۈل - گىيا سۇنسا شېخىدىن،
ئۇ دەرەخ قالغاي يالاڭ.
ئۆمرى ئۆتسە ياش چېغىدىن،
ئادەممۇ بولغاي گاراڭ.

كىمكى ياشلىق چاغلىرىدا،
ئىزدىسە ھارماي بىلىم.
بىر ئەمەس مىڭنى يېڭىدۇ،
ئۇ بولۇپ كۈچلۈك ئېقىن.

ئۆمرىدىنى ئۆتكۈزسە ھەركىم،
ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك.
ئەل ئىچرە تاپقاي ئىناۋەت،
ئۇ ياشار مەڭگۈ تېرىك.

ۋاقىتنى سۆيگەن كىشىلەر،
تاپىدۇ قۇت قاتمۇ قات.
ئۆتكۈزەيلى ئۆمرىمىزنى،
تۆھپىسى مول، باياشات.

1960 - يىل، 8 - ئاي.

دولقۇن ئەلمدات

## خىلۋەت قىيا

بۇلۇتلۇق ھەم مىسكىن ساماۋى ئاسمان،
ئاشىقلار ئاھىغا تۆكمەكتە كۆز ياش،
چاقماقلار چېقىلىپ گۈكىرىسە بوران،
ئېتىشار قىيالار تۇمانغا زەر تاش،
ئاشىقلار ئاھىغا تۆكمەكتە كۆز ياش.

غەزەپتە تۇمانلار كۆكسىنى تىلەپ،
قىيالار كۆتەرسە مەغرۇرانە باش،
تەبەسسۇم ئەيلەيدۇ كەڭرى كائىنات،
ئىللىق نۇر بەرگەندە شۇ قۇتلۇق قۇياش،
قىيالار كۆتەرسە مەغرۇرانە باش.

يار بىلەن تۇرغاندا خىلۋەت قىيادا،
كۆلكىمىز شاۋقۇنلۇق دەريا بوپ ئاقار،
ئۆزگىلەر مارىسا رەزىل تامادا،
غەلىبىمىزچېڭىدا كۆمۈلۈپ ياتار،
كۆلكىمىز شاۋقۇنلۇق دەريا بوپ ئاقار.

**ئىساق ئازارە**

# ئىككى شېئىر

شائىر ئىساق ئازارە 1942 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بەلدىر يېزىسىدا چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكتە ئارتىس ۋە ئىجادىيەتچى بولغان. ئۇنىڭ دادىسى ئاتاقلىق خەلق نەغمىچىسى بولۇپ، ئىساق ئازارە ئاتىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ناخشا - قوشاق، مۇزىكا، خەلق سەنئىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان.

ئىساق ئازارەنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1959 - يىلى باشلانغان بولۇپ، 1961 - يىلغا كەلگەندە ئۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەتچىسى بولۇپ قالغان.

ئىساق ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق تاجىك مىللىتىنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيەت، ناخشا، مۇزىكا سەنئىتىگە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە رېئال دەۋر روھى سىڭگەن شەكىلنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك، روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، تىلى راۋان، خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، روھى ھالىتى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە پىسخىك ھالىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ناخشا، قوشاق، شېئىرلىرى تاجىك خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا خەلقنىڭ ئارزۇلاپ ئوقۇيدىغان ناخشىلىرىغا ئايلاندى.

ئىساق ئازارە 20 يىلدىن بۇيان 500 دىن ئارتۇق ناخشا - قوشاق درامما، ئېيتىشىش، كومېدىيە، ئوسسۇللۇق ناخشا ۋە 100 دىن ئارتۇق مۇزىكا ئىجاد قىلىپ خەلقىگە تەقدىم قىلدى. تاجىك ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىدە يېڭىچە يۈزلىنىش يارىتىشقا ئاساس ياراتتى. ئۇنىڭ بىر قانچە ناخشىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن داۋاملىق ئاڭلىتىلدى ۋە ئاڭلىتىلماقتا.

يولداش ئىساق ئازارە 1984 - يىلى 4 - ئايدا 42 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاقىتسىز ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى — ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر يوقىتىش. يولداش ئىساق ئازارە تاجىك خەلقى قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

(بۇ شېئىرلارنى ئاتىكە زەمىرى تەييارلىغان).

## گۈلبىتە

گۈلبىتە كەلدىم قېشىڭغا سائا مېھمان بولغىلى،
مېھمان ئەمەس، قارا كۆزىگە شەيدا - قۇربان بولغىلى.
مېھمان دېمە، مەن سەن ئۈچۈن كەلدىم غەمخان بولغىلى،
مېھردىن ئېلىپ گۈل بېغىڭغا كەلدىم گۈلخان بولغىلى.

نەزمى ھەردەم ئىچرە ئۆزۈڭ خۇددى بىر بۇلبۇل سۈپەت،
گۈلزار ئارا باغ ئىچرە سەن گويا رەيھان، گۈل سۈپەت.
مەن سەن ئۈچۈن كۆيدۈم، كەلدىم، ئاشىقى مەجنۇن سۈپەت،
ئاپىغا ئوخشاش گۈل ھۆسنىڭگە كەلدىم داستان بولغىلى.

بار شادلىقىم ساڭا پەۋەس شېرىن زابان گۈلبەنتە،
يېڭى دەۋرىم غۇنچىسى سەن خۇش سۇ خەندان گۈلبەنتە.
تەر دېمىگىنى كۆيگە قاتتىم مىسلى رەيھان گۈلبەنتە،
كەلدىم بۈگۈن سېنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىر جان بولغىلى.

1980 - يىل مارت، تاشقورغان.

## سۆگەك نەي

ئېگىز تاغدا ياڭرىغان سۆگەك نەينىڭ ئاۋازى،
بېغىشلايدۇ يۈرەككە شۇنچە لەززەت - خۇشاللىق.
كۆڭۈل زوققا تولىدۇ، دىلدا ئىلھام قاينايدۇ،
بۈركۈت قانات شۇ نەينىڭ ئاۋازى شوخ جاراڭلىق.

بەختىيار بۇ زاماندا راست قىزىتىپ يايلاقنى،
خۇشال ئۇسسۇل ئوينايمىز سۆگەك نەينى ياڭرىتىپ.
يېڭى بەيگە چاپىمىز تۇلپار مىنىپ تاغ ئارا،
تاجىك خەلقى قىز - يىگىت بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىپ.

ياڭراق نەي ئاۋازىدا بەختىمىزنى كۈيلەيمىز،
رەڭدار پوپۈكلەر بىلەن ئۇنى گۈزەل ياسايمىز.
بۇلبۇل كەبى سايرىتىپ ئۇنى سۆيۈپ چالىمىز،
مۇڭلۇق زىل ئاۋازىنى ئاڭلاپ زادى قانمايمىز.

1981 - يىل ئاۋغۇست، تاشقورغان.

مەمەجان قۇربان

## يايلاقتىكى دوستلۇق

بولدى غۇبارسىز گۈزەل يايلىقىم،
ئالدى خۇش چىراي رەڭدار يايلىقىم.
چوپان بولدى شاد گۈزەل يايلاقتا،
خۇش نەغمە ياڭرار، ئاشار شادلىقىم.

تەمبۇر ۋە راۋاپ ياڭرار سۆگەك نەي،
ئەجەب خۇش ناۋادا مۇقامغا چالدي.
ئۇسسۇل خۇمارى تاجىك ۋە ئۇيغۇر،
ئەرش ۋە زېمىننى لەرزىگە سالدى.

تىكلەنگەچ بۇندا دوستلۇق - ئىناقلىق،
ھەر بىر سەپەردە غەلىبىلەر قۇچتۇق،
قەلبىمىز مەڭگۈ باغلانغاچ بىرگە،
پەر قېقىپ بۈركۈت مىسالى ئۇچتۇق.

شانىياز كەپەل

# شېئىرلار



شانىياز كەپەل 1960 - يىلى تاشقورغان ناھىيە بۇرۇمسال يېزا، زوراپ كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان.

شانىياز كەپەلنىڭ ئىجادىيىتى 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە قەدەر ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا تۈرلۈك تېمىلاردا 300 پارچىغا يېقىن شېئىر يېزىپ، بۇنىڭدىن 70 پارچىغا يېقىن شېئىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ، ھازىر تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ھەم تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەت نۇرىنى تۆكۈش بىلەن بىرگە، بوش ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، دەرستىن سىرت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

## ياز

تاڭدىكى نۇرلۇق قۇياشتەك پارلىغان دەۋرانىنى ياز،
چەك - چېگرىسىز ئۆندىگەن بىزنى ئېسىل پەرمانىنى ياز.
چەك - چېگرىسىز قايناملىرىغا چۆشتى مىڭلاپ پەھلىۋان،
كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەتكە تولغان بۇ چىۋەر مەردانىنى ياز.
چۆمدى نۇرغا تاغ - ئېدىرلار، بولدى پامىر گۈل - چىمەن،
يايرىدى ئەللەر ئاجايىپ، بۇ چىمەن بوستانىنى ياز.
كەڭ قۇچاق ئاچتى بىلىم گۈلشەنىمىز بىزگە مانا،
ئىچمىسەڭ شەربەت بىلىمدىن، بۇ يېڭى ئىمكانىنى ياز.

## نۇر ئوغلىمەن

تۇغۇلدۇم نۇر ئىچىدە، نۇر ئوغلىمەن،
نۇر - زىيادىن قۇۋۋەت ئەمدىم، كۆكچە تولدۇم.
تاغ - ئېدىرەك مۇجەسسەمدۇر ۋۇجۇدۇمدا،
شىر كەبى كۆكچە تولدۇم، جەسۇر بولدۇم.

يارايمەن نۇر ئىچىدە ھوزۇرلىنىپ،
سايرايمەن چىمەنلەردە بۇلبۇل بولۇپ.
زامانەم سىخى قۇچاق ئاچتى بۇ تاپ،
ئۆتىمەن زامانىنىڭ شاد پەيزىنى سۈرۈپ.

ئەندازە ھەر ئىشىمدا ئەجدادلارنىڭ،
ئەجرىدىن قالدۇرغان ئىز - ئۆرنەكلىرى.
تەۋەرۈك مىراسلاردىن ئېلىپ ئىلھام،
ئېچىلغاي ئىجادىم گۈل - چېچەكلىرى.

## باھار شادلىقى

باھار پەيزى ئەجەب ياخشى،
كۆكەردى – گۈللىدى چۆللەر.
باھاردىن نۇر ئىچىپ ياشناپ،
ئېچىلدى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر.

تورغاي، بۇلبۇل ناۋا قىلدى،
كۆيۈپ گۈل ئىشقىدا تىنماي،
ئاڭا جۆر بولۇپ يىگىت – قىزلار،
مۇقاملار توۋلىدى ئاي – ھاي.

باھارنىڭ پەيزىدىن ياشناپ،
كۈلەر ئارزۇم، زەرەپشان ھەم.
باھار تويى – ناۋاسىغا،
چۆمسە پامىر، تىيان شان ھەم.

## مەي ھەققىدە رۇبائىيلار

مەي ئىچتىم ئەقلىدىن سوراپ ئىجازەت،
تارالدى تېنىمغا ئىسسىق ھارارەت.
قالسام گەر دەقىقە مەيسىز شۇ ھامان،
باسىدۇ مېنى دەرت، كۆلپەت – مالامەت.

× ×

مەي ئىچتىم، ئاز ئىچتىم، تاپتىم ئىناۋەت،
شۇ ھامان كەڭ قۇچاق ئاچتى ساﺋادەت.
مەي ئىچتىم، قىلمىدىم بەجا تۆت شەرتنى①
باستى شۇ ھامانە مېنى مالامەت.

× ×

مەي ئىزدەپ يول ئالدىم ھەييام ئىزىدىن،
مەي ئىچتىم ھەييامنىڭ قىزى قولىدىن.
مەنىلىك يۈزۈمگە باقتى بىر جاناب،
يانمىدىم ئوغلاندەك ۋىجدان يولىدىن.

× ×

مەي ئىچتىم، مەينىڭ خۇش پەيزىنى سۈردۇم،
ماڭا مەي تۇتقان بىر گۈزەلنى كۆردۈم.
مەي بىلەن شۇ گۈزەل ھەمرىيىم ئەبەت،
ئايرىلسام ئۇلاردىن، شۇ ھامان ئۆلدۇم.

× ×

مەيخورلار مەي ئىچىپ قۇرۇشتۇق بەزمە،
سازچىلار، رەققاسلار قىلىشتۇق نەغمە.
دەرۋەقە، شوخلۇقتا – مەي كۈچى بىرلە،
پۈتتۈپتۇ كۈي – غەزەل، پۈتتۈپتۇ نەزمە.

× ×

مەي ئىچسەم شادلىققا تولىدۇ قەلبىم،
مەي بىلەن قۇرۇلغان تۇرار جاي – تەختىم.
مەي بىلەن پۈتسە ھەم قەبرەمنىڭ لېۋى،
مەي پۇراپ ياتسامتىم، شۇ مېنىڭ بەختىم.

× ×

مەي ئىچىپ، قازىنى كۆرمەسكە سالدىم،
ئۆتمەيدۇ «قارغىشى» دەپ ئويلاپ قالدىم.
تۇيۇقسىز چۆچۈدۈم، تارالدى قورقاق،
ئىزدىدىم قازىنى، ئۆيىگىچە باردىم.

× ×

مەي ئىچمىش ئامىتىم، يانمايمەن ئەبەت،
ئالمايمەن سۆزۈڭنى قىلما نەسىھەت.
مەي ئىچىپ بۇ ئۆمۈر ئۆتىدۇ ئاخىر،
بىر ئۆمۈر باغلىدىم مەيگە مۇھەببەت.

① تۆت شەرت – ئۆلپەت، ئورۇن، ۋاقىت، مىقدار.

قەدەم دىرىمزادە

# شېئىرلار

## پامىر بېزەكلىرى

پامىردا تاغ ـ داۋان، كۈمۈش قار ـ مۇزلار،
قار ـ مۇزلار ئەكسىدە كۆلەر يۇلتۇزلار.
پامىردا قاڭشالىق، كەياك① يىگىتلەر،
دىلرەبا قىز ـ چوكان ـ مېھرى تومۇزلار.

پامىردا زەرەپشان ـ ئەزىم دەريالار،
دەريالار بويىدا كۈلەر رەنالار .
رەنالار بەرگىدە شەۋقى بۇلبۇللار،
مەست ئېتەر كىشىنى خەندان ـ نىدالار.

پامىردا خۇجەستە ئېدىر ـ جىلغىلار،
هەر ياقتىن كەلگەن سۈپ ـ سۈزۈك ئېقىنلار.
ئېقىنلار تۇمشۇقى قىشلاقلا سەدەپ،
يايلاقتا ياراشقان هالقا ـ نىگىنلار②

پامىردا زەر باسقان سەتەڭ③ ۋادىلار،
ھېسابسىز چارۋىلار، قىشلىق كەكلىكلەر.
ئىسقىرتىپ ئويناشقان چىچەن سۇغۇرلار،
سەكرىگەن تىك قىيا ئاتلاپ كېيىكلەر.

پامىردا قورام ـ تاش ـ گۆھەر ئۈنچىلەر،
تاش ئۈزرە ئېچىلغان نوتا ـ غۇنچىلار.
هالاۋەت تېشىدا ئىلھامى بىلەن،
كۈيلىگەن ئىقبالىنى چوپان ـ قويچىلار.

پامىردا دىلپەرىز گۈزەل تابىستان ④
قۇيۇلار تابىستان كۆزىدىن باران⑤

مىسران ئەۋج ۋە لەيلى تەسۋىرى كۆلدە،
ئۇسسۇلى قىلىچنى ئەتكەن ناما يان.

پامىرداگۈلمەيلىس⑥، رەققاس بۈركۈتلەر،
بۇلۇتلار بەئەينى ئاق شاھى رەۋدار⑦
مۇشۇنداق مەنزىرە تۇسىدە دەيمەن—
تاجىكلار تۇيىنىڭ كارتىنىسى بار.

پامىردا هەممە تاغ ئالتۇن ئايالىق،
شەۋكەتتىن بېلىگە كەبەند باغلالىق.
ئاق رەڭدە لەپىلدەر چوققا لەلمىسى ⑧
نۇر شاھى بولغاچقا ئاڭا چىن ئاشىق.

پامىردا ياشايدۇ بۈيۈك ئىنسانلار،
چىن يۈرەك مىزانى پاكلىق ـ ۋىجدانلار.
بۇ دىيار ساقلىسا شۇنداق ئەنئەنە،
ياغمىدۇ شەنىگە غەزەل ـ داستانلار؟!

پامىردا شىرازى مىللىتى نەسلى ،
فىردەۋسى، شاھناسىر قىزى ۋە ئوغلى⑨
تارىختىن ساقلانغاچ ئۇلۇغ مىراسلار،
ئەقلىدىن پارلىغان نەۋ باھار پەسلى.

---

① كەياك ـ ئەكمەقاشلىق، ② نىگىن ـ ئۈزۈك؛ ③ سەتەڭ ـ گۈزەل، ④ تابىستان ـ ياز، ⑤ باران ـ يامغۇر، ⑥ گۈلمەيلىس ـ شوخ، ⑦ رەۋدار ـ تەشەككۈر باغلىقى، ⑧ لەلمە ـ دەستار ـ ياغلىق، ⑨ شىرازى، فىردەۋسى، شاھناسىر ـ تاجىك كىلاسسىك شائىرلىرى.

## دادامغا

( مۇۋەششەھ )

«دال» (1) بىلكىن تۇرقۇم مانا ئالدىڭدا ھۆرمىتىڭ ئەۋان(2)،
چۈنكى، مەن پەرزەنت دۇرۇرمەن، مۆھتەرەمسەن ھەر زامان.

ئىختىيار ئەتتىم تېرەن ۋە سىغىمىدە يازماقنى غەزەل،
زۇل جەلال(3) مېھرىڭ تابىستان(4)، ھېسلىرىم جۇشقۇن باران(5)

رەنىدىلەپ قويغاچ كۆدەكلىكىمنى ئۆتكۈر ۋەزلىرىڭ،
جىسمۇ - روھىم تۈز چىناركى قۇت تامان ئاھ... شاخلىغان.

بال - بەھىر ئالدىم سۆزۈڭدىن پايدىكەش ئوغلان بولۇپ،
يوللىرىمدىن ئۈندى سەۋسەن، خار - تىكەن بولغاچ نىھان.

ئېن ئۆمۈرتېغىم ئۇچۇندۇر سەن بۈيۈك مېھمان - شەپەق،
شەۋكىتىڭ ۋولقان ۋىسالى چىن يۈرەكتىن پارلىغان.

نەۋ(6) قەلەم تەۋرەر قولۇمدا، مەن غەزەلخان ئەندەلىپ،
سەن كۆيۈمدىن چاقنىغان ئالتۇن سۇرەت، زەر نۇرەفشان.

### كۆككە ئۇلانغان سوئال

زەر غەلۋىر ئىچىدە تاسقالدۇق مانا،
ۋە لېكىن، مەنزىللەر تېخىچە غۇۋا.
كۆتمەكتە بىزلەرنى دەۋر دوقمۇشى،
نىسپەتۇر، ئەي خەلقىم، بىزگە ھۆر دۇنيا!

قولاققا ئاڭلانسا مەنىسىز كۈيلەر،
ئېزىتقۇ لەززەتتىن تىكتۇردۇق كېپەن.
شۇم ئەجەل ھەققىدە ئاڭلىدۇق قىسسە،
ياڭرىسا ئۇل ماكان تەشۋىشى بەزەن.

ئەپتىخار دەشتىدە دۆۋىلىدۇق قۇملار،
ئەجدادلار روھىدىن چىققاندا شامال.
تەنتىرەپ يۈردۈق ئىز مەجنۇن تۈسىدە،
بۈگۈننىڭ لەيلىسى تاپقاندا زاۋال.

تاغلارغا بولۇتتىن باغلىدۇق سەللە،
قىلماقچۇن تەگرىنى ئۇنتۇپ، سەجدە.
ئۆمۈرنى ئۇزارتتۇق زەلىلەت تامان،
خوراپات بويىنغا سېلىشىپ كىرە.

مۆككۈنگەن بولۇتلار قېتىغا ئىقبال،
كۆرمەكتە بىزدە بار ئويلىسام ئىمكان.
بولمامدۇ ئەۋلادلار كېچىسى ناپەيز،
تەرىقەت كۆكىدە كۆلمىسە چولپان؟!

---

(1) دال - «د» ھەرپى، (2) ئەۋان - ئەيۋان، (3) زۇلجەلال - ئۇلۇغ، (4) تابىستان - ياز، (5) باران - يامغۇر، (6) نەۋ - ياش.

سىجەك ۋەزىرى

## ئىسسىق بۇلاق* گۈللىسۇن

(تاشقورغان ئىسسىق بۇلاق ساناتورىيەسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىكىگە بېغىشلايمەن)

ئاھ، دۇنيانىڭ ئۆگزىسى، مۇز تاغ ئاتا مەدەتتۇر،
تىك چوققا تاغ - داۋاندا، قار-مۇزلىرى قەۋەتتۇر.
زۇمرەت سۈيىن ئىچىشىپ، جىمى مىللەت باياشات،
ئۆز ئەركىدە ياشايدۇ كۆڭۈل خۇشال، يۇرت ئاۋات.
تاغ باغرىدۇر بەك گۈزەل، گۈل - گۈلىستان چىمەنزار،
كىيىك، ئارقار سەكرىشىپ، ئۇلا، كەكلىك سايرىشار.
جەرەن، تۇشقان توپلىشىپ، تاغ - جىرادا ئوتلايدۇ،
قوي - قوزىلار مەرىشىپ، ئوتلاقلاردا يايرايدۇ.
ئۇندا باردۇر قەدىمى، تارىخ گۇۋاھ، بىر بۇلاق،
ھېكمىتىدىن لوقمانىنىڭ ئايان ئېتەر سىر بۇلاق.
دەيدۇ ئۇنى تاجىكلار: تەنگە داۋا شىپالىق،
خالاس تاپار ئۇنىڭدىن دەردى پەلەج، بىمارلىق.
زۇمرەت سۈيى كۆي قېتىپ ئاقار راۋان شىلدىرلاپ،
قىشىن - يېزىن ئوخشاشلا قايناپ تۇرار بۇلدۇقلاپ.
يېڭى دەۋر تاغلىققا بەردى يېڭى ئۆزگىرىش،
بۇ ئورۇنغا سېلىندى زەپ چىرايلىق قۇرۇلۇش.
خىسلىتىدىن ياغدۇرۇپ بىمارلارغا شاپائەت،
ئىسسىق بۇلاق گۈللىسۇن ئەل بەختىگە داۋامەت.

بەختىمبەك موللا ھوشۇر

## ھاراق

بەزىلەر كۆپ ئىچسىمۇ قەۋەت خۇشال قىلدى ھاراق،
بەزىلەر ئاز ئىچسىمۇ لېكىن، ئۇسال قىلدى ھاراق.
بىر كۈنى ئونغا يېقىن دوست ھەم بۇرادەر جەم بولۇپ،
سىردىشىپ ئاشخانىغا كىرگەنىدۇق، كەلدى ھاراق.
ئولتۇرۇشتۇق جوزىنى قورشاپ ئېلىپ چەمبەرسىمان،
ساقىمۇ بولدۇقلىتىپ رۇمكىغا لىق قۇيدى ھاراق.
رۇمكىدا مەي ئاز ئەمەس، ئوخشايدۇ بېلىق كۆزىگە،
جانلىنىپ كەتتى سورۇن، بۇنىڭ سەۋەپكارى ھاراق.
بۇ زىياپەت شۇ ھاراقتىن باشقىنى تەرك ئەيلىگەي،
ھەم زاكوسكا رولىنىمۇ ئارتىۋالغانتى ھاراق.

* ئىسسىق بۇلاق — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مۇزتاغ باغرىدىكى شىنجاڭ بويىچە داڭلىق شىپالىق بۇلاقتۇر.

بوشىتىلدى بەش بوتۇلكا، «بولدى، بەس!» نى بىلمىدۇق،
«قەلبىنى چۈشەندۈرۈش» كە تۈرتكە بولغانتى ھاراق.
قايدى باش، قانغا تولۇپ كۆز، باشلىنىپ جەڭگە - جىدەل،
زەپ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنى ئاخىرى بۇزدى ھاراق.
بەزىلەر ھېچبىر گۇناھسىز يا ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ،
يېرىلىپ قاپاقلىرى، قانغا بوياپ قويدى ھاراق.
نەچچە ۋاقىتتىن ھېچ جىدەل ۋە مۇشلىشىشنى بىلمىگەن،
سايىسىدىن ھۈركىگەن ئاجىزغا كۈچ بەردى ھاراق.
قويمىغان بولسا سولاپ سېنى بوتۇلكا ئىچىگە،
يەنە قانداق سېھرى - ھېكمەت كۆرسىتەتتىڭكى ھاراق.
گەر ئۆتۈپ قالسام يېنىڭدىن كۈتمىگىن مەندىن ئۈمىد،
مەن سېنى ئىككىنچىلەپ ئىچمەيمەن، بەس، بولدى ھاراق.

دادىخانۇر ئېلى

## زەرەپشان كۈيى

قىلدىم چىمەن پەسلىدە زەرەپشانغا زىيارەت،
بويلىرىغا زوقلاندىم، كۆرۈپ نۇرغۇن كارامەت.
پۈتۈن ئەتراپ يېپ - يېڭى تۈسكە كىرگەن چىرايلىق،
سۈرەت گويا كەڭ ئېتىز، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئىمارەت...

شاۋقۇنلايدۇ زەرەپشان تەنتەنە قىلىپ بەختىگە،
زۇمرەت سۈيى مەۋج ئۇرۇپ ئاقار ئېتىز - مەلىگە.
يۈرىكىمدە جۇش ئۇردى قايناق ئىلھام دولقۇنى،
كۈي قاتتىم مەن خىسلەتلىك يېڭى باھار شەنىگە.

چۆكتۈم چوڭقۇر خىيالغا، زەرەپشانغا كۆز تىكىپ،
ئۆتكەن - كەچكەن ئالدىمدىن ئۆتتى بىر - بىر تىزىلىپ..
خاراپلىشىپ كەتكەنتى بۇ يەر ئۆتكەن كۈنلەردە،
قاچقانىدى بەرىكەت، چارۋىچىلار مۇڭلىنىپ.

كۈلدى قايتا زەرەپشان چۆمۈپ قۇياش نۇرىغا،
خۇددى گۈزەل كەشتىدەك گۈل بېسىلدى بويىغا.
دولقۇنلىرى جۇش ئۇرۇپ، ئاقار راۋان شوخلىنىپ،
شاۋقۇنلىدى كۈي قاتار تاجىك خەلقى تويىغا.

ئاخۇنلىك مالىكباي

## تويى ناۋاسى

ئوتتۇز بەش يىللىق تويغا قىلىنغاندا تەنتەنە،
چۈشتى تاجىك چەۋەنداز ئات چاپتۇرۇپ بەيگىگە.
ھەممە يەرنى قاپلىدى، خوشال كۈلكە، شاۋقۇنلار،
ھوزۇر بەرگەچ ئۇلۇغ تويى قىرى - ياشنىڭ قەلبىگە.

ئىنتىلىپا قلىق - ئۆملۈكتىن كۈلدى پامىر قاقاھلاپ،
تەڭكەش بولدى نەيگە داپ، ھۆسۈن قوشتى بەزمىگە.
باي بولۇشقا تاغدىمۇ كەڭرى پۇرسەت يارالغاچ،
بۇ ئۆزگىچە دەۋرنى قاتتى قوشاق - نەزمىگە.

گۈزەل يايلاق، قارلىق تاغ بۇ كۆرەكتىن شاتلاندى،
بۈيۈك مىللىي سىياسەت ئىرىشكەچكە غەلبىگە.
يېڭى نىشان، مەنزىرە قۇچاق ئاچتى ئاجايىپ،
ھەممە مىللەت قول تۇتۇپ، ئۆرلەيمىز چوڭ پەللىگە.

XXXXXX~~~~~~~~XXXXXX

ھەيدەر ئەزىزبەك

## مەندە بار ۋىجدان

مەندە بار ئۈمىد، مەندە بار ۋىجدان،
ھەر بىر چېلىشتا مەندە بار دەرمان.
ۋەتىنىم، خەلقىم ئۈمىدى ئۈچۈن،
ئۆلسەممۇ ھەرگىز يوق مەندە ئارمان.

خەلقىم ئالدىدا بېرىمەن قەسەم،
لەۋزىمگە ئىشىم كەلمىگەي خىلاپ.
ھەر قانداق جۇدۇن - چاپقۇنلاردىمۇ،
بۇ مېنىڭ ۋەدەم ھەرگىز ئەمەس لاپ.

~~~~~~~~~~~~~~

ئادالەت قەلەم

## تەڭكەش بۇلبۇل ئاۋازىغا

تولدى ئانا - مەكتەپ قوينى،
سەر خىل گۈلگە - چېچەكلەرگە.
ئۇرۇپ خەندان شوخ بۇلبۇللار،
يەتتى ئارزۇ - تىلەكلەرگە.

قىلسا سەيلى بۇ باغنى كىم،
بولار مەپتۇن گۈل - يازىغا.
قىلار ھاياتدۇتارىنى،
تەڭكەش بۇلبۇل ئاۋازىغا.
~~~~~~~~~~~~~~

ئىسمائىل ئېزىز

## گۈزەل يۇرتۇم

يۇرتۇم تاغلىق، گۈزەل كەنت،
باغۇ - بوستان ھەممە ياق.
ئاقار زۇمرەت سۇلىرى،
ئەتراپى يېشىل ياىلاق.

ئىككى تاغنىڭ ئاراسى،
پىچىرلىشار ساباسى،
بولار توي ھەم مەرىكە،
ياڭرار بەخت ناۋاسى.

ھاۋاسى ساپ، بىغۇبار،
مىسلى جەننەت باغلىرى.
مەنزىرىسى بەك ئېسىل،
ئاسمان پەلەك تاغلىرى.

ياتار بۇندا ھەر خىل كان،
ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ئوران.
بەكمۇ داڭلىق قاش تېشى،
دۇنيا غىمۇ تونۇلغان.

ئالتۇن چايقار زەرەپشان،
بويلىرىدا گۈل - رەيھان.
ئۆتكەن بۇندا ئەجدادلار،
پاراسەتلىك، قەھرىمان.

توپ - توپ ياىلار چارۋىسى،
باقار ئۇنى چوپانى.
تاجىك خەلقى مېھماندوست،
مول، نېمەتلىك داستىخانى.

شاپتۇللىرى ئوخشىغان،
ئۆرۈكلىرى جانانە.
ئەجەب تاتلىق ئۈزۈمى،
باغلىرىدۇر سەيلانە،

ئېگىز تاغنىڭ بېلىدىن.
يول ياسالدى يېگىدىن.
ئاسان بولغاچ مۈشكۈللۈك،
خەلقىم خۇرسەن دېلىدىن.

يۇرتۇم يىگىت - قىزلىرى،
پەنگە بەرگەن ئىشقىنى.
خۇراپا تلىق چېكىندى.
ئۇرغۇتقاچ ئەل روھىنى.

داڭلىق دېگەن نامى بار،
باي بولۇشقا يولى بار.
تامچە بولۇپ چوڭ تويغا،
تۇتقان دەستە گۈلى بار.

ئابدۇللا ساۋۇت



# ئارسلان قۇترايدۇ

(تارىخىي ھېكايە)

غەربتە چوقچۇيۇپ تۇرغان قارلىق چوققىلار كۆزگە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنگەن بىلەن ماڭسا- ماڭسا يەتكىلى بولمايدۇ. يىراق، بۇ يەردىكى بىر- بىرىگە مىنگەشكەن، قاتمۇ- قات، ئېگىز- تىك، تاقىر، گىيا ئۈنمەس تاغلاردا بولسا قار يوق. شۇنداقتىمۇ، بۇ تاغلار نەيزىدەك ئۆتكۈر، ئۇچلۇق چوققىلىرى، قارامتۇل، ساغۇش، سۈرلۈك قامەتلىرى بىلەن كىشىلەرگە رىۋايەتلەردىكى ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق تىلسىماتلارنى ئەسلىتىدۇ. پەستە رەسكام دەرياسى بىلەن تاشقورغان دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان قەدىمىي زور ئېقىن — يەكەن دەرياسى ئەنسىزشارقىرايدۇ. باش باھارنىڭ تەلۋە جۇدۇنى كۆكنى قاپلىغان، شىۋىرغان تىنىماي ھۇشقۇيتىدۇ، تاغلار ئارىسىدىكى جىملىق مانا شۇ سەۋەبلىك بۇزۇلغان.

ئىككى- ئۈچ كۈندىن بېرى، بىردىن- ئىككىدىن بولۇپ ئايرىتاشتىكى تاغ قاپتىلىغا توپلانغان جەڭچىلەر ئارىسىدا جىمجىتلىق ھۆكۈمران. بۇ جىمجىتلىق جىددى، ئەمما ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈنات، چەكسىز چېكىنىشكە قارشى سۈكۈنات. شۇنداق ھايات- مامات ئوتتۇرىسىدىكى غەزەپلىك، جاھىلانە سۈكۈنات... ئىدى.

پولكوۋنىك لەشكەر جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا جەڭچىلەردىن ئون قەدەم يىراق يەردە — شېغىللىقتا ئۆرە تۇراتتى. سوغ شامالدا بىلىنەر- بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان ئۇزۇن، ساغۇچ، ئۇچى ئېگىلگەن بۇرۇتى 30 ياشلىق قىران بەستىگە ئانچە ياراشمىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن تۈجۈپلەپ ياسىتىلغانلىقىغا قارىماي، ئەدىلىكتە ئۆسۈپ ئۈستۈنكى كالپۇكىنى پۈتۈنلەي ياپقان بۇ بۇرۇتلار ئۇنىڭ جەڭچىلىك، كوماندىرلىق سالاھىيىتىگە ئالاھىدە ھۆسن بېغىشلاپ تۇراتتى. داۋاملىق چېكىنىش توغرىسىدا ئىككى سائەتكە يېقىن سۆز قىلغان، سۆزلىرىنىڭ ھەر بىر جۈملىسىدە باششتابنىڭ بۇيرۇقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، جەڭچىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشقان لەشكەر ھېچكىمنىڭ مىدىر- سىدىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. ئۇ، ھەر قېتىم شېغىل ئۈستىدە ئۇيان- بۇيان ماڭغاندا جەڭچىلەرگە يان تەرەپتىن كۆرۈنۈپ قالغان يۈزلىرى، كۆزلىرى ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ئېپادىلەپ تۇراتتى.

بۈگۈن كېچە جەڭچىلەر مۇشۇ قاپتالدا

تۇنىگەنىدى، نەدىكى تۇنەش بولسۇن؟ ئۇلار
كىچىچە بىر-بىرلىرىنىڭ چىرىۇق تارتقان، با-
جىنگىر كەيگەن پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۇخ-
لىماي تاڭ ئاتقۇزۇشتى. ھارغىنلىق، ئۇيقۇ-
سىزلىقتىن قىزارغان كۆزلەر چوققىلار ئۇستى-
دىن يۈز ئاچقان باش باھار ئەتىگىنىدىكى
قۇياشنىڭ سۇس نۇرىدا تېخىمۇ قىزىل رەڭ
ئالغانىدى. لەشكەر ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوقتەك
تىكىلگەن كۆزلىرىدىكى قۇياش نۇرىدا جۇ-
لالىغان قىزىللىقتا سىڭىپ كەتكەن قان ۋە
ئۆلۈم دەھشىتىنىڭ غەزەپلىك ئىپادىلىرىنى
كۆرۈپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەردىكى غەزەپ ئى-
پادىسى— لەشكەرنىڭ چېكىنىش تۇغرىسىدى-
كى بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۇلارنى قىيناۋاتقانلىقى-
دىن پەيدا بولغانىدى. لەشكەرنىڭ كۆز ئال-
دىدىكىسى ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن
باش تارتىپ، ھېلىمۇ-ھەم جۇۋۇلىرىغا پۈر-
كۈنۈپ ئولتۇرۇشقان، جانىدىن تويۇپ تەلۋى-
لەشكەن ئىنسانلار تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئىدى.
ئۇلار تېخى يېقىندىلا كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى
ئاڭلانغان ھامان، دۈشمەن سېپىگە ئوقتەك ئېتى-
لىدىغان ئارسلانسۈپەت باھادىرلاردىن ئىدى-
غۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇلارغا نېمە بولدىكىنە؟ باششى-
تابىنىڭ قەتئىي بۇيرۇقلىرىمۇ، پولكوۋنىك-
نىڭ زورلۇق تەلەپپۇزىدىكى ھۆكىرەشلىرى-
مۇ، ئاخىرىدا چېكىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى يې-
لىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ كار قىل-
ماياتتى. سۈكۈنات داۋام قىلماقتا، ئېغىر-
لاشماقتا. ھېچكىم ئورنىدىن مىدىرلاشنى، بى-
رەر ئېغىز سۆز قىلىشنى خالىمايدۇ. قورال
ياراق، ئوق-دورا، نەرسە-كېرەكلىرىنى يې-
غىشتۇرۇپ يولغا چىقىش ئۇلارنىڭ خىيالى-
غىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. لەشكەرنىڭ ۋۇجۇدى-
دىكى تىترەك، ئىز تىراپ، ئىككىلىنىش تۇي-
غۇسى غەزىپىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. نېمىلا
بولمىسۇن، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان مۇشۇ ئازغى-
نا جەڭچىنى تاشقورغانغا ساق-سالامەت ئەپ-
كېتىش— كوماندىر پولكوۋنىك لەشكەرنىڭ ۋە-
زىپىسى-دە. مۇشۇلارمۇ بولسا ئۆز يۇرتىنى،
ئاتا-ئانا، خوتۇن-بالا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى-

نى كۆرۈۋالسۇن، ئۆمۈر كۆرسۇن. شۇلارنى ئويلاپ
لەشكەرنىڭ تاقىتى چەكتىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئاۋا-
زى يەنىلا بۇيرۇق ئاھاڭىدا كەسكىن جاراڭلىدى:

— يولغا چىقىشقا ھازىرلان!

بۇيرۇق جاۋابسىز قالدى. ھېچكىم قىمىر قىل-
مىدى. لەشكەرنىڭ ئاۋازى يەكەن دەرياسىنىڭ
تىنىمسىز شاۋقۇنلىرىغا ئارىلىشىپ كەتتى.

— يولغا چىقىشقا ھازىرلان!

سۈكۈنات داۋام قىلاتتى، جەڭچىلەرنىڭ
ھەممىسى بىراقلا گاس بولۇپ قالغاندەك ئى-
دى. پەقەت ئېقىنغا قان تور يايغان، قاندا ق-
تۇرغەلىتە، چۈشىنىكسىز تۇيغۇلار يوشۇرۇن-
غان ئۆتكۈر كۆزلەرلا لەشكەرگە ھامان تى-
كىلىپ تۇرغىنى- تۇرغانىدى. لەشكەرنىڭ
قىش شىۋىرغانلىرىدا يېرىلغان، سوغدا قى-
زارغان يۈزى پۈرۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرى يې-
رىم قىسىلىپ دەھشەتلىك تۈس ئالدى. جەڭ-
چىنىڭ ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىقى
كوماندىرنىڭ غورۇرىغا، سالاھىيىتىگە قىلىنغان
ھاقارەت ئىدى، لەشكەر بۇنى چۈشىنەتتى. ئۇ
ئىنتايىن چەبدەس بىر ھەرىكەت بىلەن ئال-
دىدا — شېخىل ئۇستىدە تۇرغان ئاپتوماتنى
ئالدى-دە، جەڭچىلەرگە قاراتتى. جەڭچىلەر
ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بايىلا سې-
زىشكە نىدى، شۇڭا ئۆزلىرىگە تۇغرىلانغان
ئاپتوماتنى كۆرگەنىدىمۇ ھېچكىم ئەجەبلەنمى-
دى، چۆچۈمىدى. ئۇلار كوماندىرنىڭ قولىدا
ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىز بىر قەدەم
ئارقىغا چېكىنىشكە، بولۇپمۇ بىھۇدە، جەڭسىز
چېكىنىشكە رازى ئەمەس ئىدى.

بەستلىك، قاۋۇل بىر جەڭچى ئورنىدىن
تۇردى. بۇ— كوماندىر ۋېزۋوت ئاقىيول ئىدى.
ئۇنىڭ جەڭچىلىرى تومشۇق ساراي ۋە كاچۇڭ-
دىكى جەڭلەردە ئىلگىرى- ئاخىر قۇربان
بولغانىدىن كېيىن، يېنىك يارىدار بولغان
ئىككى جەڭچىسى بىلەن ئايرىتاشقا كېلىپ، مۇ-
شۇ توپقا قوشۇلغانىدى. لەشكەر ئۇنىڭ ئور-
نىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ، قالغانلارمۇ قوز-

قىلىپ يولغا چىقىدىغان بولدى، دەپ ئويلى-
دى بولغاي، ئۇلۇق قولىنى كۆرژۈكتىن تارتى-
ۋالدى، بىراق ئاقيولدىن باشقىلار قوزغالمىدى.

— بىز بىر پولك جەڭچى ئىدۇق، - ئاق-
يول جۈۋىسىنى سىلىپ تاشلىۋېتىپ، ھەربىي
كىمناستىيوركىسىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىلىرىنى
يەشتى. شۇ ھامان لەشكەر ئاپتوماتىنى ئاق-
يولنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىدى، ئاقيول بول-
سا لەشكەرگە كۆزلىرىنى مەت قىلماستىن تىكى-
لىپ قاراپ دېدى، - بىز بىر پولك جەڭچى
ئىدۇق، نۇرغۇن جەڭچى ئىدۇق. يەكەندە بىر
بۆلۈك جەڭچىلىرىمىز شېھىد بولدى، تۇمشۇق
سارايدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئۆزەڭ بىلى-
دىغانسەن؟ كاچۇڭدا ئۆلگەنلەر كۆمۈكسىز،
كۆرسىز قالدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى-
نى غېجىر، قاغا-قۇزغۇن يەۋاتقاندۇ. لېكىن
سەن بىزنى چېكىندۇرۇۋەدىڭ، چامىسى لغا كەل-
گەندە ماڭماي تۇرۇۋالدۇق. سەن: بىېتىمىنى
ئىجرا قىلمىساق بولمايدۇ، دېدىڭ. ما قۇل
دېدۇق، چېكىندۇق. گومىنداڭچىلار قوغلاۋەر-
دى، ئارقىمىزدىن ئېتىۋەردى، ئۆلۈۋەردۇق،
قېچىۋەردۇق. چېكىنىش بىلەن قوغلاش ئار-
لىقىدىكى بىر قېتىملىق قىسقا توقۇنۇشتا كو-
ماندىر باتالىيون ناسىراخۇن گومىنداڭچىلار
تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلدى.

ئارقا يول داۋىنىدا ئۇلار يەنە بىزگە يېتى-
شىۋېلىپ ئاۋۋال ئوق چىقاردى، ئۇستىمىزگە
باستۇرۇپ كەلدى. بىزمۇ ئاتتۇق، قان تۆ-
كۈلدى، جان بەردۇق، جان ئالدۇق، قۇچقىيەن
ئۆلمەي قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قېچىپ
كەتتى. بىزمۇ خورىدۇق، ئازلىدۇق. چېكىن!
دېدىڭ، چېكىنسەك ئۇلار قوغلايتتى، چېكىنى-
دۇق. سەن «چېكىن!» دەپ بۇيرۇق قىلىۋەر-
دىڭ، جىم تۇرۇۋالدۇق. چۈنكى، ئۆلۈكىمىز كۆ-
پىيىپ، تىرىكىمىز ئازايغانسېرى چېكىن دې-
گەن گەپ قۇلىقىمىزغا كىرمەيدىغان
بولۇپ قالغانىدى. خۇددى ھازىرقىدەك شۇ
چاغدىمۇ سەن ئاپتوماتىڭنى بىزگە تەڭلى-
بدىڭ. شىرىنبەگ قوپۇپ ساڭا روبىرو تۇردى-

دە: «چېكىنىش بىزگە ئۆلۈم...» دېدى. سەن
«ئۆلۈم دېگەن مانا!» دەپ گۈملا قويدۇڭ.
ئۇ ئۆلدى، دۈشمەننىڭ قولىدا، ئوقىدا ئۆل-
گىنىمىز ئاز كەلگەنمىدى؟! ھۆرلۈك، ئازاد-
لىق...دەپ قولىمىزغا قورال ئالغانلىقىمىز،
قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىقىمىز گۇناھمۇ؟
جىنايەتمۇ؟! كۆزۈڭ كۆردى كوماندىر، شۇ
چاغدا مىرقەدەم ئۆزىنى ئېتىۋالدى، چورۇق
بىلەن مىرزاباي بىر - بىرىنى ئېتىشتى.
تالەك سېپىنىڭ ئوق چىقىرىشىدىن بۇرۇن
ئۆزىنى مۇنۇ يەكەن دەرياسىغا تاشلىدى.
ئۇمۇ چېكىنىشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈكى
ئۇلۇغ ئېقىن ئىچىدە ساھىل بويلاپ يەكەن-
گە - گومىنداڭچىلارنىڭ قېشىغا ئېقىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى چېكىندۇرەلىدىڭمۇ؟ شى-
رىن بەگ ئۆلۈپ ئازدىن كېيىن، گومىنداڭ-
چىلار بىزنى قورشىۋالدى، بېشىمىزغا مۆل-
دۈردەك ئوق ياغدۇردى، خۇدا كۆڭلۈڭگە سال-
دىمۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا سېپىنىڭ ئاغزىد-
دىن «چېكىن!» دەپ ئەمەس، «ھۇررا!...»
دېگەن بىر سۆز چىقتى. بۇ سۆز بىز ئۈچۈن
دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ سۆز ئىدى ۋە بىزگە
پەقەت شۇ سۆزلا كېرەك ئىدى. «ياشا لەشكەر
يىگىت سەن» دەپ خۇشال بولدۇق، لېكىن
بىز ئاز ئىدۇق، ئېتىشتۇق، ئېتىشىپ تۇرۇپ
چېكىندۇق. ئاڭلاپ قوي، چېكى-
نىش دېگەن سېپىنىڭ ھازىرقى بۇيرۇقىدەك
بولمايدۇ، ئەشۇ جەڭ ۋاقتىدىكىدەك بولىدۇ.
گەرچە بىز چېكىنگەن بولساقمۇ، دۈشمەنلەر-
دىن ئۆلگىنى كۆپ ئىدى. شۇنداق قىلىپ،
بىز...چېكىنىش داۋامىدا چېچىلىپ كەتتۇق.

ماڭا، توپلانغىنىمىز ئاران 20 جەڭچى، تې-
رىك قالغانلار يەنە بارمۇ؟ نەدە تېنەپ
يۈرۈيدۇ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ، بەلكى پۈتۈن
بىر پولك جەڭچىدىن بىزلا قالغاندىمىز...

ئاقيول كوماندىرنىڭ ئوقى جانىنى ئال-
غىچە كۆڭلىدىكى بارىنى تولۇق ئىزھار قى-
لىۋالماقچى بولغاندەك ئالدىراپ، تېز - تېز
سۆزلەيتتى. قالغانلار يەنە شۇ ئېغىر،

سۇرلۇك سۇكۇنات ئىچىدە كۆزلىرىنى ئاقيولغا قارىتىلغان ئاپتوماتتىن ئالماي ئولتۇرۇشاتتى. ئاقيول قاچان ئېتىپ تاشلىنارىكىن، بۇ تېخى نامەلۇم، ئۇنىڭ دەيدىغانلىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى، لەشكەر ئۆزىنى بېسىۋالغانىدەك كۆرۈنەتتى. ئاقيول ئېغىر ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە ئالدىراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پولكوۋنىك لەشكەر، بىز بېتىمنى ئىجرا قىلدۇق، ئۇرۇشنى توختىتىپ چېكىندۇق، كومىنداڭچىلارچۇ؟ ئۇلار بېتىمنى ئىجرا قىلدىمۇ؟ كۆرۈۋاتىسەن، ئۇلار چېكىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بىزنى تاپ باستۇرماي قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئايرىتاشقا — مانا ماۋۇ بىز تۇرغان يەرگىمۇ كېلىدۇ تېخى، بىزنى ئاتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، سەنمۇ بىزنى ئاتماقچى، ئۆلتۈرمەكچى، مەيلى ئات بىزنى! ياق، مېنى ئات! مەن چېكىنمەيمەن، جاھاندىن مۇشۇندا قىلا تۈگۈشۈپ كېتەي. مىسالەن، مەن چېكىنسەم نەگە بارىمەن؟ تاشقورغانغىمۇ؟ ياق... بارمايمەن، چىرايلىق، ئامراق خوتۇنۇم گۈلجان، ئوغلۇم قەلەم كومىنداڭچىلارنىڭ ئوقىدا ئۆلدى، ھېچنىمەم قالمىدى. ئەمدى مەن سېنىڭ ئوقۇڭدا ئۆلسەمەھە؟ توختا، پولك كوماندىرى لەشكەر، قولۇڭنى ئۆز قېرىندىشىڭنىڭ قېنىدا بۇلغىما، مەن ئۆزەمنى ئۆزەم ئاتىمەن، ئۇلۇغ ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ سەندىن ئۆتۈنەي: جەڭچىلەرنى، قېرىندىشىڭنى ئاتمىغىن، ئۇلار تىرىك قالسۇن، ھەم رەيا بېكنىڭ باشسىز تېنىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن كۆمگەنمۇ؟ ئۇلار يەنە سېنىڭ گۈلبوتەڭنى دۈشمەنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساڭا ياردەم بەرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتسىڭمۇ بولىدۇ. مېنى سەن ئاتما، ئۆزەمنى ئۆزەم ئاتاي ئۆلۈكىمنى چېكىندۇرمەكچى بولساڭ، يۆدۈپ ئېلىپ كەت! خالىساڭ، يۇرتۇم تاغارمىغا ئاپىرىپ كۆم، لېكىن... تىرىكىم چېكىنمەيدۇ، مانا، قارا...!

لەشكەرنىڭ ئاپتومات تۇتقان قولى قېتىپ قالغاندەك ئىدى. غەزەپ ۋە دەھشەت قاپلىغان كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا يەكەن دەرياسىنىڭ ئاقۇش بۇژغۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇششاق تامچىلار يالتىراپ قالدى. ئاقيول ئالدىقاچان ئۇنىڭ يېنىدىكى قورام تاشقا يۆلەكلىك ئاپتوماتىنى قولىغا ئالغان بولۇپ، ئاپتومات ئىستىۋۇلىنى پېشانىسىغا تىرەپ، ئوڭ قولىنى كىرژۇككا ئۇزاتقانىدى.

— توختا، دوستۇم توختا!

— تا... تا... تات...!

لەشكەرنىڭ ئىلتىجالىق ئاۋازىنى ئاپتوماتنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلغان ئاۋازى بېسىپ كەتتى: ئولتۇرغان جەڭچىلەرمۇ شۇ ھامان تاپانچا، ئاپتومات ۋە مۇزدىرىسكا مىلتىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەيدىسىگە، پېشانىسىگە قاراتتى. لەشكەر ئاپتوماتىنى تاشلاپ شېغىل ئۈستىدە قانغا بويىلىپ، سۇنايلىنىپ ياتقان ئاقيولغا ئۆزىنى ئاتتى. جەڭچىلەر بىر - بىرىگە قاراشتى، قوراللىرىنى تاشلاپ، ئاقيولنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئاقيول! ئاقيول... ! ... ئاق... يو...ل!

ئوق ئاقيولغا ئەمەس، بەلكى لەشكەرگە تەگكەندەك بولغانىدى. ئۇ كىچىككىنە تار شېغىللىق مەيداندا ساراڭدەك ۋارقىراپ - پېقىراپ ئايلانغىلى تۇردى. ئۇ دەسلەپ: «ئاقيول! ئاقيول...!» دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمىدى. توسۇن تايدەك چاپچىپ - چۆكىلەپ، پىقىراپ ھالسىرىغان لەشكەر شۇ تۇرقىدا جەڭچىگىمۇ، شۆھرەت قازانغان، جەڭگىۋار پولك كوماندىرىغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ توساتتىن جىمىپ قالدى. بۇ جىمىلىق ۋاقىتلىق ئىدى، ئۇ ئاقيولنىڭ قانلىق جەسىتىگە لاپپىدە بىر قارىۋالدى - دە، يەنە پىقىراشقا باشلىدى ۋە «گۈلبوتە! گۈلبوتە!» دەپ بوغۇق ئاۋازدا چاقىرىشقا

باشلىدى، توساتتىن ئۇ يەنە قەھرلىك ئاۋازدا:

شېشە يې سەد پارەرا،
پەيۋەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست،
دىل ئەگەر رەنجىدەرا،
خۇرسەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست①

دېگەن بېيىتىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە، ئېچىنىشلىق ھەم بىر ئاز كۈلكىلىك ھەرىكىتىگە جەڭچىلەر دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندى. ئۆز كوماندىرىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلگەن جەڭچىلەر ئۇنىڭ بارا - بارا پەسكارىغا چۈشۈپ ئوڭشىلىپ قېلىشىغا ئىشىنەتتى.

گۈلبۆتەدەر نەزمى مەردۇم،
ئەز ھەسەل شىرىن ئەست.
مىسلى كەيپى خەر بوزە،
خۇمارى دارەم گۈلبۆتە②
..............
شېشە يې سەدپارەرا،
شېشە يې سەدپارەرا...

لەشكەر بېيىتنى تەكرارلاۋېتىپ بايا تاشلىۋەتكەن ئاپتوماتىنى ئالدى. جەڭچىلەر كۆڭگەن، ئەجەبلىنىشنى بىلمەيدىغان بىر خىل تەبىئىي نەزەردە ئۇنىڭغا تىكىلىشتى.

لەشكەر قۇياشنى يوشۇرۇپ تۇرغان چەكسىز، تۇمان باسقان كۆككە قارىتىپ ئاتقىلى تۇردى. بىر دېسكا ئوق ئېتىلىپ بولدى، بىلىدىكى ئوقدانىدىن يەنە بىر دېسكا ئوقنى ئالدى. بۇ قېتىم ئۇ ئاپتوماتنى يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى تەرەپكە قاراتتى، ئوق ئاۋازى ھاۋانى تىترەتتى. بىر دېسكا ئوق ئېتىلىپ تۈگىدى، پوروخ ھىدى قاپتالنى قاپلىدى. شۇ پەيتتە تۆۋەن ئېقىم تەرەپتىن «ۋاق!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋە دىگىلداپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئوق قاپتالنىڭ سول تېرىسىدىكى ئېگىز قىياغا تېگىپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ قايتىپ كەتتى.

— ئابرۇن ئېلىڭلار!

ئەتىگەندىن بېرى چېكىنىش توغرىسىدىكى ئەپچە قېتىملىق بۇيرۇقلارغا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن جەڭچىلەر ئەمەلىيەتتە ھەربىيگە خاس قىزغىنلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشتى، ئەپلەك ئورۇننى تېپىپ جايلىشىپ قوراللىرىنى ئوقلىدى ... ئەپسۇس... غەزەپ تېشىپ، قېنى قىزىپ تۇرغان جەڭچىلەر ئۈچۈن تازا پەيزى قىلىپ - پۇخادىن چىققىچە ئېتىشىدىغان پۇرسەت نېسىپ بولمىدى. دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تىك قىيانىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاق سالۋا تۇماق ھەدەپ لەپەڭشىمەكتە ئىدى. لەشكەر بىر سېكۇنتچە تېڭىرقىدى، ئاندىن قارشى تەرەپكە جاۋابەن قولاقچىسىنى ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. جەڭچىلەر ھوشيارلىق بىلەن نىشاننى كۆزەتمەكتە ئىدى ... قىيا ئۈستىدە ئادەم قارىسى كۆرۈندى. قىيادىن بۇ تەرەپكە سىرىلىپ چۈشتى، قاپتالغا يېقىنلاپ كەلدى. ئارىلىق 50 قەدەمچە قالغاندا لەشكەر:

— دوستۇم... دوستۇم...! - دېدى ۋە گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى، - راست شۇ، دوستۇم توختاخۇن.

جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇردى. توختاخۇن قەدىمىنى تېزلىتىپ، قاراپ تۇرغانلارغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئۆلمەپسەن - دە؟! - لەشكەر توختاخۇننىڭ ئوڭ قولى ئۈستىگە سۆيدى - ئامان قاپسەن، رىسقىڭ بار كەن تېخى...

— شۇنداق، - توختاخۇن لەشكەرنى قۇچاقلىدى، - مانا، دىدارلاشتۇق، خۇدا سالەرگە يەتكۈزدى مېنى...

توختاخۇن جەڭچىلەرگە يۈزلەندى.

---

① شېشە سۇنۇپ 1000 پارە بولسا، ئۇلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇشكۇلدۇر. ئەگەر كۆڭۈل رەنجىگەن بولسا ئۇنى خوش قىلىشمۇ ئوخشاشلا مۇشكۇلدۇر.

② گۈلبۆتەنىڭ سۆزى ھەسەلدىنمۇ تاتلىق، شېرىن تۇيۇلىدۇ. مىسالى، ئۇ مېنى تاۋۇزدەك تەمى بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلغاچ، گۈلبۆتەگە خۇمار بولدۇم.

— خوش ئامەدى، خوش ئامەدى!ـ دېيىشتى جەڭچىلەر مۇ.

لەشكەر، توختاخۇننى چەتتىكى بىر قورام تاش ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى.

جەڭچى قوشمەت خالتىسىدىن يېرىم ئارپا نېنىنى، بىر بۇردا پىششىق گۆشنى، يەنە بىر جەڭچى تۇلۇمنى توختاخۇنغا ئۇزاتتى.

توختاخۇن يېگىسارلىق ئۇيغۇر ئىدى. ھەسەن ھاجى رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن ئېگىز ياردا گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشقاندا، دۈشمەن قېلىچى ئۇنىڭ سول قولىنى چورت ئۈزۈۋەتكەن. كېيىن ئۇ رازۋېتكا قىلىۋېتىپ، دۈشمەنگە ئەسىر چۈشكەن، پەيت تېپىپ قاچقان. شۇ قېتىم ئۇ تاجىك پولكىغا قوشۇلۇپ رازۋېت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. كاچۇڭدىكى جەڭدە ئۇ، قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، مانا بۈگۈن مىڭ بىر جاپادا ئۆز يىگىتلىرىنى ئىزدەپ ـ قوغلاپ كەلگەنىدى.

— سۆزلىگەچ تۇر، ـ دېدى لەشكەر تېز، قوپال ئاۋازدا،ـ سېرىق ئىتلار يەنە كېلىۋاتامدۇ؟

توختاخۇن نانىنى چايناۋېتىپ تۇلۇمدىن بىر يۇتۇم سۇ ئوتلىدى.

— نېمە دەي؟ چىرايىڭ بۆلەكچە، تۇرىدۇ، ئاچچىقلاپ قالدىڭمۇ بىر ئىشقا؟ ئۆزەڭنى بېسىۋال. ئاچچىق، خاپىلىق . غەزەپ ئەقلىنى قاچۇرىدۇ، سەن پولك كوماندىرىغۇ؟ ئاخىر... ئاڭلا، سېرىق ئىتلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، سەن بولساڭداۋاملىق چېكىنىۋاتىسەن. بۇ دورەم كېلىۋاتقىنى پوقىنىڭ قۇرۇتىدەك جىق، يەنە كېلىپ، قانداق كېلىۋاتىدۇ دېمەمسەن؟ ھە، توغرا، باشتىن سۆزلەي، ئۇققىنىمنى دەي. خالمەمەتنى بىلىسەن، مۇشۇ پولكتا ئىدىغۇ؟ ئۇ مۇناپىق، گوي كاچۇڭدىكى جەڭدە رەيا بېگنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كېسىۋېلىپ يەكەنگە قېچىپ كەتكەن، كۆردۈڭمۇ ماۋۇ گۇينىڭ قىلىقىنى...؟ خالمەمەت كوماندىر ئىسكادرون رەيا بېكنىڭ جەڭچىسى ئىدىغۇ؟ ھە، شۇ مۇناپىق، ئىپلاس ئۆز كوماندىرىنىڭ بېشىنى دۈشمەنلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، دۈشمەنلەر رەيا بېكنىڭ بېشىنى گۇلبۆتەگە كۆرسەتكەنمىش... ئاھ خۇدا! گۇلبۆتە شۇ چاغدا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ـ ھە؟ بايا دېگىنىمدەك شۇ مۇناپىق، خائىن خالمەمەت سىلەرنى قوغلاپ كېلىۋاتقان شۇنچە جىق ئىتنى بىر ئۆزى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— ھە...! ، ـ لەشكەر قاتتىق ئەندىككەنلىكتىن تۈۋلىۋەتتى، شۇ ھامان ئۆزىنى بېسىۋالدى، ـ راست دەۋاتامسەن؟ خالمەمەت خائىنمۇ؟ سېرىق ئىتلارنى شۇ باشلاپ كېلىۋاتامدۇ؟

— بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك، يالغان سۆزلىسەم جاجام بىر پاي ئوق.

لەشكەرنىڭ يۈرىكى يېرىلغىدەك بولدى، خائىننىڭ رەزىل قىياپىتى كۆز ئالدىدا خىرە گەۋدىلەندى، «گۇلبۆتە، ئاھ... سىڭلىم...!» قېرىنداشلىق مۇھەببىتى، سېغىنىش ھېسسى لەشكەرنىڭ غەزەپ، خورلۇق، ئۆلۈم دەھشەتلىرى بىلەن پۇچۇلانغان يۈرىكىنى شېرىن ھېسلارغا تولدۇردى . دۈشمەن قانچىلىك كۆپ ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن چوقۇم گۇلبۆتەنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك ئىدى. بىراق، گۇلبۆتە يەكەندە، دۈشمەن قولىدا. بۇلار بولسا ھەدەپ چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئارىلىق ئۇزىراۋاتىدۇ. يەكەن بىلەن ئايرىلىشنىڭ ئارىلىقى نەچچە يۈز پوتەي... ئېتىشماي چېكىنىش — بۇيرۇق. باش قوماندانلىق شىتابىنىڭ بۇيرۇقى. لېكىن، جەڭچىلەر چېكىنەمدۇ؟ ئاقىۋول نېمە دېدى؟ ئاخىرىدا قانداق قىلدى؟ چېكىنەمدۇق، يۇرتقا نېمە دەپ بارىمىز؟ ئاتا ـ ئانام گۇلبۆتەنى، رەيابېگنى قېنى دېسە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئېتىشايلى، ياق، چېكىنىش كېرەك! مەن كوماندىر تۇرۇپ، باش شىتابنىڭ بۇيرۇقىنى... مانا شۇ خىياللار، كادىرماش ئوي-

پىكىرلەر ئىلكىدە خېلى ئۇزاق تېڭىرقاپ ئولتۇرغان لەشكەر قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك دىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— قوشمەت!

— بار، — قوشمەت تېز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى رۇسلاپ كېلىپ لەشكەرنىڭ ئالدىدا توختىدى، چاس بەردى، — مەن تەييار، پولك كوماندىرى.

كۆكنى قاپلىغان تۇمان بارا - بارا قويۇقلىشىۋاتاتتى، جەنۇب تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدە بىر بۇركۈت قاناتلىرىنى يېيىپ - ئەگىپ بارغانسېرى پەسلەۋاتاتتى. لەشكەر بۇركۈتنىڭ لەرزان پەرۋاز قىلىشىغا سەپسالدى، ئۇ، ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان جەڭچىنى كۆرمىگەندەك، ئۇنتۇپ قالغاندەك قىياپەتتە بىر ھازا تۇردى.

— مەن تەييار، پولك كوماندىرى.

لەشكەر چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى، قوشمەتكە قارىدى، خېجىللىقتىن يۈزى ئۆپكىدەك ئېسىلدى ۋە ھەربىي ئۇستاپقا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى دەرھال ئۇنتۇپ، سىناش نەزەرى بىلەن قوشمەتنىڭ بېشىدىن - ئاياغىغىچە قاراپ چىقتى.

— جەڭچىلەرنى باشلاپ تېزلىنىك بىلەن چېكىنىشكە... ئالغا...!

— چېكىنىش ئۆلۈم... يولداش پولكوۋنىك ...

— كاپىشما! — لەشكەر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— رۇخسەت قىل، كوماندىر، بۇرۇن ھەر قېتىم جەڭگە چۈشكەندە ئۆزەڭ «چېكىنىش — ئۆلۈم بىلەن تەڭ» دەيتتىڭغۇ، پولك كوماندىرى، ھازىر ئۇ سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ...

— كاپىشما! ئىست ئۇۋۇلى!!

— رۇخسەت قىل، كوماندىر، مەن ئىت ئەمەس، ئىتلار بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتىمىش... توختاخۇن شۇنداق دېدىڭغۇ، پولكوۋنىك لەشكەر، مەن چېكىنمەيمەن، شىردىن بەگنى ئاتقاندەك مېنىمۇ ئات، يا بولمىسا، ئاقيولغا ئوخشاش ئۆزەمنى - ئۆزەم...

قوشمەتنىڭ قورقۇمسىز چىرايىغا قاراپ لەشكەرنىڭ كۆزلىرىدە غىل - پال تەبەسسۇم ئەكىس ئەتتىيۇ - شۇ ھامان غايىپ بولدى.

— ئازادلىق ئۈچۈن!، — دېدى لەشكەر يۇقىرى ئاۋازدا،

— جېنىمىز پىدا...! — دېدى قوشمەت جاۋابەن.

كۆپچىلىك شۇئان:

— ھۇررا... ھۇررا...! — دەپ چۇقان كۆتەردى.

قوشمەتنىڭ ۋە باشقا بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئاۋازلىرى شۇنچىلىك مەغرۇر، قەتئىي، جاراڭلىق چىقتىكى، بايىلا ئۆز ئىچىدە يۈزبېرىش ئېھتىماللى يېقىنلىشىپ قالغان پاجىئەنى كۈتۈپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ چىرايىدا شادلىق جىلۋىلىرى پارلىدى، قەلبلىرىدىكى قەتئىي پىكىرلەر، ۋىجدان خىتابلىرى، قىتىغىرلىقتا، جاھىللىقتا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئىرادە ۋە كۈچىنىڭ مەنىۋى ئالەمىدىكى يوشۇرۇن ئۈمىد - ئارزۇلىرى پولكوۋنىك لەشكەرنىڭ «ئازادلىق ئۈچۈن!» دېگەن ياڭراق، جۇشقۇن، ھاياتبەخش ئاۋازى بىلەن تەڭ رېئاللىققا يۈزلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

......

ئازغىنا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، لەشكەرنىڭ كۆزىگە قوشمەت ئاقيولدىنمۇ جاھىل، قەيسەر، قۇدرەتلىكتەك كۆرۈندى. ئاقيول دېگۈلىكنى دېۋدىلىپ ئۆلىۋالدى، قوشمەتچۇ؟ ئۇمۇ مەيلى كوماندىرنىڭ ئوقىدا بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ ئوقىدا بولسۇن ... ئۆلۈشكە تەييار، باشقىلارمۇ شۇنداق.

— ئەدەمنى كوسراپ يولىدىن قايتۇرۇپ كەل!

— خوپ، كوماندىر، بۇيرۇقنى قەتئىي ئورۇندايمەن.

قوشمەت قاپتالنىڭ تاغقا تۇتاش جايىدا پۇشقۇرۇپ، يەر پۇراپ تىپىچەكلەپ تۇرغان ئېتىنى تېزلىكتە توقىدى، مىندى، تاغ يانباغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا چېپىپ كەتتى.

جەڭچىلەر بۆلەكچە جانلاندى، ئەتىگەندىن بېرى شۇنچە قەتئىي بۇيرۇقلارغا پىسەنت قىلمىغان جاھىل ئىنسانلار گويا ئاللادىن بىرەر كارامەتلىك ۋەھىي ئاڭلىغاندەك شۇئان تەۋرىنىشىپ، قوزغىلىپ ھەرىكەتكە كەلدى. قوراللىرىنى تازىلىدى، ئىز قىلدى. چۈنكى، ئۇلار چېكىنمەيتتى، چېكىنىشنىمۇ جەڭ قىلىپ — ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنەتتى، ئەدەم كەلسە توققۇز تۆگىگە، ئۈچ ئاتقا يۈكلەنگەن پىتىر①، رۇشنەي② ئۇستانكوۋاي③، ئوق، گرانات، ئوزۇق — تۈلۈك، ئاتلارنىڭ يەم — خەشەكلىرى جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلىناتتى، جەڭ تەييارلىقى شۇ. لەشكەر چېكىنىش توغرىسىدىكى قارارنى — باش شىتابنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزۈل — كېسىل ئۆزگەرتكەنىدى.

— ياشا لەشكەر!

— خۇدا بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن.

— تۆكۈلگەن خۇنىمىز بىكارغا كەتمەيدىغان بولدى.

— خۇن تۆكمەيمىز، ھەي رەۋشەن، پولكوۋنىكنىڭ تويىنى قىلىمىز.

— داپ بىلەن نەي يوق — تە.

— غەم قىلما، پىتىر بىلەن ئۇستانكوۋاي ئۆزى ساز ھەم ناخشا...

جەڭچىلەر لەشكەرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، خوشاللىقلىرىنى ھەر خىل سۆز — چاقچاقلار بىلەن ئىزھار قىلىشماقتا ئىدى. بۇ ماختاشلار لەشكەرنىڭ قۇلىقىغا ئەسلا ئاڭلانمىدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۇساتتىن يەنە تۈرۈلدى ۋە توپ ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— توختى!

— بار، — توختاخۇن لەشكەرنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى، چاس بەردى، — بۇيرۇق بەر كوماندىر، ئورۇنلاشقا تەييارمەن.

— قىسىقنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدەسىنى ساقلايمىز. — لەشكەر ئاخىرقى بۇيرۇقىنى يۇقىرى ئاۋازدا بەردى، — سەن رازۋېتكىغا!...

— خوپ!

تاغنىڭ مەيىن شامىلى تۇمانلارنى قوغلاشقا باشلىدى، قۇياش قارامتۇل بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىشنى خالىمىغاندەك ئىدى.

توختاخۇن لەشكەرنىڭ ئالدىدىن قايتتى، چاپىنىنىڭ قولسىز سول يېڭى يېنىك شامالدا تەۋرىنەتتى، ئوڭ قولىدا دولىسىغا ئېسىۋالغان ناگاننىڭ قېپى ئۈستىدىن چىڭ تۇتۇپ، چۈشتىن بۇرۇن ئۆزى كەلگەن يول بىلەن دەريا قىرغىقىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

غەرب ئاسمىنىدا چالا — پۇچۇق كۆرۈلۈپ يەنە بۇلۇت، تۇمانلار ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغان قۇياش قارلىق چوققىلار ئۈستىگە ئولتۇرغان چېغىدا تولۇق كۆرۈندى، كۆپچىلىك شەپەق ھەرە چىشلىق تاغلار تىزمىسىنىڭ قارامتۇل، كۆكۈش، سېرىق رەڭگىنى نامايەن قىلدى. جەڭچىلەر لەشكەرگە ئەگىشىپ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ مېڭىشتى. كەچكى شەپەق ئۆچتى، تاغ ئۆچكى، داۋرا، جىلغا، قاپتاللار قاراڭغۇلاشتى. جەڭچىلەر بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ ئاتلىرىنى چۈشەشتى، تورۋىلارنى ئاتلارنىڭ بېشىغا كەيگۈزۈشتى. بۇيرۇققا ئاساسەن قىسىمنىڭ يۇقىرىقى بېشىدا ياي شەكلىدە ئابرۇن ئېلىشتى، بىرنەچچە جەڭچى قىسىمنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك قىيا ئۈستىدىن مېڭىپ، قىسىمنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىيا ئاراشلىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ھەر بىر ئابرۇندا قورام تاشلاردىن ئاددىي ئىستىھكاملار، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاتىدىغان ئەپچىل ئاكوپ... لار ياساشقا باشلىدى. جەڭچىلەر كۆڭۈللۈك، قىزغىن ھەرىكەت قىلاتتى. بۇنداق تەبىئىي، چىن ۋىجداندىن قايناپ چىققان غەيرەت — شىجائەت، جۇشقۇنلۇق، جەڭ قىلىشقا تەلپۈنۈش — پەقەت جەڭلەردە پىشقان، قىساس يالقۇنى يۈرىكىگە يىغىلغان

① پىتىر — مىنامىيوت، ② رۇشنەي — يېنىك پىلىموت،
③ ئۇستانكوۋاي — پىلىموتنىڭ بىر خىلى.

ئىنسانلاردىلا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار
ئۇچۇن چېكىنىش — خورلۇق، ھاقارەت ئىدى،
ئۇيات، نومۇس ئىدى. ھازىر بولسا تېخىمۇ
شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا چېكىنىش دې-
گەن سۆز يۈرەكنى تىترىتىدىغان، قور-
قۇنچلۇق ئۇقۇم مەڭگۇ مەۋجۇت ئەمەس.
ئەگەر مەۋجۇت دېيىلسە، ئۇلاردا پەقەت
ئاقىۋىتىدىكى ئوخشاش قەتئىي تەۋرەن-
مەس ئىرادە، جاھىلانە جەسۇرلۇق، ئۆلۈم-
دىن قورقمايدىغان، چېكىنىشتىن ئۆلۈمنى
ئەۋزەل كۆرىدىغان ئالىيجاناپ باتۇر-
لۇق...لا مەۋجۇت ئىدى، خالاس.

جەڭچىلەر ئۆز تەجرىبىلىرى، ھەربىي-
لەرچە ھوشيارلىقى بىلەن قاراڭغۇ تۈن زۇل-
مەت پەردىسىنى يىپىشتىن بۇرۇن ئىشلىرى-
نى تۈگەتتى.

لەشكەر دەل قىسىقنىڭ يۇقىرىقى ئاغ-
زىدا — تاش ئىستىھكامنىڭ دالدىسىدا يال-
غۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكى-
دىن ئاقىۋىل ئېيتقان سۆزلەر ئاجايىپ
دەھشەتلىك، تەسىرلىك كارتىنىلارنى ياساپ
ئۆتەتتى. لەشكەر مۇڭغا چۆككەنىدى، ئۇ-
نىڭ ئەتراپىنى كېچە قاراڭغۇلۇقى ئەمەس،
بەلكى چەكسىز ھەسرەت تۇمانى ئورىۋالغان-
دەك تۇيۇلاتتى. لەشكەر ئاقىۋىلغا، بۇ سا-
دىق جەڭچىگە، ۋىجدانلىق كوماندىرىغا چىن
دىلىدىن ئىچىنىدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن
جەڭچىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى شېغىل تاشلار
ئارىسىغا دەپنە قىلغانىدى، تاشقورغاندىن
يەكەنگىچە ... شۇنچە ئۇزاق، بىپايان دا-
لىلاردا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغى-
قىدا ئاقىۋىلغا ئوخشاش باھادىر جەڭچىلەر-
دىن، ئىنقىلابچىلاردىن قانچىسىنىڭ ئۆلۈ-
كى قېپقالدى، قانچىسىنىڭ ئۆلۈكى كۆ-
مۈلدي، قانچىسىنىڭ كۆمۈكسىز قالدى. بۇ-
لارنىڭ ئىچىدە ئۆيلەنگەن، بالىلىرى بار-
لاردىن كۆرە، تېخى ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت
تارتقان، نەۋقىران، شوخ يىگىتلەر كۆپرەك
ئىدى. ئاھ... قانغا مىلەنگەن ياش نوتى-
لار... لەشكەر ئۇلارنىڭ بىرلىرىنى تونۇيتتى،
بىرلىرىنى تونۇمايتتى. مەيلى نېمىلا بول-
مىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەقسەت
ئۈچۈن بىر بايراق ئەتراپىغا ئۇيۇشقان
ئوت يۈرەك ئارسلانلار ئىدى. ئۇلار غالىبى-
يەت قۇياشىنىڭ نۇر چاچقىنىنى كۆرەلمەي ياش
ھاياتىدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولغان بولسىمۇ،
لېكىن، ئۇلارنىڭ روھىي ھامان قىساس ئېلىش
يولىدا لەشكەر ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ ئازغىنا جەڭ-
چىسى بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدىغۇ؟...

لەشكەر خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى،
شېغىل تاشلارنىڭ بوش شاراقلىغان ئاۋازى-
دىن كېيىن، يېنىدا قوشمەت پەيدا بولدى.

— پولكوۋنىك، دوكلات، ئەدھەمنى قايـ-
تۇرۇپ كەلدىم.

— ياخشى، — دېدى لەشكەر، — ئىستانكەۋاي
بىلەن رۇشنەي بىردىن ماڭا قالدۇرۇلسۇن!
پېتىردىن ئىككىسى قىسقىنىڭ ئوڭ تەرىپى-
دىكى قىيا ئۈستىگە، رۇشنەيدىن ئىككىسى
سول تەرەپتىكى قىيا ئۈستىگە، قالغان ئىس-
تانكەۋاي، پېتىر، رۇشنەيلەر ئۇدۇلدىكى، ئال-
دىدىكى جەڭچىلەرگە بېرىلسۇن! ئوق، گرا-
ناتلارمۇ تولۇق تارقىتىلسۇن!

— خوپ، پولك كوماندىرى.

قوشمەت كەينىگە ياندى، جەڭچىلەر تې-
خىچە ئۇخلىمىغانىدى. بىر - بىرلەپ پەسكە
چۈشۈپ تەقسىمات بويىچە قورال ئېلىپ يە-
نە جايلىرىغا تارقىدى. كېچە — قازان كۈيە-
دەك قاپقارا ئىدى، قاراڭغۇلۇقتا زېمىن،
ئاسمان، تاغلار... ھەممىسى بىرلىشىپ كەتـ-
كەندەك تۇيۇلاتتى. ھېچنىمىنى كۆرگىلى، پەرق

قىلغىلى بولمايتتى. تۈن ئىلكىگە ئەسىر بول-
غان تەبىئەت دۇنياسى جىمجىت، سۈكۈنات
ئىچىدە ئۇخلايتتى. پەستە پەقەت يەكەن دەر-
ياسىلا ئويغاق، ئۇ مەڭگۈ ئۇخلىمايدۇ، شاۋ-
قۇنلىرى بەزىدە سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك، بە-
زىدە مۇڭلۇق، مىسكىن ئاھاڭدىكى ناخشىسىنى
ئوقۇپ ئېقىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ بوش بەزىدە كۈچ-
لۈك شاۋۇلداشلىرى، دولقۇن كۆتۈرۈپ گۈرۈل-
دەشلىرى ھايات - ماماتى ئارىلىقىدىكى جىد-
دىي دەقىقىلەردە غەزەپكە تولغان ئارسلان-
نىڭ نەپەس ئېلىشىنى ئەسلىتىدۇ. ئاخىرى
ئۈزۈلمەس شوخ، ئويناق دولقۇنلار مۇھەب-
بەتنىڭ تۈنجى ئىزھارىنى ئاڭلاپ ھاياجان-
لانغان قىزنىڭ كۆكسىدەك بىر پەسىيىپ - بىر
كۆتۈرۈلىدۇ. لەشكەر ئۇچۇن ئانا زېمىنىدىكى
بۇ ئۇلۇغۋار، دائىمىي ھادىسىلەر ئانچە ئەھ-
مىيەتلىك ئەمەس، ئۇ تاشقورغان بىلەن يە-
كەن ئارىلىقىدا نەچچە قېتىم قاتناشقان، ھەر
قېتىمدا مۇشۇ دەريانىڭ ساھىللىرىنى بېسىپ
ئۆتكەن، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك، دولقۇنلۇق شا-
قىراشلىرىنى ئاڭلىغان، تىنىچ، خاتىرجەم ئې-
قىشلىرىنى تالاي قېتىم كۆرگەن، تېنىمسىز ھەر-
بىي يۈرۈشلەردە، شىددەتلىك جەڭلەردە، جەسەت-
لەر ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتكەن مىنۇتلاردا
ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھۇررا... ئاۋازلىرى بىلەن ئوق
ئاۋازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر سادا تەسىر
قىلالمايدىغان، ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغا-
نىدى. ھازىرمۇ ئۇ ئۆز مۇھىتىنى دەريا شاۋ-
قۇنلىرىنىڭ ئاۋازلىرىدىن مۇستەسنا، جىم-
جىت دەپ پەرەز قىلاتتى ۋە ئۆزى بىلگەنچە
خىيال سۈرەتتى.

ئۇڭ تەرەپتىكى قىيا ئۈستىدە ئىككى جەڭ-
چىنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلىپ سۆزلىشىۋات-
قان ئاۋازى لەشكەرنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى،
ئاۋازنى چىڭراق چىقىرىپ سۆزلىگىنى رەۋ-
شەن ئىدى:

دىل ئەگەر رەنجىدەرا،
خۇرسەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست.

— ھە، ئاخىرىنىچۇ؟ - دېدى رەۋشەن-
نىڭ سەپدىشى.

گۇلبۆتە نەزمى مەردۇم،
ئەز ھەسەل شىرىن ئەست...

لەشكەرنىڭ نەپسى قىسىلدى، كۆتۈرۈپ
قويغۇسىز ئېغىر ھەسرەت تېغى پۈتكۈل جىس-
مىنى ئېزىپ - مىجىپ تاشلىغاندەك بولدى.
رەۋشەن، ئاقىۋىلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن لەش-
كەرنىڭ ئەسەبىيلىشىپ، پىغىراپ - چۆكىلەپ،
ۋارقىراپ ئېيتقان بېيىتلىرىنى تەكرارلىماق-
تا ئىدى.

تاجىكلار ئارىسىدا قەدىمدىن - ھازىر-
غىچە «گۇلبۆتە» ئىسىملىك مۇھەببەتكە سا-
دىق، ئاقكۆڭۈل، باتۇر بىر قىزنىڭ غايىۋى
ئوبرازى ۋە بۇ قىز ھەققىدە توقۇلغان قوشاق-
بېيىتلار ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. لەشكەرنىڭ يە-
نىدىن تۇغۇلغان قىزغا گۇلبۆتە دەپ ئى-
سىم قويۇلۇشى «گۇلبۆتە» ھەققىدىكى قوشاق-
بېيىتلارنى تېخىمۇ ئاۋۇتتى. بۇ قوشاق-بېيىت-
لار تاجىك كۆچمەنلىرىنىڭ تاغ باغرىدىكى
تاش تاملىرى ئىچىدە، يايلاقلاردىكى ئاق
ئۆيلەردە، ھېيت - بايراملاردا، قىرلاردىكى
ياپ - يېشىل مونىدىلاق، زىرىق، گۈلنەپشە...
لەرنىڭ ئۈستىدە... بۆك - باراقسان قارىغاي،
بۇرا- ئارچا ئورمانلىقلىرى ئارىسىدا جاراڭ-
لايدىغان بولدى. چىرايلىق، شوخ يىگىت -
رەيا بېكىنىڭ سۆگەك نېيى، ئۇجمە ياغىچىدا
ياسالغان ئاددىي راۋابى بۇ قوشاقلارنى تې-
خىمۇ جۇشقۇن كۈي - ئاھاڭ بىلەن ئىپادىلەپ
ئەۋجىگە كۆتەردى. گۇلبۆتە — خۇددى تاجىك-
لارنىڭ سۆيۈملۈك، غايىۋى قەھرىمانى «گۇل-
بۆتە» گە ئوخشاش ساغلام، شوخ، ئەقىللىق،

گۈزەل قىز بولۇپ يېتىلدى. لەشكەرنىڭ ئۈيىگە تۈنجى كەلگەن ئەلچى - خالمەمەتنىڭ تاغىسى ئىدى. قىز تەرەپ ئەلچىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى، خالمەمەتنى كۈيئوغۇل قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرۈشتى. رەيا بېكنىڭ ئايدىڭ كېچىلەردە تاجىك راۋابىنى مۇڭلۇق بىلەن چېرتىپ لەشكەرنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتكەندە:

شىمشە يىسە دپارەرا،
پە يۆۋەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست.
دىل ئەگەر رەنجىدەرا،
خۇرسەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست.

گۈلبۆتە دەريادىن سۇ ئېلىۋاتقاندا يىراقتىن ئەگىپ كېلىپ:

گۈلبۆتە دەر نەزمى مەردۇم،
ئەز ھەسەل شېرىن ئەست...
............

دەپ ئوقۇغان ناخشىلىرى گۈلبۆتەنىڭ كۆڭۈل رىشتىنى ئىختىيارسىز رەۋىشتە رەيا بېككە باغلاپ قويغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ رەيا بېك گۈلبۆتەگە ئاشىق-بىقارار ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شوخ، ئوچۇق كۆڭۈللۈكى، ساز، ناخشىغا ماھىرلىقى بىلەن گۈلبۆتەنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت چوغىنى سالغانىدى. قىزنىڭ بىرسىگە تەلپۈنۈشى، بىرسىگە نارازىلىقى، نەپرىتى كېيىنچىرەك ئاتا-ئانىغا مەلۇم بولدى. ئاتا-ئانا قىزىنىڭ رايىغا باقتى، گۈلبۆتە مۇرادىغا يەتتى. رەيا بېكنىڭ راۋاب، نېيى تېخىمۇ شوخ، جۇشقۇن، تەسىرلىك ئاھاڭلار بىلەن جاراڭلىدى. «گۈلبۆتە» توغرىسىدىكى قوشاقلار يەنىمۇ كۆپەيدى. ئەر-خوتۇن چارۋا باقاتتى، روزغارى يېتىشمىسىمۇ، ئىناق، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش لەززىتىدىن ئۆزلىرىنى ئەڭ بەختلىكلەر قاتارىدا سانايتتى. راۋاب بىلەن نەي ئاشىقنىڭ مەشۇققا بولغان مۇھەببىتىنى، ساداقىتىنى ئىزھار قىلىپ تېخىمۇ شوخ، يارقىن جاراڭلىدى. لېكىن... بەختلىك كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى، تاشقورغاندا ئىنقىلاب پارتلىدى. لەشكەرنىڭ رىغبىتى بىلەن رەيا بېكمۇ قولىغا مىلتىق ئالدى. گۈلبۆتە سۆيۈملۈك ئېرىدىن ئايرىلىشنى خالىماي، ئۇ سەپكە ئاتلاندى. لەشكەرنىڭ ئاتا-ئانىسى گۈلبۆتەنىڭ بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە جانىجان پەرزەنتلىرى ئوغۇل، قىز، كۈيئوغلىنى جەڭگە ئۇزاتتى.... بىر نەچچى قېتىملىق يەكەن مۇھاسىرىسى مەغلۇب بولغاندا، گۈلبۆتە بەختكە قارشى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشتى. ئارقا يول داۋىنىدىكى ئارىلاش جەڭدىن كېيىن، رەيا بېكنىڭ باشسىز تېنى بىر ئازگالدىن تېپىلدى، خالمەمەتمۇ ھېچيەردە كۆرۈنمىدى. لەشكەر ئۇنى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئىسكادىرون كوماندىرى، باھادىر جەڭچى، ئۇستا قوشاقچى، سازەندە يىگىتنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تاجىك پولكىدىكى جەڭچىلەر ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەت ئېلىپ كەلدى. لەشكەر شۇندىن بۇيان دورا يېگەن بېلىقتەك خاراموش، ئۇتتۇرسۇۋەتكەن قىمارۋازدەك پەرىشان يۈرەتتى. قاپقى ئېچىلمايتتى. ئۇنىڭ ھەدېسە، «چېكىنىڭلار! چېكىنىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقلىرىمۇ بىرخىل خاپىلىق، نارازىلىق، قېيىداشلىق ۋە غەلىتە، قەتئىي، جىددىي ئاھاڭدا بېرىلەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ئاقيول ئۇزۇن نۇتقىنى داۋاملاشتۇرغانغا قەدەر بەرگەن بۇيرۇقلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ئاھاڭدا جاراڭلاپ تۇردى. ئاقيولنىڭ سۆزلىرى، قان تولغان كۆزى ئىپادىلەپ تۇرغان ھاياجان، مۇڭ-ھەسرەت، غەزەپ ۋە زار، مەردانە خىتابلار، رەيا بېكنى، گۈلبۆتەنى تىلغا ئېلىشلار، توخ-

تاخۇن ئېلىپ كەلگەن خەۋەر… لەشكەرنىڭ
ئىچكى دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئاستىن- ئۈستۈن
قىلىۋەتتى. خالمەمەتنىڭ كونا ئاداۋىتىنى
ئىچىدە ساقلاپ، ئۆز سەپدىشى رەيىا بېكتىن
ئۆچ ئېلىشى، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ دۈشمەن-
گە ئاپىرىپ بېرىشى، خائىن بولۇپ
كېتىشى، گومىنداڭچىلارنى ئۆز
قېرىنداشلىرى ئۈستىگە باشلاپ
كېلىشى… لەشكەرنىڭ نەزەرىدە تەسەۋۋۇرغا
سىغمايدىغان بىر دەھشەتلىك مۆجىزە ئىدى،
«مەيلى،- دەيتتى لەشكەر ئۆز - ئۆزىگە پى -
چىرلاپ، - كۆرەرمىز ؛ ئۇن نەچچە قېتىم -
لىق جەڭدە كەينى - كەينىدىن باھادىرلىق
كۆرسىتىپ، جەڭچىلىكتىن پولك كوماندىر -
لىقىغىچە كۆتۈرۈلدىم. بۇ- باتۇرلۇق ۋەقان
ئاققۇزۇش بەدىلىگە كەلگەن شەرەپ! قېنى،
يەنە ئېلىشىپ باقىمىز، ھەممىدىن بۇرۇن
سەن خائىننى…»

— كوماندىر، پولك كوماندىرى سەن
نەدە ؟ !

لەشكەر ئېسىنى يىغدى، قىسىق ئىچىدى-
كى تار كۆتەرمىدىن بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى
ئاڭلاندى، بۇ توختاخۇن ئىدى.

— كېلىۋەر، مەن بۇ يەردە.

بىر پەستىن كېيىن توختاخۇن تاش ئىس-
تىھكامنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتتى.

— كېلىۋاتقىنى راستمۇ؟ - تاقەتسىزلى-
نىپ سورىدى لەشكەر.

— راست، - توختاخۇن سوغۇقتىن مۇز -
لىغان - ھارغان ئىدى، تىترەيتتى. ئۇ يۇش -
قان گەۋدىسىنى يېنىدىكى قورام تاشقا تى -
رىدى، ئۇھ تارتتى، - مېنىڭ قىياس قىلىشى-
مىدىمۇ كۆپكەن ئۇ ئىتلار، قارىغاندا، كۆن-
دىزى دەم ئېلىپ ئۇخلاپ، كېچىسى مېڭى -
ۋاتقان ئوخشايدۇ. قىياسىمچە، ئۇلار ئاشۇ

ئېشىدا تاڭ سەھەرگە يېقىن مۇشۇ يەرگە يې-
تىپ كېلىپ دەم ئالىدۇ. سەپىنىڭ كەينىدە
70 - 80 چە ئات، كالا ھارۋىسىمۇ باردەك
قىلىدۇ.

— خالمەمەت … باشلاپ كېلەرمۇ؟

— بۇ ئېنىق گەپقۇ، پولك كوماندىرى.

لەشكەر جىمىپ كەتتى، ئۇ ئويلايتتى،
تەشۋىش ئىچىدە ئازابلىناتتى. گۇلبوۋتەنى
ئەسلەيتتى، سېغىناتتى. جەڭلەر، ئۇزۇن يول-
لاردىكى جاپا - مۇشەققەتلەر ئۇنىڭ ئەسلى-
دىكى نازۇك تەبىئىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن
بولسىمۇ، گۇلبوۋتەنىڭ تەقدىرى، رەيىا بېك -
نىڭ ئۆلۈمى، خالمەمەتنىڭ خائىنلىقى …
ئۇنىڭ قەلبىنى ھەر دائىم قامچىلايتتى. ما-
نا ئۇ، دۈشمەن بىلەن يەنە جەڭ قىلىدۇ. دۈش-
مەن قوۋۋ، ھېلىگەر، سان، كۈچ جەھەتتىن
ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن
باشنى قولتۇققا ئېلىپ جەڭگە چۈشىدىغان -
لار بولسا ناھايىتى ئاز، ئاران 20 جەڭچى،
توختاخۇننى قوشقاندا …

توختاخۇن ئۇيان - بۇيان قىمىرلاپ ئىس-
تانكۋاي بىلەن رۇشەنەينىڭ قاپ - قارا
گەۋدىسىنى، ئىستىھكام يوچۇقلىرىدىن چىقىپ
تۇرغان ئىستۋۇللىرىنى سىيلاشتۇرۇپ كۆرۈپ،
كۆڭلى ئىمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ بەكلا
ھارغانىدى، ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. لەشكەر -
نىڭ خىيالىنى بۆلۈشكىمۇ پېتىنالمايتتى.
بۈگۈنكى تۈن جەڭلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاخىر-
لىشىۋاتقان بولسىمۇ، لەشكەر ئۈچۈن، جەڭ -
چىلەر ئۈچۈن بۇ تۈن چەكسىزدەك، تاڭ ئاتـ-
مايدىغاندەك تۇيۇلاتتى …

شەرق تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدىكى ئاس-
مان بوشلۇقى ئاقىرىشقا باشلىغاندىلا، جەڭ-
چىلەر قوزغىلىپ ئاخشامقى ئىشلىرىنى قايـ-
تىدىن تەكشۈرۈپ پۇختىلاشقا كىرىشتى. ئۇلار

ئاللىقاچان جەڭگە تەييارلىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشقان ئىدى، ھەممەيلەن دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى بويىدىكى يىلان باغرى يولغا، تىك قىيا، دۆمبەللەرگە، چاتقاللارغا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇشتى.

سۇبھى تەرەپ قىزىرىشقا باشلىدى، كۈن ئۆزىدىن بۇرۇن شەرقىي تاغنىڭ چوققىلىرىغا ئالتۇن شەپىقىنى ئەۋەتتى. كۈتۈش ـ نېمە دېگەن ئازابلىق! تاغ ئۈچى، جىرا، قاپتاللار پۈتۈنلەي يورۇپ بولدى. پەستە يەكەن دەرياسىنىڭ ئويناق ئۆركەشلىرى شەپەق نۇرىدا زەررەك تامچىلارنى چاچراتماقتا، كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى. توختاخۇننىڭ پەرەز، ھۆكۈملىرى خاتاسىز ئىدى. دۈشمەن قوشۇنى تار، ئېگىز ـ پەس يولدا ئاغامچىدەك سوزۇلۇپ كېلىشمەكتە. ئۇلار قىسقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جەنۇب تەرەپ تىك، شىمال تەرەپ پەس كەلگەن يانتۇلۇققا كېلىپ توختىدى، ئارقىدىكىلىرىمۇ يىغىلدى. ئۇلار شۇ يەردە دەم ئالماقچى، ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا لەشكەرنىڭ قۇرغان تۇزىقىغا ھېچنېمە چۈشمەيتتى. كەڭ ئوچۇقچىلىقتا جەڭ قىلىش ـ لەشكەرلەر ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

توساتتىن رەۋشەن لەشكەرنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— كوماندىر، كوماندىر، مەن گۈلبۈتەنى كۆردۈم.

— گۈلبۈتە! ـ لەشكەر ئاچچىق ئىڭگىرىۋەتتى، ـ گۈلبۈتە؟ راست كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە، خالمەمەتمۇ بار، ھەممىنىڭ ئالدىدا...

— ماڭ جايىڭغا!

رەۋشەن ئېگىلمىشكىنىچە تاشلار ئارىسىدىن ئۆمىلەپ قىيانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. لەشكەرنىڭ چىرايى تاتارغان ئىدى، ھەر قېتىم قىسىلغانىدا غەزەپ ئەژدىھاسىنى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بۇ قېتىم چوڭ ئېچىلىپ ـ چەكچەيدى. چەكچەيگەن كۆزلەردە بولسا غەزەپ گويا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ماگمىنىڭ يېنىۋاتقان، ئۇلغىيىۋاتقان يالقۇنىنى ئەسلەتەتتى. لەشكەر يېنىدا تۇرغان توختاخۇنغا ئىشارە قىلىۋىدى، توختاخۇننىڭ ناگىنىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلىپ دۈشمەن سېپىنى ساراسىمىگە سالدى ۋە ئۇلار ئالمان ـ تالمان قوراللىرىنى بەتلەپ قىسقا قاراپ سىلجىشتى. ئوبدان بولدى، ئۈچ پاي ئوق ـ دۈشمەننىڭ قورساق تويغۇزۇش، كېچىلىك يۈرۈشنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈستىدە كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇردىمۇ ياكى بىرەر تاسادىپىلىق تۈپەيلىدىن بولدىمۇ، ئىشقىلىپ، شۇنچىلا كۆپ دۈشمەن ئۈچۈن قىسىق ئىچىدىن ماڭماي ئامال يوق ئىدى. قىسقىنىڭ جەنۇبى تىك قىيا تاغ، شىمال تەرىپى تىك دۆمبەل، دۆمبەلنىڭ كەينى تەرىپى ـ دەريا، شىددەتلىك ئېقىن، كەڭ ھەم چوڭقۇر... جەڭچىلەر لەشكەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئۈچ پاي ئوق گويا بىر تىلسىماتتەك مۆجىزە كۆرسىتىپ دۈشمەن قوشۇنىنى قىسىق ئىچىگە يېتىلەپ كىردى، قىسىق گويا تاغارغىلا ئوخشايتتى.

خالمەمەت قولى باغلاغلىق گۈلبۈتەنىڭ يېڭىدىن تۇتقان ھالدا ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلەتتى، لەشكەر بۇنى ئېنىق كۆردى. شۇ ھامان يۈزىدە قان دىدارى قالماي تاتىرىپ سارغايدى، ئەمدىلا قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە بۈگۈن كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىنمۇ بەكرەك قارا، زۇلمەتلىك كۆرۈندى. ئەگەر ئوق چىقارسا... ئوق ئال-

دى بىلەن گۈلبۈتەگە... لەشكەر ئاخىرىنى
ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دۈشمەننىڭ
ئالدىنقى قىسمى قىسىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەل-
دى، ئۇلار ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن
ئالدىغا، ئوڭ - سولغا دىققەت بىلەن سەپ
سېلىپ كەلمەكتە. كۈتمىگەندىكە بولمايتتى،
لەشكەر كۆزىنى يۇمىۋالدى، يەنە ئاچتى،
گۈلبۈتە...! خالمەمەت...!

قىسىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ، قىيالار ئۈستىدىن ئىستانكۋاي، ئۈزۈن، قىسقا مۇزىرىسكا كارابىن، كېرمانىسكىلار قىسىق ئىچىدە پاتپاراق بولۇشقان دۈشمەنلەرگە شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. لېكىن جەڭچىلەر ئوت كۈچىنى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى، ئالدىنقى قىسمى لەشكەرنىڭ ئالدىدىكى رۇشەنەي، پېتىر، ئاپتوماتىلارغا تەقسىم قىلىنمىدىمىكىن...؟! توغرا، جەڭچىلەر گۈلبۈتە تۇرغان جايغا قارىتىپ ئېتىشنى خالىمايتتى، لەشكەر بۇنى سەزدى.

— گۈلبۈتە...! سىڭلىم گۈلبۈتە...! گۈل... بۈ...!

لەشكەر پولىك كوماندىرلىق، ھەربىيلىك سالاھىيىتىدىن شۇنداق تېز قايتتىكى، ئاقىۋول ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىنكى تەلۋىلىكى، ئەسەبىيلىكى ئەسلىگە كەلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ يىقىراپ - چۆكىلەشكە، ۋارقىراشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر گۈلبۈتەنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ئالغا سىلجىشاتتى، ئوق ئۈزەتتى. ئەمدى ئامال يوق ئىدى، لەشكەر تۇيۇقسىز ھەرىكىتىنى توختاتتى.

— ھۇررا... ! ھۇررا...!!!

ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىستانكۋاي قاتتىق سىلكىنىپ ئېتىلىشقا باشلىدى.

— مەندىن بۇرۇن ئۆلگەنلەرنىڭ خۇنى ئۈچۈن! مىر قەدەم ئۈچۈن! چورۇق بىلەن مىرزا ئۈچۈن! ناسىراخۇن، رەيا بېك، شىر دېھەك ئۈچۈن...! ئاقىۋول ئۈچۈن...! ھۇررا...ھۇررا!!!

قويۇق ئىس - تۈتەك ئارىسىدا گۈلبۈتە كۆرۈنمىدى، ئاھ... گۈلبۈتە! لەشكەر بىر سېكۇنتقا ئېتىشنى توختىتىپ ئالدى تەرەپكە تىكىلدى، گۈلبۈتە يوق ئىدى.

— سىڭلىم گۈلبۈتە...! سەن مېنىڭ ئوقۇمدا... رازى بول، رازى بول...! ھۇررا...!! گۈلبۈتە ئۈچۈن...!!

لەشكەر غەزەپ بىلەن ھۆكۈرەيتتى، ۋارقىرايتتى، ئاتاتتى. قوشمەت ئورنىدىن يۆتكىلىپ چۈشۈپ ئىستانكۋايغا، رۇشەنەيگە ئوق قاچىلاشقا باشلىدى. قىسىق ئىچىدىن ئاڭلانغان قىيا - چىيا، ۋارقىراشلار، ئىڭراشلار، تىللاشلار، ۋارقىراپ كوماندا بېرىشلەر... ئوق ئاۋازلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئايرىشتاش داۋىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. پېتىردىن ئېتىلغان ئوقلار دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىشىگە پۇرسەت بەرمىدى. دۈشمەنلەر ئۆز ئۆلۈكلىرىنى، قىسىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك تاغلارنىڭ يانغا بۆرتۈپ چىققان گىرۋەكلىرىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئاتاتتى، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى. بىراق، ئۇلار ئۈچۈن لەشكەرنىڭ قىسىق ئاغزىدىكى تاش ئىستىھكامىدىن باشقا نىشانلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئېگىزگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلار تاغقا تېگەتتى، ياكى ھاۋاغا ئۇچاتتى. ئېگىزدىن پەسكە - قىسىق ئىچىگە ئېتىلغان ئوقلار دەل جايىغا تېگەتتى. بۇنداق پايدىسىز شارائىتتىكى جەڭ دۈشمەنلەرنى ھالاكەت گىرداۋىغا يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى. ھەممە يەرنى ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتتى، پۇرۇغ ھېدى دىماغلارنى

ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسىنى قىساتتى. پىلىموت،
مىلتىقلارنىڭ ئىستىۋۇللىرى ئوتتەك
قىزىپ كەتتى، ئەمدىلىكتە چەگچىلەر ئالدى-
رىماي، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئاتقىلى تۇردى، بە-
زىدە ھەتتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر پايمۇئوق
ئېتىشماستىن جىمىپ قېلىشاتتى. قۇياش ئاس-
تا - ئاستا ئاسمان قەھرىگە كۆتۈرۈلمەكتە،
ھاۋا دىمىق، شامال يوق. تارقىلالمىغان ئىس-
تۈتەك قىسىق ئۈستىدە، قىيا، تاغلارنىڭ يان-
باغرىلىرىدا لەيلەپ يۈرمەكتە. بىر - بىرىگە
ئوق - تەتۈر مېڭىشىپ قالايمىقان يېتىشقان
جەسەتلەرنىڭ كۆپلىكى ئاجايىپ دەھشەتلىك
بىر مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى. جەگچىلەر قو-
راللىرىنى سۆۋۈتۇپ، قايتىدىن ئوقلاپ قىسىق-
نىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ سىلجىدى، دەر-
يا تەرەپتىكى يانتۇلۇقتا توپلىشىپ ھۇژمەك
بولىۋېلىشقان قالدۇق دۈشمەنگە كىرانا تلار
ئۈچۈپ باردى.

لەشكەر ئاپتوماتىنى ئاستى، رۇشەنەينى كۆ-
تەرگىنىچە تار يولنى بويلاپ يۈگۈردى، ھۇر-
را توۋلىدى، جەسەتلەردىن ئاتلاپ ئۆتتى،
ئالدى تەرەپكە ئوت ئاچتى، كېتىۋېتىپ يى-
قىلدى، ئوق پۇتىغا ئوق تەككەنىدى. ئۇنىڭ
بېشى دەل قانغا بويۇلۇپ ياتقان كۈلبۆتەنىڭ
ئېچىلىپ قالغان پاقالچاقلىرى ئۈستىگە چۈش-
كەنىدى، قولىدىكى رۇشەنەي خالىمەمەتنىڭ ئۆ-
لىكى ئۈستىدە توغرىسىغا تۇرۇپ قالدى. «كۈل-
بۆتە! ... كۈلبۆتە ... !!» لەشكەر شۇنچىلىك
دەھشەت سېلىپ ۋارقىرىدىكى، ئاۋازى قىسىق
ئىچىدە ياڭراپ ئەكس سادا قايتۇردى. ئۇ
ئەستە ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆرە بولدى، سەل
سىلجىپ كۈلبۆتەنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى،
كۈلبۆتە قاتتىق يارىلانغان - قورسىقىغا، دو-
لىسىغا، پۇتلىرىغا ئوق تەككەنىدى. تېخى
ھايات ئىدى. يارىلانغان جايلىرىدىن قان تەپ-
چىرەپ تۇراتتى، بارغانسېرى قانسىراۋاتاتتى.

— سىڭلىم !

خېلىدىن كېيىن كۈلبۆتەنىڭ قويۇق، ئۇ-
زۇن كىرپىكلىرى مىدىرلاپ، نۇرى قاچقان
كۆزلىرى لەشكەرگە تىكىلدى. لەۋلىرى قىمىر-
لىدى، ئاۋازچىقمىدى، بارلىق دەرمانىنى يى-
غىپ ئاران تەستە:

— ئاكا ...، — دېيەلىدى.

— سىڭلىم، مېنىڭ ئوقۇم...

— ھە ... ئوقۇڭ ئاۋۋال... ئاۋۋال... ئا-
ۋۇ خا... خائىنغا ...

— ساڭچۇ ؟

— ما ....ماڭا...، —كۈلبۆتەنىڭ نەپىسى قى-
سىلدى، خىقىراپ قالدى، بەكمۇ قىينالغان
ھالدا، — سېنىڭ... ئو...قو...، — دېدى.

لەشكەرنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك
ئېچىشتى، كۈلبۆتە ئېچىنىشلىق بىر قىيا-
پەتتە ياتاتتى. ئۇ، ئاكىسى لەشكەرنىڭ قۇ-
چىقىدا خارت - خۇرت قىلىپ بىر - ئىككى
تىنىدى - دە، جان ئۈزدى.

لەشكەر ئېسىنى يوقاتقانىدى، ئۇ ئور-
نىدىن تۇرۇپ كەتتى. توختاخۇن كېلىپ كۈل-
بۆتەنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى، لەشكەر ئاپ-
توماتىنى خالىمەمەتنىڭ جەسىتىگە قارىتىپ
ئاتتى، ئاتتى، بىر دىسكا ئوق ئېتىلىپ بولدى.
ئاندىن ئۇ ئالدىغا قاراپ يىقىلىپ - قوپۇپ
ئىلگىرىلىدى، دۈشمەن ئۆلۈكلىرىمۇ، ياردار
ياتقانلىرىغىمۇ، تەسلىم بولۇپ قول كۆتۈرۈ-
ۋاتقانلىرىغىمۇ ئوخشاشلا ئوق ياغدۇردى.

— دوكلات، يولداش پولك كوماندىرى!—
قوشمەت لەشكەرگە قاراپ يۈگرەپ كېلىپ
توختىدى، — دوكلات... يولداش پولك كوماندىرى، ئۆلگەن دۈشمەن 205، 170 دانە مىل-
تىق، 12دانە رۇشەنەي، ئىككى دانە ئىستان-
كوۋاي، 73 ھارۋا ئوق - دورا، ئوزۇق-تۈ-

لۇك ئولجا ئالدۇق، بىزدىن... بىزدىن بەش جەڭچى قۇربان بولدى، يارىدار يەتتە...

لەشكەرنىڭ قولىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. قوشمەت ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭكە يېنىدىن ئەگەشتى. لەشكەرگە ئەدەم، رەۋشەن ۋە يەنە جەڭچىلەر... ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. لەشكەر توختىماستىن ئۇدۇلىغا، ئوڭ-سولغا قارىتىپ ئاتماقتا: قان ئېقىۋاتقان پۇتىنى سۆرەپ - دىڭگوسلاپ كېتىۋاتاتتى، ئاتاتتى، ئاپتوماتىنىڭ ئوقى تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى، ئېتىپ تۇرۇپ ھەدەپ چۇقان سالاتتى: «بىزدەك ئارسلانلارنى كۆرۈپ قويۇش...— دەيتتى ئۇ جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، خىتاب قىلىپ، - تاغدا تۇغۇلغان، تاغدا چوڭ بولغان ئارسلانلار بىز! مانا كۆردۈڭمۇ؟ چېكىنگەنىدىمۇ ئەسلىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدىن نەچچە يۈز چاقىرىم ئارقىغا چېكىندۇق، سەنلەر ۋەدىگە ۋاپا قىلىشماي ھەدەپ بىزنى قوغلاشتىڭ. چېكىنسەك، بىزدىن قورقتى، دەپ ئويلاپ تېرەڭگە پاتماي قېلىشتىڭ، قۇتراشتىڭ.

سەنلەرنىڭ قۇترىشىڭ مۇشۇ نەچچىلىك، بىز قۇتۇرساق مانا شۇنداق قۇترايمىز! ئارسلان قۇتۇرسا تاغۇ تاش تىترەيدۇ...!!

لەشكەرنىڭ ئاپتوماتى توختاپ قالدى، ئوق تۈگىگەنىدى: لېكىن، ئاغزىدىن تېخىچە غەزەپ، ئېنتىقام ئوقلىرى ئېتىلىپ تۇراتتى! ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ رەۋشەننىڭ قولىدىكى ئۇزۇن مۇز مىلتىقىنى تارتىۋالدى-دە، يەنە بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى. كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى، جەڭچىلەر ئۇنى يۆلىدى.

ئاغزىدىن:

— بىز مانا شۇنداق قۇترايمىز، ئۆلۈكلىرىڭ سېسىيدۇ، چىرىيدۇ. سېسىقچىلىق تۈپەيلىدىن نەچچە يىلغىچە بۇ داۋاندىن ئادەمزاد ئۆتۈشتىن ئەيمىنىدۇ، لېكىن ئۇلار باشقىدىن يول ئاچىدۇ. بىز قۇترايمىز، مۇشۇنداق...قۇتراپ...» دېگەن سۆزلەر بوش ئاھاڭدا چىقاتتى.

جەڭچىلەر ئۇنىڭ پۇتىنى تېڭىشقا باشلىدى...

رۇشەنگۇل (ئوقۇغۇچى)

## ئىككى نەسىر

(1)

— ھەيران قالدىم.

سەن مۇشۇ سۆزنى قانچە قېتىملاپ ئاغزىڭدىن چىقارغانسەن؟ بەلكى سانسىز قېتىمدۇر. شۇڭا ساناپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن ھەيران قالدىم، سېنىڭ مۇشۇ تۈگىمەس ھەيرانلىقىڭدىن.

(2)

سەن ئويلىنىدىڭ: ئۇنىڭ چىرىغىدىن چىققان نۇر، مېنىڭ يولۇمغا بىر ئاز چۈشسىكەن.

ئۇ ئويلىدى: ئۇمۇ چىراغ ياقسىكەن، بىرگە ھاياتىي يولنى تاپساقكەن.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# ئايرىلىش ئاخشىمى

(«ئاھ، ئادالەت قايدىسەن» ناملىق رومانىدىن پارچە)



ياش يازغۇچى تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 1953 - يىلى 10 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ساقچىئەل كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1975 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، 1985 - يىلغا قەدەر ناھىيىلىك زادىنو ئوززۇلدا دىكتور، تەھرىر ۋە ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 1976 - يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن شەنىگە» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن. شۇنىدىن بېرى ئۇنىڭ «ئۈچ يوقسۇلنىڭ تېپىلىشى»، «ئىنسادىم بولاق» قاتارلىق داستان ۋە بالىلادىلىرى بىلەن 100 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «دەسلەپكى كۈيلەر» ماۋزۇسى ئاستىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرى 1982- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ۋىسال كۈيلىرى» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

تۇرسۇنبەگ 1980- يىلىدىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 30 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە ۋە نەسىرلىرى بېسىلىپ چىقتى. ياش يازغۇچىنىڭ تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى «سۆيگۈ ئىسيانى» 1987- يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «رومكا ئىچىدىكى سۆز» ناملىق پوۋېستى بىلەن «ئاھ، ئادالەت قايدىسەن» رومانى نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

بىز ئۈمىدلىك ياش يازغۇچىمىز تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىرغىقلىرىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە «ئاھ، ئادالەت قايدىسەن» نىڭ 4- بابىنى ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تونۇشتۇردۇق.

— تەھرىردىن

4

ئاقكۆل كەنتىنىڭ ئۆيلىرى باشقا جايدىكى يېزا - كەنتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، كۆپ تەرەپلەردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: تەكلىماكاندىن ئىبارەت سىرلىق قۇم دۇنياسى بىلەن يېقىن تام قوشنىلاردىن بولۇپ ئۆتتۇراتقان بۇ كەنتنىڭ تۇپرىقىمۇ خۇددى ئۆز ئادەملىرىنىڭ قەلبىدەكلا ھەددىدىن ئارتۇق يۇمشاق بولغانلىقتىنمىكىن، بۇ يەردە ئۆيلەرنى ئاساسەن ياغاچتىن ياساشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆي سالغۇچىلار تاملارنى قۇرۇق زەيننىڭ نابۇت قىلىشىدىن ساقلاپ قې-

لىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ يەردىكى ئۈزۈنغىچە سېسىپ ياتقان ئۆسۈملۈك — قومۇشنى ھۇل ئورۇنغا بېسىپ، ئۈستىگە زەگىنىدە ① تارتىدۇ؛ ئاندىن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان زەگىندىلەرگە قەدەمدە بىردىن دېگۈدەك تۈۋرۈك ئورنىتىپ، ھەر بىر تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىنى تۆيزە ② بىلەن توقۇپ چىقىشىدۇ؛ تۆيزە ئۈستىگە چاپلىنىدىغان لايىنىڭ توپىسى ئۈچۈن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، دەريا بويلىرىدىن سېغىز توشۇپ كېلىشىدۇ؛ بۇ يەرنىڭ تامچى بىلەن ياغاچچىلىرىمۇ شۇ قەدەر ئۇستىكى، تامچىلارنىڭ تۈزغاق ئارىلاشتۇرۇلغان كاكۇل بىلەن سۇۋىغان ئىنچىكە سۇۋاقلىرى پاشا تېيىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە سىلىق بولسا، ياغاچچىلارنىڭ ياغاچتىن ئويۇپ ياساپ ئۆيلەرنىڭ تورۇسىغا يېپىشتۇرۇۋەتكەن ھۈنەر-سەنئىتى ئارىسىدىكى ياغاچ چىلگىنى ③ كۆرگەن كىچىك باللار: «ئاۋۇ چىلگىنى ماڭا ئېلىپ بەر!» دەپ ئاتا-ئانىسىنى خاپا قىلىشىدۇ…

ئەنە شۇ خىلدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرى بولغان ئىسلام ئاكىنىڭ ئۆيى بۈگۈن چوڭ-كىچىك مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا - تۈگۈلۈككە توغرىلىنىپ بىر كېلەم سېلىنىدى. كېلەمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يۇمشاقلىقتا ئەتلەس يۆگەككە زاكىلانغان بوۋاقنى كۆتەرگەن زىۋىدىخان ئاچا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىر ئاز سەمرىپ، ئاقىرىپ سوزۇلۇپ قالغان چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۈگۈلۈككە قاراپ سەل ئالدىغا سىلجىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ بېشىدىكى كۆز مونچاق ئېسىلغان قورۇق پوسمىنى ئالدى، ئۆي ئىچىدىكى ئۇششاقۇ-چوڭ ھەممەيلەن تۈگۈلۈككە قاراشتى. تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى جەگىنىڭ ئارىلىقىدىن تۆت چاسا قىلىپ ئېچىلغان ئەگلەك-چوگۈلۈك قىدىكى تۈگۈلۈكنىڭ تۆت تەرىپىگە، تىلىم ئورنى پىيازكۆكى رەڭگىدە، ئارىلىقى توخۇم سېرىقى رەڭگىدە سىرلانغان تۆت چىلگە ئورنىتىلغانىدى. تانا پقا كەلتۈرۈپ چاسىلىنىپ، ھەر ئىككى غىرىچقا بىردىن سېلىنغان جەگىلەرنىڭ يۈزىگە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە شەكىلدىكى قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان؛ سىلىقرەندىلىنىپ شۇنچە ھېم ياپسالانغان چىرايلىق ۋاسىلار سۇس چىلان رەڭگىدە گەجلەنگەن؛ پەرمان① ۋە سىنجىلار②غا چوت ئۇرۇقى شەكلىدىكى، ھەرە چىشى شەكلىدىكى خىلمۇ-خىل نەقىشلەر چىقىرىلغان شاللار مىخلانغانىدى. ئۇنىڭدىن پەستە، تامچىلارنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى نامايەن قىلىپ چىقارغان سىپتە ئويۇق-تەكچىلەر بولۇپ، بۇ ئويۇق-تەكچىلەرگە گۈللۈك چاينەكلەر، پىيالىلار، پەتنۇس، قورئان، ھەپتىيەكلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. كۆزلەر ئەنە شۇلارنى تولۇق كۆرۈپ بولۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، تۈگۈلۈكتىن بوۋاقنىڭ بېشىغا قوماچ قويۇلۇشقا باشلىدى. ھەر بىر تال قوماچ تاراسلاپ تەككەندە، بوۋاق بوغۇم-بوغۇم بۇدرۇق قوللىرىنى ھەر يانغا مىدىرلىتىپ تېپىچەكلەپ يىغلايتتى. يىغلىمىغاندا بولسا، ئۇنىڭ چىلك يۇمۇلغىنىدىن ئىزناسى يوقاپ كېتىشكە ئاز قالغان كىچىككىنە كۆز-

①② — مەكمەت قاتارلىق داھىيلەردىكى ئارىسىغا ياغاچ ئېلىپ ياسىلىدىغان ئۆيلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر ئىسمى.

③ چىلگە — قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

④ پەرمان — ئىككى جەگىنىڭ ئارىلىقىدىكى شال.

⑤ سىنجا — جەگىلەرنىڭ ئاستىدىكى ئۇزۇن ياغاچ.

لىرىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق ياشلار تۆكۈلەتـ
تى. كەڭ ئېچىلغان چىشسىز ئاغزىدىن جان ـ
جەھلى بىلەن قىقىرغان ئاچچىق بىر سادا
ئېشىلىپ چىقاتتى. زىۋىدىخان ئاچا بوۋاقـ
نى يېنىك لىگشىتىپ تىنماي پەپىلەيتتى.
ئالاھىزەل 3 ـ 4 مىنۇتلاردىن كېيىن، تۆكـ
لۈكتىن چۇشۇۋاتقان قوماچ توختىدى. ئۇشـ
شاق باللار چۇقىرىشىپ بېرىپ كېلەمدىكى
قوماچلارنى تېرىپ يانچۇقلىرىغا سېلىشقا
باشلىدى. ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان ۋىجىك
بىر، ياش يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، زىۋىـ
دىخان ئاچىنىڭ يېنىغا كەلدى. قولىدىكى
يۆگەكلىك خامنى ئېچىپ، ئۈستىرا، بىلەي،
قايچا، تاغاقلارنى يەردە قويدى. يىپ ـ يىپـ
گى چەكمەن كاپىلىغۇچنىڭ بىر بېشىنى بەلـ
بېغىغا قىستۇرۇپ، ئۈستۇرىسىنى كاپلاشقا
كىرىشتى. ئاغزىغا ئەمچەك سېلىنغان بوۋاقـ
نىڭ يىغىسى بايىدىن بۇيان سەل پەسىيـ
گەنىدى. بىر نوكاي سۇ ئەكېلىپ بېشىنى
ئىۋىتتى. «بىسمىللا» نى ئوقۇپ چاچقا ئۈسـ
تىرا سالدى…

بۇ ـ نادىرنىڭ ئىككىنچى ئېتىسى تاـ
ھىرنىڭ «قىرقى تويى» ئىدى. ئاقكۆل يېـ
زىسىدا، بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈك بولغانـ
دا، ئاشۇنداق «قىرقى تويى» ئۆتكۈزۈلىدىـ
غان بىر خىل ئادەت بار ئىدى. ئادەتتە مۇنـ
داق «قىرقى توي» لىرىغا يېقىن ئۇرۇق ـ
تۇغقانلار، مەھەللىدىكى بارلىق ئۇششاق باـ
لىلار ۋە ئايرىم ھەقەمسا يىلار قاتناشتۇزـ
لاتتى. لېكىن بۈگۈن يىغىلغان ئادەم نىسبەـ
تەن كۆپ بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ھەقەمـ
سايىلاردىن باشقا، پۈتۈن ئاقكۆل كەنتىنىڭ
ياشلىرىمۇ جەم بولغانىدى. چۈنكى نادىر
ئەتە ھەربىي سەپكە ماڭماقچى، بىلله ئۆسـ
سۈپ چوڭ بولغان دوستىيار ـ ئاغىنىلىرى ئۈ،

چاي بېرىپ خوشلاشماقچى ئىدى.

تاھىرنىڭ قىرقى چىقىرىلىپ، بىر پارـ
چە قىزىل گۈش ھالەتتىن ئەتراپقا كۆلۈپ
قارايدىغان ئۇزماق بوۋاققا ئايلانغانلىقى،
ھەمدە زىۋىدىخان ئاچىنىڭ ئورنىدىن تۇرـ
غانلىقى مۇبارەكلىنىپ بولغانىدىن كېيىن،
مېھمانلارنىڭ ئالدىغا دوستىخان سېلىنىپ،
قۇيرۇقلىرى لىغىلداپ تۇرغان سېمىزغىنا
ئىككى ئۇچا ① ئېلىپ كېلىپ توختىتىلدى.

ــ ئەمدى، ـ دېدى ئىسلام ئاكا گېلىنى
قىرىپ قويۇپ مېھمانلارغا قاراپ ئۈنلۈك
ئاۋازدا، ـ ھەر قايسىلىرىنى بۇ يەرگە يىـ
غىشتىن مەقسەت، ئوغلىمىز نادىر ئەتە
ھەربىيلىككە ماڭىدىغان بولغىنى ئۈچۈن،
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بىر پىيالە، ياشلارغا
بىر پىيالە، مىشەدە ئىككى پىيالە خوشلىـ
شىش چېيىمىز باركەن…

ــ رەھمەت، جىق كا يېتىپتۇق، ـ دېيىشتى
مېھمانلار بىر ئېغىزدىن.

ئارىدىن ئىككى يىگىت چىقىپ بۆكەللىك ②
قىلىشقا كىرىشتى. ئۇچا پارچىلىنىپ بولغىـ
چە، قىزىتىلغان سۇيېيىغا چىلىنىپ قىزارـ
تىلغان چىرايلىق ياغاچ لىگەنلەردە پولۇ ئېـ
لىپ چىقىلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا توخـ
تىتىلدى. پارچىلانغان گۆش، لىگەنلەردىكى
پولۇ ئۈستىگە بېسىلغاندىن باشقا، ھەر بىر
كىشىنىڭ ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم قويۇپ
چىقىلغاندىن كېيىن، ئىسلام ئاكا ھەممەيـ
لەننى غىزاغا تەكلىپ قىلدى.

بىز، ـ دېدى بىر يىگىت ئورنىدىن قوپـ
ۇپ، قول باغلاپ تۇرۇپ ـ نادىرنىڭ ئەل ـ
ئاغىنىلىرىنىڭمۇ نادىرغا بىر پىيالە خوشـ

---

① ئۇچا ـ پۈتۈن ھالىتى بويىچە پۇشۇرۇلغان قوي گۆشى.

② بۆكەللىك ـ گۆش پارچىلىغۇچىلار بۆكەل دەپ ئاتىلىپ، گۆش پارچىلاش «بۆكەللىك قىلىش» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

لىشىش چېيىمىز باركەن...

ئۇ ئىشىككە قاراپ شەرەت قىلىۋىدى، ئىككى يىگىت بىر دوستىخانغا يۆگەلگەن يەنە بىر ئوچاقنى ئېلىپ كىرىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى پەتنۇسقا تۆت نان ئېلىنىپ، نان ئۈستىگە بىر مۇنچە پۇل بىلەن ئىككى بوقەنت تىزىلغانىدى. ئارقىدىن ئۇزۇق ـ تۇغقانلار، ئەل ـ مەھەللىدىكىلەر نادىرغا سوتلۇك توقاچ، پىچاق، پۇل، يەل-يېمەش قاتارلىق ھەر خىل نەرسىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يوللۇق تۇتۇشتى. زۇنۇدىخان ئاچا دادىرغا ۋاكالىتەن «ھەشقاللا، رەھمەت» دەپ، يوللۇق تۇتۇلغان سوۋغاتلارنى دوستىخاندىن ئالدى.

دۇئادىن كېيىن مېھمانلار ھويلىغا سېلىنغان كىگىزگە باشلاندى. چۈنكى ئەمدى مەشرەپنىڭ نۆۋىتى ئىدى. مەشرەپخۇمار ئاقكۆڭۈللۈكلەر مۇندىلاق سورۇننى مەشرەپسىز ئۆتكۈزۈشمەيتتى.

بۇگۈنكى بۇ مەشرەپكە سەلەي بور ـ بورمۇ كەلگەنىدى. سەلەي بور ـ بور بويىچە ھەممە ئادەمدىن ئىككى گەز ئېگىزچىقىدىغان، ئېگىزلىكىدىن ئېشەككە مىنسە، پۇتى يەرگە تېگىپ قالىدىغان بولغاچقا، يىراقتىن بىر يەرگە بېرىپ ـ كېلىشكە توغرا كەلسە، ئېشەكتە ئولتۇرۇپمۇ پۇتى قاپىرىپ كېتىدىغان، بۇ يۇرتتا تۇرۇپ ۋارقىرىسا، ئاۋازى ئۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئادەممۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ بىمالال ئاڭلىيالايدىغان كارامەت ئاۋازلىق بىر ئادەم ئىدى. ئادەتتە ئۇ نەغمە قىلغان مەشرەپلەرگە 3 ـ 4 كەنتتىن ئادەم كېلەتتى. چۈنكى باشقا ھەممە نەغمىچىلەرنىڭ ئاۋازى بىر نەچچە مەھەللىگە يەتسە، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەتراپتىكى قوشنا كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايرىم ئاڭلىناتتى.

نەغمىچىلەر ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۆرپە سېلىپ مەخسۇس تەييارلانغان جايدىن ئورۇن ئېلىشتى. چىرايلىق قوراق تېكىپ ئۈستىگە قويۇلغان قالۇن دوكامەت مۇقامى ① نىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋىدى، ئۇنىڭغا قىل غىجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن دولان راۋابىنىڭ رېتىملىق ساداسى ياڭراشتى. پاۋۇزدىن كېيىن سەلەي بور ـ بور داپنى قولىغا ئېلىپ، گەردىشىدىكى مىس ھالقىلارنى جالىڭلىتىپ تۇرۇپ مۇقام باشلىدى:

ـ ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بويىنىغا گىرە سالسام...

نەغمىچىلەر ئۇنىڭغا ماسلىشىپ: «ۋاي ئاللا! ۋاي ئاللا!...» دەپ ئۈنلۈك توۋلاشتى. ئاخىرقى ئىككى مىسرا يەنە بىر تەكرارلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەشرەپنىڭ چىكىتمىسى باشلاندى. ئاندىن ھەممە نەغمىچىلەر سەلەي بور ـ بورغا ئەگىشىپ بار ئاۋازى بىلەن چىڭقىلىپ توۋلاشتى:

ـ ئىرمىشايلى، چىرمىشايلى،
شايى كۆينەككە.
شايى كۆينەك تۈگمىلىرى،
تەگسۇن يۈرەككە...

يىگىت بېشى ئورنىدىن تۇرۇپ، سورۇننى ئارىلاپ يۈرۈپ «ئاۋۇتكام بىلەن پازىل داڭغا ھەشقاللا، ياقۇپ مىراپ بىلەن تۇنساخاناچامغا ھەشقاللا!...» دەپ، مېھمانلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. نادىرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «نادىر بىلەن ماڭا ھەشقاللا!» دەپ ئەتراپتىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. سورۇن ئەرلەر،

① دوكامەت مۇقامى ـ دولان مۇقاملىرىنىڭ بىرى.

ئاياللار، چوڭلار ۋە كىچىكلەر بىلەن تولغانىدى. نادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. «تاق، دۇم، دۇم، دۇم تاق، دۇم» قىلغان بىر خىل رىتىمدا چېلىنىۋاتقان داپنىڭ ئاۋازى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «دۇم!» قىلىشى بىلەن تەڭ، سورۇندىكىلەر خۇددى بىرلا ئادەمدەك بىرلا ۋاقىتتا گەۋدىسىنى شاققىدە پەردىشى ① تەرەپكە بۇراپ، پۇتىنى يەرگە «تاق» قىلىپ ئۇراتتى. نەغمە سەنئەتكە كۆچتى. ئەمدى ھەممەيلەن جۈپ - تاق قەدەملەر بىلەن سولغا يېرىم ئايلىنىپ، پەردىشى بىلەن بىر بېقىشىۋالغاندىن كېيىن، تېز قەدەم بىلەن ئوڭغا تولۇق بىر ئايلىنىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەردانە قىياپەت بىلەن ئىككى تەرەپكە چاققان ھەرىكەتلەندۈرۈپلا ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم يېنىپ يەنە پەردىشىغا باقاتتى. بۇ كۆرۈنۈش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، نەغمە سەنئەتكە ئۆزگەردى.

نادىر مەيداننى بىر ئايلىنىپلا، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار توپىدىن ئايرىلىپ يېنىپ چىقتى. زىۋۇددىخان ئاچا پىياز كۆكى رەڭگىدىكى ئۈچ سوملۇق پۇلدىن بىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار يېنىغا كەلدى. قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلىنى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆرىدى ۋە نەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئارقىدىن ئۇرۇق - تۇغقانلار، ھەمسايىلار، شۇنداقلا نەغمىچىلەرنىڭ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ يېقىنلىرى، ھەممە بۈگۈنكى مەشرەپنىڭ تېخىمۇ قىزىشىنى خالايدىغان باشقا كىشىلەرمۇ بىر سوملۇق، بەش مولۇق، ئىككى مولۇق پۇللارنى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، نەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلايتتى.

ھەر بىر دۆرە ① مەشرەپ سەنئەت بىلەن سىرلاشما باسقۇچىغا كەلگەندە پۇل ئۆرۈش يەنە باشلىناتتى. بىر نەچچە دۆرە مەشرەپتىن كېيىن، يىگىت بېشى دەرە① ئېلىنغان بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا كىردى. دەرە شۇقەدەر چىلىك ئىشلەنگەندىكى، خۇددى تىرىك غازنىڭ بويىنىغا ئوخشاش بىر خىل شەكىلدە، پەتنۇستىن ئىككى غېرىچچە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېرىمىدىن چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالە توختىتىلغانىدى.

— بۈگۈنكى بۇ مەشرىپىمىزنىڭ، — دەپ كېيىنى باشلىدى ئۇ سورۇندىكىلەرگە قاراپ، — تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن، مېھمانلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالمىسۇن، ئۇسساپ قالمىسۇن دەپ، ئىسلام بەگ ئاكام مۇشۇ دەكى مەشرەپكە قاتنىشىۋاتقان ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىزغا بىر دانە ماخۇ بىلەن ئىككى پىيالە چاي تەييارلىغانىكەن، ھەممىمىز تەڭ تالىشىپ ئىچسەك...

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ پەتنۇسنى يەردە قويدى. بىر جۈپ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، چايدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ قويغاندىن كېيىن نادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مۇشۇ چاينى سەن بىلەن ئىچكىم كېلىۋاتىدۇ ئاداش، — دېدى.

نادىر ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— ماقۇل، بىللە ئىچەيلى، — دېدى.

ئادەتتە دولان مەشرىپىنىڭ قائىدىسى بويىچە، مەشرەپ ئەھلى بىر - بىرىگە چاي

① پەرداش — ئۇسسۇلغا چۈشكۈچىنىڭ جۈپتى، ئىككى ئادەمنىڭ بىرى.

② دۆرە — ھەر بىر مەيدان دولان مەشرىپى «بىر دۆرە» دېيىلىدۇ.

③ دەرە — دولان مەشرىپىدىكى ئويۇنلارنىڭ بىرى.

تۇتۇشتىن ئاۋۋال ئىككى پىيالىنى بىر قو-
لىغا جايلاشتۇرۇپ، قولتۇق ئاستىدىن ئاي-
لاندۇرغانچە ئاستا - ئاستا بېشى ئۈستىگە
ئېلىپ چىقىپ، پىيالىدىكى چاينى بىر تى-
مىمۇ تۆكمەستىن تولۇق بىر ئۆرۈپ بول-
غاندىن كېيىن، ئاندىن كۆڭلى خالىغان ئا-
دەمگە قوشاق بىلەن تۇتۇشى شەرت ئىدى.
چاينى قوبۇل قىلغۇچىمۇ قوشاقا - قوشاق
ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، پى-
يالىنى قولىغا ئېلىپ بايىقى قائىدە بويىچە
ئىش كۆرەتتى. ناۋادا چاينى ئۆرۈش داۋا-
مىدا بىرەر تىمىم تۆكۈۋەتسە ياكى قائىدىگە
خىلاپ باشقا ئىشلارنى قىلسا، دەرھال «جازا»-
غا تارتىلىپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلىپى بو-
يىچە ئويۇن چىقىرىلاتتى.

لېكىن بۈگۈنكى مەشرەپنىڭ يىگىت بې-
شىلىقىنى قىلىۋاتقان ئابدۇللا، نادىرنىڭ
يېقىن دوستى بولغاچقا، ئەتە سەپەرگە ئات-
لىنىش ئالدىدا تۇرغان نادىرنى ئاۋارە قىل-
ماسلىق ئۈچۈن، چاينى ئۆرۈمەيلا پىيالىنى
تەگلىدى. نادىر بىر جۈپ پىيالىنىڭ ئال-
دىنقىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئابدۇللا مەش-
رەپ قائىدىسى بويىچە تازىم بىلەن ئورنى-
دىلا بىرنى ئايلىنىۋېتىپ، قوشاق باشلىدى:

سەپەرگە ئاتلىنار بوپسەن،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جان تەندە ئامان بولسا،
كۆرۈشەرمىز سالامەت.

نادىر ئىككىنچى پىيالىنى قولىغا ئالدى.
تازىم بىلەن بىر ئايلىنىپ چىقىپ، پىيالى-
نىڭ ھەر بىرىدىن بىر يۇتۇمدىن چاي ئوت-
لىدى. ئەمدى نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەنىدى.
ئۇ بىردە قولىدىكى چايغا، بىردە يىراق-
يىراقلارغا قارايتتى. مېھرىبان ئاتا-ئانىسىدىن
يىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئېزىز دوستلى-

رىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا كۆز ئالدىدىن،
ئۇخلىغاندا چۈشىدىن كەتمەيدىغان سۆيۈم-
لۈكى ئادالەتتىن ئايرىلىپ، ناتونۇش
يەرلەرگە كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى
قەلبى تۇنجى قېتىم سەزدى. پۈتۈن ۋۇجۇ-
دى تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل مۇڭ
بىلەن تولدى. قەلبىدە، بېقىپ چوڭ قىل-
غان ئاتا - ئانىسىغا، ئېزىز دوستلىرىغا،
سۆيۈملۈكى ئادالەتكە بېغىشلانغان خىلمۇ-
خىل قوشاقلار قاينايتتى، بۇنىڭ قايسىنى
ئوقۇپ، قايسىنى قويۇشنى بىلمەيتتى. كۆڭ-
لىدە بىر قوشاقنى ئوقۇماقچى بولاتتى
لېكىن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۈگۈرۈكىنى يۇ-
تۇشقا، گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك،
نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كېلەتتى. ئۇ
سورۇننىڭ خوتۇن - قىزلار ئولتۇرغان تە-
رەپكە قارىدى. ئۇ يەردە ئادالەتنىڭ بولۇ-
شىنى شۇنچىلىك خالايتتى، ھەر قانداق
مەشرەپكە بارسا ئاۋۋال خوتۇن- قىزلار
ئارىسىغا سەپ سېلىپ ئادالەتنى ئىزدەيتتى.
بىر توپ خوتۇن - قىزلار ئارىسىدا ئادا-
لەتنىڭ خۇددى بىر توپ يۇلتۇز ئوتتۇرىسى-
دىكى تولۇن ئايدەك تولغان ھۆسنى جا-
مالىنى ناماين قىلىپ نازاكەت بىلەن
ئولتۇرۇشى، ھەمدە پات - پات يەر تېگىدىن
قاراپ قويۇشلىرى، كۆزلىرى ئۇچرىشىپ
قالغاندا بولسا، ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىش-
لىرى-ئۇنىڭغا تەگداشسىز لەززەت بېغىشلاي-
تتى، لېكىن بۈگۈن نېمە ئۈچۈنكى، خوتۇن-
قىزلار ئارىسىدا ئادالەت كۆرۈنمەيدۇ.
ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمىگەندۇ؟!...

نادىر پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئىسسىقتىيارىسىز
ھالدا غۇژژىدە قىلىپ قورۇلغاندەك بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى، ئارقىدىنلا كۆز جىيەكلىرى
ئىچىدە ئىسسىققىنا بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولۇپ

گويا كۆزلىرىگە پەردە تارتىۋالغاندەك بارغانسېرى كۆرەلمەي ۋاتقانلىقىنى سەزدى. سورۇندا، كىشىلەر ئالدىدا ياش تۆكۈۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمدى. نەملەشلەن كىرپىكلەر بىر-بىرىگە تەككۈچە بولغان ئەشۇ ئارىلىقتا، ئۇ ئادالەتنىڭ سىماسىنى غىل-پال كۆرگەندەك بولدى. لېكىن كۆزلىرىنى ئاچمىدى. ئەشۇ ھالەتتە بىر دەم تۇردى. ئادالەت گويا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاخىرى تۆكۈرۈكىنى زورلاپ تۇرۇپ يۇتۇپ، قوشاقنى باشلىدى:

— كۆك كەپتەرلە ئۇۋۇلاپتۇ،
پېشايۋاندا، پەرماندا.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
كۆرۈشەلمەي ئارماندا!؟—

نادىر كۆزىنى ئاچتى. ئادەتتىكى تەبەسسۇم ئىپادىسىدە جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز كۆزلەرنىڭ ئارقىسىدا، خۇددى بولۇتسىز ياز كېچىسىدىكى چولپاندەك پارلاپ تۇرغان بىر جۈپ تونۇش شەھلا كۆزنىڭ ئۆزىگە يېقىملىق قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئادالەتنىڭ كۆزلىرى ئىدى. نادىرنىڭ قەلبىدىكى مۇڭ تۇمانلىرى ئەمدى ئاللىقايا قالارغا تارقاپكەتتى. كۆزلىرى مەمنۇنلۇق بىلەن چاقناپ، چىرايىدا بىر يوشۇرۇن كۈلكە ئەكس ئېتەتتى. ئۇ كۆڭلىدە قولىدىكى چاينى ئادالەتكە تۇتقۇزۇشنى شۇنچىلىك خالايتتى. لېكىن ئادالەت نېمە دەر؟ كىشىلەر كۈلكە چاقچاق قىلىشىپ، ئۇنى ئىزاغا قويارمۇ؟...

نادىر ئويلاپ بىر قارارغا كېلىپ بولغىچە، نەغمىچىلەر «يىل باياۋان» مۇقامىنى باشلاشتى. نەغمە باشلانغاندا قائىدە بويىچە، چاي تۇتۇش ۋە دەرە ئويناش توختىتىپ تۇرۇلاتتى. نادىر چېيىنى كۆتۈرۈپ ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. پات-پات ئادالەتكە قاراپ قوياتتى. ئادالەت گويا مەشرەپتە ئۆزۈن تۇرالمايمەن، دېگەندەك قىلىپ، ھەممە خوتۇن-قىزلارنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. نادىر بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىسى كەلدى. لېكىن مەشرەپ سورۇنىدا ئەرلەر بىر يەردە، ئاياللار ئايرىم يەنە بىر يەردە ئولتۇرىدىغان، بىرەر ئەر ياكى ئايال قارشى تەرەپتىكىلەر بىلەن ئىختىيارى پاراڭلىشىپ كۇسۇرلاشسا، مەشرەپ مەيدانىدىكى «بەگ»، «مىرشاپ» لار تەرىپىدىن دەرھال سوراققا تارتىلىپ، «جازا» غا ئۇچرايدىغان بىر خىل قائىدە-يوسۇن بولغىنى ئۈچۈن نادىر ئادالەتنىڭ يېنىغا بارالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاي پىيالىسىمۇ نادىردا بولۇپ، ناۋادا ئۇنى قويۇپ باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالسا، يېنىدىكىلەرنىڭ بىرى پىيالىلەرنى قەستەنگە تىقىۋېلىپ، مەشرەپ مەيدانىدىكى «بەگ» كە:

— دات بېگىم! ساھىپجانىمىز بۈگۈنكى مەشرەپكە كەلگەن ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىزنى ئۇسساپ قالمىسۇن دەپ، ئىككى پىيالە چاي بەرگەنىدى. مەيەدە بىر ئازناپ ① چېيىنى ئىچىپ قانماي، پىيالىلارنىمۇ بىرگە يۇتۇۋېتىپتۇ، ئەمدى بىز نېمىدە چاي ئىچىمىز؟ ئەگەر ئۆزلىرى مازدىن قاتتىق، قۇشقاچ كالىسىدىن چوڭ بۇيرۇقلىرىنى چۈشۈرۈپ تېپىپ بەرمەيدىغان بولسىلا، توكو خورۇزۇمنى توقۇماي قاشقا تارتىپلا مېنىپ مۇنداق مەشرەپتىن ياماناپ كېتىمەن! — دەپ ئەرز قىلىپ، يەنە «جازاغا» قويىدىغان ئىش بار ئىدى...

① ئازناپ ـ قارنى يامان، ئاچكۆز مەنىسىدىكى دىئالېكت.

بىر دۆرە مەشرەپ ئاخىرلاشتى. نادىرچا يەنى كىمگە تۇتۇشنى ئويلاپ بولغىچە، بىرسى كېلىپ ئۇنىڭغا دەرە تۇتتى. نادىرنىڭ ئەتە ھەربىر سەپكە كېتىدىغانلىقىنى ھەممىگە ئايان بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر بولۇپمۇ ياشلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇسسۇلغا چۈشۈشنى، دەرە ئوينىۋېلىشنى، چاي تۇتۇشنى، قىسقىسى ئىمكان قەدەر كۆپرەك بىللە بولۇشنى خالايتتى. شۇ سەۋەبتىن، نادىرغا ئادالەت بىلەن پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەت بولمىدى. پەقەت قايسى بىر يىگىت «پىيىنى بوغمىغان تەخەيدەك پۇتلىرىنى كالپايتىپ ئولتۇرغان جىنايىتى» ئۈچۈن سوراق قىلىنىپ، «سامسا يېقىش جازاسى» غا تارتىلىشقا باشلىغاندىلا، نادىر ئاستا ئورنىدىن تۇردى. كىشىلەرنىڭ دىققىتى «سامسا يېقىش» تاماشاسى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن ئەشۇ پۇرسەتتە، ئادالەت بىلەن سۆزلىشىۋېلىش ئۈچۈن، سورۇننىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. لېكىن نېمىشقىدۇ، تېخى بايىلا بار بولغان ئادالەت ئەمدى كۆرۈنمەيتتى. نادىر خوتۇن-قىزلار ئارىسىغا يەنە بىر سەپ-سېلىپ، چىقىپ، ئادالەتنىڭ راستىنلا يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ سىرتقا چىقتى. ئالاھىزەل بىر ئون بېشىمى يەردە ئىككى ئايال كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بېشىغا ئۇزۇن ئاق رومال ئارتقان؛ يەنە بىرىنىڭ مەجنۇنتالنىڭ بوستانلىرىدەك تال-تال قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى ھەر بىر قەدەم ئالغاندا ئىككى خۇشپىچىم يەلكىسى ئۈستىدە يېنىك تەۋرىنىپ باراتتى. نادىر ئۇنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى، بىرەر ئىش چىقىپ ئانىسى كېلىپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى جەزىم قىلدى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي، تاكى دوستى ئابدۇللا چىقىپ چاقىرغىچە ئەشۇ ئىنزىندا تۇردى...

ھويلىدا مەشرەپ داۋام قىلماقتا ئىدى. نادىر كىرىپلا يەنە ئۇسسۇلغا تارتىلدى. ئاقكۆڭۈل ئاقكۆل ياشلىرىنىڭ نادىر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشمىگىنى قالمىدى. ھەتتا سەلەي بور-بورمۇ بىر قېتىملىق نەغمىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ، نادىر بىلەن بىر دۆرە ئۇسسۇل ئويناۋالدى. جۈرئەتلىك جۇۋان-چوكانلاردىن بىر نەچچىسى مەنىلىك قوشاقلار بىلەن دەرە ۋە چاي تۇتۇشتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى نادىرنىڭ ئادالەت بىلەن كەتكەن كۆڭلىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. ئۆزى مەشرەپ مەيدانىدا بولغىنى بىلەن، كۆڭلى ئادالەتكە ئەگىشىپ كەتكەن نادىر، شۇ تاپتا بۆلەكچىلا بىر ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇسسۇلغا تارتسا قوپاتتى، لېكىن نەغمە سەنەمگە كۆچسىمۇ يەنىلا چېكىتمىگە ئويناۋېرەتتى؛ دەرىدىن ئۆزىنى ھېچ قاچۇراي دېمەيتتى؛ ئۇنىڭغا دەرە تۇتقانلار، دەسلەپتە ئادەتتىكى دەرە ئويناش قائىدىسى بويىچە ئېيتىنى تېپىپ ئارقا-ئارقىدىن ئۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەيتتى؛ لېكىن نادىرنىڭ خۇددى مەڭدەپ قالغان ئادەمدەك، دۈمبىسىگە ئارقا-ئارقىدىن تېگىۋاتقان ئاشۇ دەرىلەرگە ھېچبىر ئىنكاس قايتۇرماي تۇرىۋېرىشىگە قاراپ، ئاخىرى دەرىنى بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنى زېرەك ئابدۇللا سەزدى، سەلەي بور-بورنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، نەغمە قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان سەلەي بور-بور ئۇسسۇلتىدا كېڭەيتىلگەندەك چىقىدىغان تەبىئىي ئاۋازى بىلەن شۇنداق دېدى:

— مەيدە ئوتتۇز ئوغۇل، تۆققۇز قىزغا مەسلىھەت سالىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى،

بۈگۈن ئىسلام بەگ يۈرتتىكى ئوتتۇز ئوغۇل، توقـ
قۇز قىزنى يىغىپ، نادىرەمنىڭ خوشلىشىش
چېيىنى بەرگەچ كۆڭۈللۈك مەشرەپ قىلىپ بەرـ
گەن. بىزچە، ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز نىڭ كۆڭـ
لى بويىچە بولغاندا، بۇ مەشرەپنى كېچىگىچـ
چە ئويىنسا قىمۇ قانمايمىز، لېكىن نادىرەم ئەـ
تە ماڭىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، كېچىگىچە بەـ
زى بىر تەييارلىقلىرىنى قىلىۋالمىسىمۇ بولـ
مايدىكەن. شۇڭا مەشرىپىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولـ
سا، خالىغانلار ئەتىگە نلىككە كېلىپ نادىرنى
ئۇزىتىپ قويساق، دېيىشىپ قالدۇق، بۇنىڭـ
غا ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز نېمە دەيدىكىن؟

سورۇننىڭ بىر نەچچە يېرىدىن: «شۇنـ
داق قىلايلى!» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ئەمىسە ئىسلام بەگكە رەھمەت! مەشرەپ
كە كەلگەن ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىزغىمۇ رەھـ
مەت! — دېدى سەلەي بور-بور تېخىمۇ ئۇنـ
لۈك قىلىپ.

كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى ئۆـ
ۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك، تالاغا مېڭىشتى،
ئىسلام ئاكا، زىۋىدىخان ئاچا ۋە نادىرلار
چىقىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىردى. ئابـ
دۇللا ۋە نادىرنىڭ باشقا بىر قانچە دوستلىـ
رى نادىرنىڭ تەييارلىق قىلىشىغا ياردەمـ
لەشمەكچى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن باشـ
قا ئىشلار چىقمىغاچقا، ئەتىگە نلىككە چەزمەن
ئۇزىتىپ قويۇشقا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ
قايتىشتى.

نادىر پات-پات تالاغا چىقىپ ئەتراپقا
قاراپ باقتى. كۆن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ قاش
قارايغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىلاچىققان ئاي
سۈس نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، ئەتراپتىكى نەرـ
سىلەرنى پەرق قىلغىلى بولاتتى. نادىر ئاھاـ
لەتنى بىر يەرگە يوشۇرۇنىۋالغان بولسىمۇن
دەپ ئويلاپ، كۆل بېشىنى، تېرەك ئەتراپىنى

ئايلىنىپ كەلدى. جىم تۇرۇپ ئەتراپنى تىڭـ
شاپ باقتى. لېكىن ئادالەت ھېچ كەلگەندەك
ئەمەس ئىدى. ئۆيگە كىرىپ، ئۆزى ياسىۋالـ
غان كۆرسىدا① ئولتۇردى. زىۋىدىـ
خان ئاچا مېھمانلارنى ئۇزىتىپ
بولۇپلا، نادىرنىڭ ئەڭ ئامراق تامىقى پوشـ
كال ئېتىشكە كىرىشكەنىدى، نادىرنىڭ كىرـ
گەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر نەچچە قىزىق پوشكالـ
نى ئېلىپ كېلىپ «يېگەچ تۇرغىن بالام، تويـ
غىچە يېۋالغىن، ئەتە بىر كەتسەڭ ساڭا پوشـ
كال ئېتىپ بېرىدىغان ئانا ئاڭ ئاقكۆلدە قالىدۇ...»
دېگىنىچە نادىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، نادىر
پوشكالغا شۇنچە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن شۇ
تاپتا زادىلا يېگۈسى يوق ئىدى. ئېسى-يادى
ئەتىگەنلىككە يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئادالەت
بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىشتىلا قالغانىدى. ئانىـ
سىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر پوشكالنى قاتلاپ ئاغـ
زىغا بىر نەچچە سالدى، قالغان پوشكاللارنى ئېـ
نىسى ناسىرغا تۇتقۇزۇپ يەنە تالاغا چىقتى.
بولۇتسىز سۈزۈك ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزـ
لار، گويا ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانـ
دەك تىنىماي جىمىرلاپ تۇراتتى. لېكىن ئاداـ
لەت يەنىلا ھېچ كەلگەندەك ئەمەس ئىدى. ناـ
دىر تامغا يۆلەكلىك شوتىنىڭ ئىككىنچى بالـ
دىقىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئادالەتنىڭ ئۆيى
تەرەپكە قاراپ خىيالىغا كەتتى: «ئادالەتكە
نېمە بولغاندۇ؟ مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ-يا؟
ياق، رەنجىپ قالغان بولسا بايا مەشرەپكىمۇ
كەلمەستى، ئانىسىنىڭ كېلىپ ئېلىپ كەتكىـ
نىدىن قارىغاندا، ئۆيدە بىرەر جىددىي ئىش
بارغۇ ئوخشايدۇ. جىددىي ئىش بولمىغاندىـ
مۇ ئەمدى بۇ كېچىدە كېلەلمەيدۇ. ئۇندا قىتا
مەن بارسامچۇ؟ توغرا، مەن باراي، مەن بىر

① كۆرسا — ئاشلىنىدىغان، ئۈستى تاسما ياكى رەختـ
بىلەن توقۇلىدىغان كىچىك ئورۇندۇق.

ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئۆزەم بارماي ئۇنىڭ كې-
لىشىنىلا كۈتۈپ ئولتۇرۇۋەرگىنىم نېمىسى!؟...»

نادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئادالەتنىڭ ئۆ-
يىگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە
يەنە ئويلىنىپ قالدى: «بۇ كېچىدە ئۆيىگە
نېمە دەپ كىرەرمەن؟ شەرىخان ئاچامغۇ بى-
لىنىشتۇرمەس، لېكىن ئادالەتنىڭ ئاۋۇت ئا-
كىسى بىلەن ئىككىمىز تەڭدىمە تىلىك تۇرساق،
ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ يۈزىگە قانداق قاراي-
مەن؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئادالەت بىلەن قان-
داق سۆزلىشەرمەن؟... ئەمدى قانداق قىلسام
بولار؟ مۇشۇ يەردىسا قالاپ تۇرسام ئادالەت چى-
قىپ قالارمۇ-يا؟ چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن،
تېخى ياتار ۋاقتىمۇ بولمىدى، ھېچ بولمىغا-
نىدىمۇ يېتىشتىن ئىلگىرى سىرتقا بىر چىقىپ قا-
لار، شۇنداق قىلاي مۇشۇ يەردىسا قالاپ تۇراي...»

ئۆيدىن تەسادىپىي بىرسى چىقىپ قالسا
دوقۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، نادىر كەي-
نىگە يېنىپ ئەگرى يولنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر
تۈپ توغراقنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئول-
تۇردى ھەمدە ئۆيدىن چىققان ئادەمنى تونۇ-
يالماي قالماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى ئىشىكتىن
ئۈزمىدى. ئالاھەزەل بىر چۆگۈن قاينىمى ۋا-
قىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ بىر
كۆلەڭگە سىرتقا چىقتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى
بىلەن سىرتقا چېچىلغان چىن چىراغنىڭ غۇ-
ۋا نۇرىدا، ھېلىقى كۆلەڭگىنىڭ بېشىدىكى قا-
را كۆرپە تۇماقنىڭ شەكلى ئېنىق كۆرۈنەت-
تى. نادىر ئۇنىڭ ئاۋۇت ئىكەنلىكىنى جەزىم
قىلدى. ئاۋۇت ئارقىغا ئۆتۈپ كېتىپ بىرھا-
زادىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە بۇرنىنى تاش-
لاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەمدى تالاغا چىق-
قۇچى چوقۇمكى ئادالەت بىلەن شەرىخان ئا-
چىنىڭ بىرى بولاتتى، ياكى ئىككىسى بىرگە چى-
قىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا نادىر تېخىمۇ
دىققەت بىلەن ئىشىككە تىكىلىپ ئولتۇردى.
ئولتۇرۇۋېرىپ كۆزلىرى تالدى. تېلىپ كەت-
كەن كۆزلەرگە ھەر خىل كۆلەڭگىلەر كۆرۈن-
گەندەك بولاتتى، نادىر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋې-
تىپ قايتىدىن سىنچىلاپ قارايتتى. بىر ھازا-
دىن كېيىن چىراق ئۆچۈرۈلۈپ ئىشىك شېلى-
نىڭ يوچۇقىدىن سىرتقا چۈشكەن كېسىم-كې-
سىم نۇرلار يوقالدى. نادىر ئۆيدىكىلەرنىڭ
ياتقانلىقىنى جەزىم قىلدى. ئەمدى
تاڭ ئاتقىچە، كۈتكەن بىلەنمۇ ئادالەتنىڭ
سىرتقا چىقىپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش ناتا-
يىن ئىدى. ئەپسۇسكى نادىر بۇ يەردە تاڭ
ئاتقىچە كۈتۈپمۇ ئولتۇرالمايتتى. ئولتۇردى
دېگەن تەقدىردىمۇ، تاڭ ئېتىپ جاھان يورۇغان-
دىن كېيىن، ئادالەت بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئال-
دىدا سۆزلىشىش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى.
قايتىپ كېتەي دېسە، ئادالەت بىلەن خوشلاش-
ماستىن كېتىۋېرىشكە كۆڭلى زادىلا ئۇنىمايتتى.
قانداق قىلىش كېرەك!؟

نادىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئىسىزدا يەنە
بىر ھازا ئولتۇردى. كاللىسىغا ھېچنېمە
كەلمەيتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەستىن ئاستا
ئورنىدىن تۇردى. بىر بېسىپ، ئىككى بې-
سىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى. قۇلىقىنى ئى-
شىككە يېقىپ ئۆي ئىچىنى تىڭشاپ باقتى.
يىراق بىر يەردىن—ئۆينىڭ نېرىقى بۇلۇڭى-
دىن سۇس خورەك ئاۋازى كېلەتتى. بىردەم
تىڭشاپ تۇرۇپ كەينىگە ياندى. ھېلىقى
توغراق تۈۋىگە بارغاندا كەينىگە قارىغۇسى
كەلدى. قاندىقتۇر بىر غايىپ سادا ئۇنىڭغا
«كەتمە! كەتمە!!» دەپ ئارقا-ئارقىدىن
خىتاب قىلاتتى. يەنە ئىشىك تۈۋىگە باردى.
ئەمدى بايىقى خورەك ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەي-
گەنىدى. ئاستا ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقتى.
ئىشىك ئىچىدىن دەم بىلەن تاقالغان بولسا

كېرەك، «تېرىدىق» قىلىپ كەينىگە سەل سىلجىپىلا، بىر نەرسىگە تاقىشىپ توختاپ قالدى. نادىر ئادالەتنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىغا ئىشەنەتتى. ئىشىكنىڭ تىرىقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، بەلكى چىقىپمۇ قالار دەپ، بىر دەم كۈتتى. لېكىن خېلىغىچە ئۆي ئىچىدىن ھېلىقى خورەك ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق بىر سادا چىقمىدى. ئۆگزىدىكى چالما تاشلاپ باقماقچى بولۇپ، ئەتراپتىن چالما ئىزدىسىدى، ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ئۆينىڭ يان تېمىغا ئارتىلدۇرۇپ قويۇلغان شوتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. «ئۆگزىدىكى چالما تاشلاپ يۈرگىچە ئۆزۈم چىقىپ تىڭشاپ باقسامچۇ؟» دېگەن بىر پىكىر خىيالىدىن كەچتى. شوتىنىڭ بالداقلىرىغا پەم بىلەن دەسسەپ ئۆگزىگە چىقتى. تورۇسنىڭ غاراسلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىك دەسسەپ پۇتلىرىنى بەكمۇ ئاستا يۆتكىدى. بىرىنچى تۈڭلۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەر بېغىرلاپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىنى تىڭشىدى. يەنىلا باياقى خورەك ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى. بادام دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، بويىنىنى تۈڭلۈككە سوزۇپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە قارىدى. لېكىن كەۋدىسى بىلەن بېشى، تازا تىكلەشكەن ئاينىڭ نۇرىنى توسۇۋالغاچقا، ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. قۇلىقىنى تۈڭلۈككە توغرىلاپ يەنە بىر پەس تىڭشاپ باققاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە باياقىدەك پەم بىلەن دەسسەپ، ئىككىنچى تۈڭلۈكنىڭ يېنىغا باردى. قۇلىقىنى تۈڭلۈككە يېقىن ئەكېلىپ تىڭشاشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدىكى بىر خىل يېنىك نازۇك نەپەس ئاۋازى ئاڭلىناتتى. نادىرنىڭ يۈرىكى، ئىختىيارسىزلا كۈچلۈك سېلىپ كەتتى. بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان؛ يۈرەككە بەكمۇ ياقىدىغان بىر خىل يېقىملىق پۇراقنى سەزگەندەك بولدى. ئاشۇ تەبىئىي سېزىملار ئۇنىڭغا «ئادالەت مۇشۇ ئۆيدە بار!» دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى، كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە يەنە قاراپ باقتى. قۇلىقىنى تۇتۇپ باياقى. يېنىك نەپەس ئاۋازىنى قايتىلاپ ئاڭلىدى. بۇ ئۆيدىمۇ ئەشۇ ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. «ئادالەت يالغۇزمۇ - نېمە!؟» نادىرنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز ئەشۇ خىيال كېلىپ قالدى. قولىقىنى تۈڭلۈككە تېخىمۇ يېقىن توغرىلاپ، تىنماي تۇرۇپ بىر پەس تىڭشاپ باقتى. ھېلىقى رېتىملىك يېنىك نەپەس ئاۋازىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تىنىقى ئاڭلانمىدى. ئادەتتە شەرىخان ئاچىنىڭ كۆپ يۆتىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يەنە بىر ھازاغىچە تىڭشىدى. لېكىن ئۆي ئىچىدىن يۆتەلگەن تۈگۈل چوڭراق تىنغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. دېمەك ئادالەت بۈگۈن يالغۇز يېتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟!... تۇۋلاپ باقسام ئويغىنارمۇ؟ ياق، ئادالەت ئويغانسىمۇ مەيلى، ئادالەت بىلەن ئاۋۇتمۇ بىرگە ئويغىنىپ قالسا چاتاق بولىدۇ. مەنمۇ ئەتىگە نىلىككە كېتىدىغان ئادەم، كېتىپ قۇتۇلارمەن. لېكىن ئادالەت ئاكىسىنىڭ يۈزىگە كېيىن قانداق قارايدۇ؟ ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟!

نادىر تۈڭلۈك بېشىدا يېتىپ ئەشۇلارنى ئويلىدى. لېكىن ھېچقانداق مۇۋاپىق چارە تاپالمىدى. كېتەي دېسە، ئادالەتنىڭ ئىچكەركى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈشەلمەي خوشلۇشۇشماي كېتىشكە زادىلا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. كەتمەي دېسە، ئادالەت بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامال تاپالمايتتى. ئۇ ئەشۇ ھالەتتە بىر پەس يات-

تى. بەلبېغىنىڭ چىڭىلىگەن تۈگمىرەكلىرى دە-
نىڭ قورسىقىغا پېتىپ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى
سېزىپ، بەلبېغىنى يەشتى. ئەمما ئېھتىياتە-
سىزلىقتىن، يېشىلگەن بەلباغ تۈڭلۈكتىن
ئۆيگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. چۈشۈپ
كېتىۋاتقان بەلباغنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتىۋې-
لىشقا ئارانلا ئۈلگۈرگەن نادىر، يەنە بىر
ئۇچى ئۆي ئىچىگە ساڭگىلاپ تۇرغان بەلباغ-
قا قاراپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى شۇ تاپتا
ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «بەلباغقا ئېسىلىپ ئۆي-
گە چۈشسەمچۇ!؟» دېگەن بىر پىكىر «لاپ»
قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ يەنە ئويلاشقا باشلى-
دى: «ناۋادا تۈڭلۈكتىن بىر ئادەمنىڭ ئېسى-
لىپ چۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادالەت
قورقۇپ ۋارقىراپ تاشلىسا قانداق قىلغۇ-
لۇق؟ ياق، ئۇ ئويغىنىپ كەتسە، ۋارقىراپ
بولغىچە مەن ئۆزەمنى ئاشكارىلايمەن. مې-
نىڭ چۈشىۋاتقانلىقىمنى بىلسىلا، ئادالەت
ئويغىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋارقىراپ
يۈرمەيدۇ... توغرا شۇنداق قىلاي. ئەمدى
بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق...»

نادىر تۈڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىك-
كىتال ۋاسىغا بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچىنى مەھ-
كەم چىگدى. ئۆزىنىڭ ۋاسىنىڭ ئارىلىقىغا
پاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋاسلارنى
بىر تەرەپكە پەم بىلەن سۈرۈپ كامانى چو-
ڭايتتى. ئاندىن ئىككى پۇتىنى تۈڭلۈكتىن
ساڭگىلىتىپ ئىنتايىن ئاستا ھەرىكەت بىلەن
پەسكە سىرىلدى. قولىنى ھەر بىر يۆتكىگەن-
دە بىر قېتىم توختاپ، ئادالەتنىڭ تىنىقى-
نى تىڭشايتتى، ئويغانمىغانلىقىنى ئۇققۇپ يە-
نە پەسكە سىرىلاتتى. پۇتى يەرگە تەككىچە
ئەشۇنداق قىلدى. پۇتى يەرگە تەككەندىن
كېيىن يەلپىغىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆي ئىچى-
گە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى. ئۆزى چۈشى-
كەن تۈڭلۈكنىڭ سول تەرىپىدىكى كارىۋات
ساندۇق ئۈستىدە ئادالەت پۇت-
قوللىرىنى تۈز سۇنغان ھالدا يېنىك
نەپەسلىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

نادىر ئۇنىڭ يېنىغا، تۆرگە ھەمدە تۆشۈك-
لۈككىمۇ سىنچىلاپ قاراپ بېقىپ، شەرىخان ئا-
چىنىڭ راستىنلا يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كې-
يىن، ساندۇق كارىۋاتقا قاراپ قەدەم ئال-
دى. لېكىن بىرىنچى قەدەمنى ئېلىپلا توخ-
تاپ قالدى. چۈنكى ئەشۇ بىرىنچى قەدىمىنى
ئالغان پۇتى تىگىپ كېتىپ، چىراق ۋە چىراق
پايى ئۆرۈلۈپ كەتتى. «تاراق- تۇرۇق!» ئا-
ۋاز بىلەن تەڭ، ئادالەتمۇ چۆچۈپ بېشىنى
كۆتەردى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ تاشلىماسلىقى ئۈ-
چۈن، نادىر ئالدىراپ پەس ئاۋازدا ئېغىز
ئاچتى:

— قورقما، بۇ، مەن...

ئادالەت نادىرنىڭ ئاۋازىنى تونىدى.
لېكىن ئۇنىڭ قانداق كىرگەنلىكىنى، نېمە
ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي گاڭگى-
راپلا قالدى. نادىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چىراق
پېيىنى پەم بىلەن يۆلەپ قويۇپ، ئاستا كا-
رىۋات ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. يوتقاننى
دالدا قىلىپ ئولتۇرغان ئادالەت ئالدىراپ
كېيىنگىلى تۇردى. پۇرلىشىۋالغان كۆينەك
ئۇنىڭ گەجگىسىدە تۇرۇۋېلىپ ئاۋارە قىلاتتى.
ئۇ كۆينەكنى پەسكە تارتىپ بولغىچە، نادىر-
نىڭ كۆزلىرى ئەشۇ ئاپئاق، يۇمران بەدەن
بىلەن ئۇچراشتى. شۇ ھامان پۈتۈن ۋۇجۇدى-
غا تەڭداشسىز لەززەتلىك بىر ئىللىق سېزىم
تاراپ كەتتى. ئادالەت كۆينىكى ۋە پىلاتىنى
كېيىپ بولغاندىن كېيىن، يوتقاننى سەل ئا-
ياققا سۈرۈپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەم-
شەلدى. يوتقاننىڭ يېرىم ئۆرۈلىشى بىلەن
تەڭ، ئادالەتكىلا خاس ئاجايىپ بىر خىل يې-

قىلمىلىق ئىسسىق پۇراق نادىرنىڭ بۇرنىغا كۆپپىدە ئۇرۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭدا يەنە ئارتۇقچە قاراپ تۇرغىدەك ئىختىيار قالمىغانىدى. كارۋات ساندۇققا چىقىپ ئولتۇرۇپ، ئادالەتنىڭ قولىنى تۇتتى. مامۇقتەك يۇمشاق، ياغلىغاندەك سىلىق ھەم كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدەك يېقىملىق تۇيۇلۇۋاتقان ئەشۇ قولدىن ھارارەتلىك بىر ئىللىق سېزىم چىقىپ، نادىرنىڭ ۋۇجۇدىغا ياماشتى. يۈرىكى گويا سىمابتەك ئېرىپ، شۇررىدە ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. سول قولىنى ئىختىيارسىزلا كۆتۈرۈپ، قىزنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئادالەت يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئوتتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە ئالقىنىنى تەككۈزۈپ ئاستا ئىتتىرىپ ئۆزىگە تارتىپ قاراتتى. قىز يەنىلا يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى. نادىر بېشىنى سەل پەسلىتىپ، ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىگە لېۋىنى ياقتى. مىزىلدەك بىر يالقۇنلۇق نەپەس يۈزىگە ئۇرۇلدى. قىز نادىرنىڭ قۇچىقىدا گويا نامەلۇم بىر ئىلاھى كۈچ تەرىپىدىن سېھىرلەپ قويۇلغاندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ قارشىلىقسىز ئولتۇراتتى. نادىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ياپراقتەك تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. يۈزىنى قىزنىڭ يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلاپ سورىدى:

— باياقى قوقتىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭىزدىن تونۇپ قورقىمىدىم.

نادىر قىزنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، سوئالىنى داۋام قىلدى:

— شەرىخان ئاچام بىر يەرگە كەتكەنمۇ؟

— ھەئە، ئانام ئەسلى بۈگۈن چۈشتىلا كۆك تامدىكى① ئاكىسىنى يوقلاپ كەلگىلى بارماقچى. مەن سىلىنىڭ ئۆيدىكى مەشرەپكە كەتكەنلىكىڭىزنى بىلمەي، ئانام ئاغرىپ قالغان ئاكامنى تاشلاپ كەتمەلمەي، مېنى قىچقىلى بېرىپتىكەن. مەن يېنىپ كەلگەندىن كېيىنلا شۇ يەرگە كەتكەن...

— مەشرەپتە سۆزلىشىۋالارمىز، دەپ ئويلاپتىم، ئانىڭىزنىڭ سىزنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. خوشلاشماي كېتىشكە كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمىدى.

— بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭىز؟

— تۈڭلۈكتىن چۈشتۇم.

— تۈڭلۈكتىن چۈشتۇم؟!

— ھەئە.

— ياق مەن ئىشەنمەيمەن. سىز ياكى جىن بالا بولمىسىڭىز، ئاشۇنچىلىك تۈڭلۈكتىن قانداق پاتتىڭىز؟

— مەنمۇ تۈڭلۈكتىن پاتارمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم، تالاغا چىقىپ كۆرۈشمىسىز، دەپ مەھەللىڭىزدە ئۇزاق تۇردۇم. ئاكىڭىز چىقىپ كىرىپ كەتتى. سىز چىقمىغانلىقتىن، كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ ئۆگزىگە چىقتىم...

تاشقىرقى ئۆيدىن ئادالەتنىڭ ئاكىسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. نادىر كېپىنى توختىتىپ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۆزنى داۋام قىلدى:

— تۈڭلۈك بېشىغا كېلىپ، سىزنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. بەلبېغىمنى ۋاسىغا چېگىپ، شۇنىڭغا ئېسىلىپ، سىرىلىپ چۈشتۈم.

— ئادالەت، ھەي ئادالەت!

ئادالەت بىلەن نادىر، ئادالەتنىڭ ئاكىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىشتى. بىر-بىرىگە تېخىمۇ چاپلىشىپ جىم تۇردى.

— ھەي ئادالەت!!

ئادالەت ئاكىسىنىڭ تېخىمۇ قاتتىقۋار-

① كۆك تام يېزا ئىسمى.

قىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ھە! توختاپ تۇرغىن، ھازىر چىقاي.

— بولدى چىقمىساڭمۇ بولىدۇ. بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلىگەندەك قىلىۋاتىسەن. شۇڭا قاراپ بېسىپ قالمىسۇن دەپ ئويغىتىپ قويدۇم.

نادىر بىلەن ئادالەت خېلىغىچە قىمىر قىلىشمىدى. بىر ھازادىن كېيىن، نادىر تېخىمۇ بوش پىچىرلاپ سورىدى:

— ئەمدى ئۇخلىغانىدۇ؟

— تاڭەي، كۈندۈزى جىق ئۇخلايدىغان، كېچىسى يۆتۈلۈپ زادىلا ياتالمايدىغان بولۇپ قالدى. راخمان موللامغىمۇ ئوقۇتتۇق، ھېچ ساقىيالمايۋاتىدۇ.

— ئادالەت، ھەي ئادالەت!

ئادالەت ئاكىسىنىڭ يەنە توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، سۆزدىن توختاپ جاۋاب بەردى:

— ھە!

— يەنە پىچىرلىغىلى تۇردۇڭمۇ؟

— ئۇخلاپ قاپتىمەن...

— ئورنىڭدىن قوپۇپ، تالاغا بىر چىقىپ چىرىدىپ ياتقىنا ئۇكام، ئۇخلاپ قالساڭ، يەنە جۆيلىگىلى تۇرىدىكەنسەن.

— ئەمدى جۆيلىمەيمەن.

— ئۇنداق ھورۇن بولىما، مەن قوپ دېگەندىكىن قوپۇپ تالاغا بىر چىقىپ كىرگىن.

ئادالەت ئاستا بۇرۇلۇپ نادىرغا قارىدى. سىرتتىكى ئاينىڭ شولىسى ئىنتايىن غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىچىدە، گەرچە نادىر ئادالەتنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئەمدى چىقمىسام بولماس...» دېگەن بىر مەنانى چۈشەنگەندەك بولدى.

كەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قولىنى ئادالەتنىڭ بويىنىدىن ئېلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەستىن ئولتۇرۇپ قالدى، ئادالەت ياغلىقىنى قايتىدىن چىگىپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى. «سىز قانداق قىلىسىز؟» دېگەندەك نادىرغا قاراپ جىم بولۇپ قالدى. نادىر بۇنى چۈشەندى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۈڭلۈكقا قارىدى، ئادالەت چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلسا، ئاۋۇتنىڭ سېزىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ تۈڭلۈكتىكى ساڭگىلاپ تۇرغان بەلباغقا ياماشتى، تۈڭلۈكقا يېقىنلاشقاندا، بىر قولىنى تۈڭلۈكتىن چىقىرىپ گەۋدىسىنى كۆچەپ كۆتەردى. بىراق قانچە قىلسىمۇ بېشىنى تۈڭلۈكنىڭ سىرتىغا چىقىرالمىدى. ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆچىگەندىن كېيىن قوللىرى سىقىراپ بوشىشىپ كەتتى. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، ئاۋۇتنىڭ كۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ يېنىپ چۈشتى. ئەمدى نادىر «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن نەزەر بىلەن ئادالەتكە قارىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پەقەت كۆز ئىشارىسى، ئەقلىي سەزگۈلىرى ئارقىلىقلا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئارتۇقچە ئويلاشقا ۋاقىت يوقلۇقى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئادالەت كارىۋات ساندۇق ئۈستىدىكى ئاسقۇ①دىن بىر ئۇزۇن چاپاننى تارتىپ چۈشۈردى. ئۈستىگە يېپىنىپ نادىرنىڭ يېنىدىن تارتىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىنلا چاپاننىڭ بىر تەرىپىنى نادىرنىڭ گەجگىسىگە ئارتتى.

① ئاسقۇ — دولان يېزىلىرىدىكى ئۆيلەردە، كىيىم-كېچەك ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن تورۇسقا بېكىتىلىدىغان كىيىم ئاسقۇچ.

ئادالەتنىڭ مەقسىتىنى ئەمدى چۈشەنگەن نادىر تېخىمۇ تولغۇنۇپ بېشىنى چاپاننىڭ ئىچىگە تىقتى. ئۇلار بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ يەم بىلەن تاشقىرقى ئۆيگە چىقىشتى.

— ھەجەپ ئۈزۈلدا چىقتىلىق-يا؟ -دېدى ئاۋۇت بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈۋېتىپ.

تاشقارقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئادالەت توختىماستىنلا جاۋاب بەردى:

— شۇ... كىيىملىرىمنى تاپالماي تەستە تاپتىم.

ئۇلار بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئىشىكنى مەھكەم يېپىشتى. نادىر تەرلەپ كەتكەنىدى. چاپان ئىچىدىن چىقىپ، سالقىن ھاۋادىن قانغىچە نەپەسلەندى. ئاۋۇت چىقىپ قالسا، كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، تامنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشتى.

نادىرنىڭ كۆڭلىدە ئادالەتكە دەيدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن گەپلەر بار ئىدى. لېكىن قايسىسىنى باشتا دېيىشىنى، گەپنى نېمە دەپ باشلاشنى بىلمەيتتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ جىم تۇرۇپ قېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن ئادالەت تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاكام چىقىپ قالارمىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن، ئەمدى ئۇزاق تۇرمايلى.

نادىر چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— كۆڭلۈمدە سىزگە دېمەكچى بولغان گەپلىرىم ئاسمانىدىكى ئاشۇ يۇلتۇزلاردىنمۇ جىق ئىدى. ئەمدى ئايرىلىدىغان چاغدا بىرسىمۇ يادىمغا كەلمەيۋاتىدۇ... سىزنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىڭىز يوقمۇ؟

ئادالەت يەرگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئانامنىڭ مېنى قىز قىلىپ تۇغۇپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. بولمىسا...

— بولمىسا، دەپ توختاپ قالدىڭىزغۇ؟

— مەنمۇ ئوغۇل بالا بولغان بولسام، سىز بىلەن ھەربىرلىككە بىللە كېتەتتىم...

ئادالەت كۆڭلىدە يەنە «مەرھۇم ئاتامنىڭ ئىزىنى باساتتىم» دېمەكچى ئىدى. لېكىن ھاياجانلانغان نادىر ئۇنى باغرىغا بېسىپ لەۋلىرىگە ئۇزاققىچە سۆيدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، تىلىنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان «مەن كەلگىچە ساقلاپ تۇرۇڭ ...» دېگەن سۆزىنى يۇتۇۋېتىپ:

— مەن كەتتىم، خوش، خۇداغا ئامانەت، - دېدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئاپلا ...

ئادالەت شۇنداق دەپلا ئۆزىمۇ توختاپ قالدى. نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ بىر دەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرغانىدىن كېيىن، نادىرغا قاراپ دېدى:

— بەلبېغىڭىزنى ئۇنتۇلۇپ قاپسىز، ئۆگزىگە يەنە بىر چىقىپ ئېلىۋېلىپ ماڭارسىز، خوش ئەمىسە، خۇدا سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلار، خۇدايىمغا ئامانەت!

نادىر تاكى ئادالەت ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىغانلىقى ئاڭلانغانغا قەدەر ئىزىدا تۇردى، ئاندىن ئۆينى ئايلىنىپ شوتىنى تاپتى. ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈك بېشىغا كەلدى. ئاي ئاللىقاچان غەربكە قايرىلىپ بولغاچقا، ئۆي ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى، تۈڭلۈكتىن قاراپ، ئادالەتنىڭ ياتقان - ياتمىغانلىقىنى پەرق قىلالمىدى. بەلبېغىنى يېشىپ

(ئاخىرى 119 - بەتتە)

ھاجى ئەخمەت

# رۇبائىيلار

ئەقىلنىڭ قۇدرىتى ھەممىگە يېتەر،
كائىنات سىرىنى ئاچار، پاش ئېتەر.
ۋە لېكىن سىر بولۇپ تۇغۇلار ئىنسان،
يېشىلمەس سىر بولۇپ ئالەمدىن كېتەر.

× ×

قۇمدىن زەر سۈزمەككە قادىرسەن، ئى جان،
يۇلتۇزنى ئۈزمەككە قادىرسەن، ئى جان.
بۇزۇلغان كەپىدەك كونا ئالەمنى،
قايتىدىن تۈزمەككە قادىرسەن، ئى جان.

× ×

جىسمىمنى ئال، جانىدىن ئايرىما مېنى،
جانىنى ئال، جانانىدىن ئايرىما مېنى.
ئەي پەلەك، ھەممىدىن كەچسەممۇ كېچەي،
ساداقەت، ۋىجدانىدىن ئايرىما مېنى!

× ×

ئىشلىتىپ ھېكمەتنىڭ بىر چارىسىنى،
تەگشىسەم تەقدىرنىڭ تارازىسىنى.
تەڭلىكتىن بەھرىمەن بولسا ھەممە جان،
كۆرسە ئەل ناھەقنىڭ سازايىسىنى!...

× ×

زىكرىمنى نامىڭدىن مەھرۇم ئەتمىگىن،
جانىنى مەي جامىڭدىن مەھرۇم ئەتمىگىن.
نىگارا، جان بېرەي پەرۋانە بولۇپ،
مۇھەببەت شامىڭدىن مەھرۇم ئەتمىگىن.

× ×

يورغىلاپ پىكرىمنى چاچما ياشلىقىم،
دىلدىكى يارامنى ئاچما، ياشلىقىم.
مېھرىڭگە، زوقۇڭغا قانمىدىم تېخى،
ئالدىراپ مېنىڭدىن قاچما، ياشلىقىم!

× ×

ئەي كۆڭۈل ئىزدىسەڭ بولماقنى پەخەس،
شائىرلىق رەنجىنى قىلمىغىن ھەۋەس.
قىسمىتى شۇ ئېرۇر شائىر دېگەننىڭ:
ئوغا يەپ، ئاتەشتىن ئالىدۇ نەپەس!

× ×

شائىرلىق ھەممىدىن ئۆزگىچە ھۈنەر،
شېئىر - گۈل، شائىرنىڭ قېنىدىن ئۈنەر.
ئالەمنىڭ سىرلىرى ئىزدەپ قونالغۇ،
ھەر كېچە شائىرنىڭ قەلبىدە تۈنەر.

× ×

ئىنسانىنى ئۆزىگە ئىشەندۈرەي دەپ،
ھاياتقا ئىشقىنى كۈچلەندۈرەي دەپ؛
شېئىرغا ئەجرىنى سىڭدۈرەر شائىر،
ئۆزىنى ئۆزگىگە چۈشەندۈرەي دەپ.

× ×

يوشۇرغان تەكتىگە ھېكمەت تىلىك سىرنى،
سىڭدۈرگەن جىسمىغا سۆيگۈ - مېھرىنى؛
تەپتىدە قۇياشنىڭ ھارارىتى بار،
چۈشەنمەي، ئالدىراپ سۆكمە شېئىرنى!

× ×

ئاي چىقتى بۇلۇتلار ھاغىرىنى يېرىپ،
نۇرىدىن كۆڭلۈمگە يورۇقلۇق بېرىپ.
ۋەسلىگە قاناي دەپ تۈڭلۈككە باقسام،
جاي ئاپتۇ ئايپەرى خانەمگە كىرىپ.

× ×

گۈل نەرگىس كۆزۈڭنى ئەسلەتتى ماڭا،
ئاق لالە يۈزۈڭنى ئەسلەتتى ماڭا.
نامازشام كۈلىڭە باقسام، ئەي نىگار،
ئاخشامقى سۆزۈڭنى ئەسلەتتى ماڭا.

× ×

چىن ئۈمىد تىلەكنىڭ سەردارى بولسا،
يېڭى كۈن يېڭىلىق ئەسرارى بولسا.
ئەكسىچە ياشاشنى ھارام بىل، ئى جان،
ئەتەڭمۇ بۈگۈننىڭ تەكرارى بولسا.

× ×

پاكارى ئۆلچەمگە توشمىغان پەلەك،
ئېگىزنىڭ بېشىغا مۈشلىغان پەلەك.
قاغىنى بۇلبۇل دەپ، ئېشەكنى دۇلدۇل،
جاھىلنى ئاقىلغا قوشلىغان پەلەك!...

× ×

كەلدى يار قالغاچتەك پەرۋازى بىلەن،
بۇلبۇلدەك كۈيلەپ خۇش ئاۋازى بىلەن.
كۈلكىسى ئەقلىمنى ئەيلىدى ئەسىر،
ئۆلتۈردى ئۇ مېنى شوخ نازى بىلەن.

× ×

ئەي پەرى، بىر كۈلۈپ ئەقلىمنى ئالدىڭ،
لاۋۇلدەك ئاتەشنى قەلبىمگە سالدىڭ.
كاج پەلەك ۋەسلىڭدىن قىلسىمۇ جۇدا،
مىسالى جان بولۇپ جىسمىمدا قالدىڭ.

× ×

«ئالەمگە مېھمان بىز» دېدى بىر دانا،
بىلمىدىم، ئۇ كەتتە بار قانداق مەنا؟
ئىجتىھات سەھنىسى بىز ئۈچۈن ئالەم،
كەل، ئاڭا كۈل — نەقىش چېكە يالى، رەنا.

× ×

ئەي ئەقىل، ئەقلىنى نادانىدىن سورا،
ياخشىلىق ھېكمىتىن يامانىدىن سورا.
تەدبىرلىك بەلگىلەر تەقدىرىڭنى، بىل،
تەدبىرنى ماكان ھەم زامانىدىن سورا.

× ×

مەي تۇتتى بەزمىدە بىر پەرى قەمەر،
گۈزەللىك باغىدا يېتىلگەن شۇ قەدەر.
ئىچتىممۇ، خۇدۇمنى يوقاتتىم بىراق،
بىر تېگى مەي ئىكەن، بىر تېگى زەھەر.

× ×

بىناۋا كۆڭلۈمنىڭ تارى يوق، ئى جان،
ئىشقى يوق كۆڭلۈمنىڭ يارى يوق، ئى جان.
تارىسىز، يارىسىز تىرىكمەن دېمە،
يارى يوق كۆڭلۈمنىڭ نارى* يوق، ئى جان.

× ×

نادانلىق تاغ كەبى ئەقلىڭنى بېسىپ،
ساخاۋەت كۆتمىگىن بوينۇڭنى قىسىپ.
نادانلار ئۆمرىنىڭ مېۋىسى قۇللۇق،
ئىنسانى رىسقىڭدىن قالما بى نېسىپ.

× ×

ناخشىسى سۆيگۈدىن ئالغاچقا مەنا،
بۇلبۇل ئۆز ئۈنىگە قويماس تەمەننا.
ھەمىشە ماختىنىپ جان باقار نادان،
تىمتاسلا ئىشىنى پۈتتۈرەر دانا.

× ×

ئەقلىنى رەھنىما قىلغىن، ئى كۆڭۈل،
ئىلمىڭنى بىباھا قىلغىن، ئى كۆڭۈل.
بۇنىڭچۈن ئاقىلنىڭ ئاياغ چېڭىنى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا قىلغىن، ئى كۆڭۈل.

× ×

بىر چاغدا دانادىن سوراپتۇ نادان:
— تاپمايسەن نېمىشكە زەخمەتتىن ئامان؟
— مەن ھەسەل يىققۇچى، دەپتۇ ئۇ دانا، —
بال شىرىن ۋە لېكىن ھەرىسى يامان.

× ×

ئادىمى شەيتاندىن قاچقىن، ئى كۆڭۈل،
زەھەرى دىل چاياندىن قاچقىن، ئى كۆڭۈل.
پۇشايمان، ئازابنى يار ئەتمەي دېسەڭ،
سۆھبەتتىن ناداندىن قاچقىن، ئى كۆڭۈل.

× ×

* نار — ئوت.

كىمنىكى ئاداۋەت ئۇتىنى ياقماق
قەستىدىن نەپ ئېلىپ بولسا جان ياقماق؛
ئىككى باش سوقۇشقان كۆلدۈرمامىدىن،
ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ چاقماق.

× ×

تاپماقنى ئىستەگەچ يالغاندىن ھايان،
ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ ماختايدۇ نادان.
ئاقىلغا ئۆزىنى ماختاش نە ھاجەت،
تۇرغاندا خىسلىتى ھەممىگە ئايان.

× ×

قول سوزما، ئى ئەقىل، مىننەتلىك ئاشقا،
مىننىتى تاش بولۇپ تېگىدۇ باشقا.
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى، ئېدرىكىڭنى سەن،
مېھنىتىڭ، ھىممىتىڭ بىلەن ياشاشقا.

× ×

ئەجدادتىن لاپ ئۇرۇش ناداننىڭ ئىشى،
ئۆزىگە تەئەللۇق ھەركىمنىڭ بېشى.
ئەجدادلار روھىنى كۆلدۈرەر پەقەت،
ئىجتىھات، جۈرئەتنى يار قىلغان كىشى.

× ×

دۇنيانى قارچۇقتا ئويىنتار كۆزلۈك،
باھارغا گۈزەللىك بېغىشلار يۈزلۈك.
تەبىئەت ياراتقان نادىر سۈرەتتەك،
دىلرابا، گۈزەللىك ئالىمى ئۆزلۈك!

× ×

ئەي ئەقىل، زوق-ھەۋەس ئالغىن كىتابتىن،
كۈچ - ئوزۇق، ساپ نەپەس ئالغىن كىتابتىن.
ھايالىق نەھرىدۇر-كىتاب، سەن-بېلىق،
قۇرۇيسەن ئايرىلساڭ بىر پەس كىتابتىن.

× ×

ئالەمدە قايسى جان سۆيمەيدۇ سېنى؟!
تەبىئەت، مېھنىتىم گۈللەيدۇ سېنى.
مەدھىيەڭنى سۆزلىگەن يالغۇزمەن ئەمەس،
قۇشلارمۇ ئۇلۇغلاپ كۈيلەيدۇ سېنى.

× ×

يوق مەلدە ئىشقىڭدىن ئۆزگىچە ھەۋەس،
بىر دەقىق ياد ئەتمىسىز ئالمايمەن دەپەس.
ۋەسلىڭدىن ھازامۇ ئايرىلنار تويغا،
سېنىڭسىز بۇ ئالەم ماڭا تار قەپەس.

× ×

ئۆمرۈڭنىڭ بېغىنى قۇرۇتماي ياشا،
ئۆمىدىڭنىڭ گۈلىنى توزۇتماي ياشا.
ھەر كىمنىڭ تەقدىرى تەدبىرگە باغلىق،
ئىنسانلىق بۇرچۇڭنى ئۇنتۇماي ياشا.

× ×

مېھنىتىڭ بولمىسا، نېمىتىڭ بولماس،
جۈرئىتىڭ بولمىسا ھىممىتىڭ بولماس.
ئاتىلار سۆزىنى ئۇنتۇما، ئىجان،
ھىممىتىڭ بولمىسا، قىممىتىڭ بولماس.

× ×

«ئا» بىلەن ئىلىمگە قىلدىم ئىپتىدا،
سىر - ھېكمەت تارىدىن چىقتى بىر سادا:
«ئىلىمدە يالىقىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى،
ئېرىشكەي كىمكى قىلسا جان پىدا...».

× ×

بال ھەرە تاغ ۋە ساي ئاشار بال ئۈچۈن،
نەپسىگە قول ئادەم ياشار كال ئۈچۈن.
بال ھەرە خىسلىتىن ئۆگەنگىن، ئىجان،
ئىجتىھات-مېھنەت قىل ئىستىقبال ئۈچۈن.

× ×

مىس زەرگە ئايلىنار زەركان بولمىسا،
دۆت ئاقىل سايلىنار ئىمتىھان بولمىسا.
ھەق بىلەن ناھەقنىڭ پەرقى ئايرىلماس،
ئادالەت مىزانى ۋىجدان بولمىسا.

× ×

ئۆمۈرلۈك بولالماس مەي ئۆلپەت ساڭا،
بىر كۈنى ئۆلمىگىڭ ھەق قىسمەت ساڭا.
تىرىكسەن ئالەمدە، ئادەمدەك ياشا،
بىل، ئۆمۈر پۈرسىتى بەك قىممەت ساڭا.

× ×

تۇتقۇزماس ۋاقىتقا يۈكەن سالمىسالىڭ،
بەرمەيدۇ ھەسسەڭنى يۇلۇپ ئالمىسالىڭ.
يېتەلمەس پەللىگە ئۆمۈر دولدۇلۇڭ،
ۋاقىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭمىسالىڭ.

× ×

كۆرەيمەن دىلرابا، دائىما سېنى،
سۆيەي مەن كۆرسىتىپ چىن ۋاپا سېنى.
سەدىقەڭ بولسۇن جان، ئەتكىن بىرنە زەر،
قۇتلۇقلاي ئېيتىپ خۇش «مەرھابا!» سېنى.

× ×

مېھرىمدىن ئالەمگە ئۇرۇق چاچىمەن،
«ياخشىلىق» سورتىنى قويۇق چاچىمەن.
زۇلمەتتە چاقنىغان چولپان يۇلتۇزدەك،
ئىشقىمنىڭ ئوتىدىن يورۇق چاچىمەن.

---

شۈكۈر يالقۇن

## جەنۇبنى ئەسلەيمەن

جەنۇب، سېنى ئەسلىسەم، سېغىنچىم ئاشار،
سائا بولغان مۇھەببەت ئۈزۈلمەي ياشار.
سائا بېغىشلانغان قەلب سۆزى تۆكمەي،
مىسرالاردىن دولقۇنلاپ - ئۆركەشلەپ تاشار.

كۆمۈش رەڭ دەريالىرىڭ، زۇمرەت كۆللىرىڭ،
ئەلنىڭ قەلبىدەك گۈرىسەھرا - چۆللىرىڭ.
جانىمنىڭ رىشتىسىدەك تارتىپ تۇرىدۇ،
چۆللەرنى كېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق يوللىرىڭ.

ئانا ۋەتەن قۇچىغىڭ شۇ ئەلگە ماكان،
ئۈستىڭ مۇنبەت ۋادا - يۇ، ئاستىڭ توكان.
كوئېنلۇن، ئالتۇنتاغلار بىر ياقتا تۇرسۇن،
بايلىقىڭنىڭ خەزىنىسى كەڭ تەكلىماكان.

دەريالاردا ئاقىدۇ قاش تېشى - مەرمەر،
ئايدۇر تاغۇ - تاشلىرىڭ دۇنيالار قەدەر.
ئۆلچىمىگە نېمە دەپ باھا بېرەيكىن،
ھەر چامدىمى ئالتۇنۇ، غېرىچى گۆھەر.

گۈزەل زېمىن، مىللىي ئەل-بىر جان-بىر تەن،
كورلا - كۇچار بېغىدىن جەنۇبتا خوتەن.
بۇ ئەزىز تۇپراق مېنى سېغىندۇرىدۇ،
ھەجەپ سۆيۈملۈك ئېسىل دىيار بۇ ۋەتەن!

كىشىنى مەپتۇن قىلغان قەدىردان يەرلەر،
كۆمۈشتەك ئايدىڭ تۈنلەر، ئالتۇن سەھەرلەر.
يېشىل باراخسان باغلار بىلەن يادىمدا،
كىچىك ئاۋات قەدىمى مىللىي شەھەرلەر.

گاھى چىمەنۇ دەيمەن گۈلشەنمۇ گايى،
جەننەتلەردىن مىڭ ئەۋزەل ئۇنىڭ چىرايى.
تىمسالىنى ئىزلىدىم، خوتەندىن تاپتىم:
ئېپەك كىلەممۇ ياكى ئەتلەسمۇ - شايى؟

كۇچار كۆرپىسى بىر گۈل، يوقتۇر ساختىسى،
ئاق ئالتۇنىڭ دەل ئۆزى مەكىت پاختىسى.
مەرۋايىتتەك گۈرۈچنىڭ ئامبىرى دەيسىز،
ئاقسۇدىكى شاللىقنىڭ ھەر بىر تاختىسى.

كورلىنىڭ نەشپۈتىمۇ، شېكەرشىنىمۇ بۇ،
ھالۋىمۇ، قوتۇر ئامۇت، بېشەكشىنىمۇ بۇ؟
ھەسەلمۇ دەپ ساپتىمەن، كۈلۈپ كېتىشتى،
ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرىكەن، راسمۇ - چىنىمۇ بۇ؟

قاغىلىقنىڭ ئانىرى چوڭ چىلگىگە تەڭ،
سايمۇ ئۈزۈمنى بەشكىرەمدە يەڭ.
قوغانىڭ توغىچىغۇ ئەزەلى قىزىل،
كۇچار كىشمىشى ئۆرۈكى نەدىن ئالار رەڭ؟

ئالەمدە مېۋە بولسا، قوغۇندەك بولۇر،
قوغۇن بولسا ئالەمدە بىزنىڭدەك بولۇر.
چىلگىدىن تۇناغىچە ئاتمىش خىلى بار،
پەيزاۋاتنىڭ پەيزى دەل شۇنىڭدىن كېلۇر.

چىلگى شاپتۇلدىن تاكى ئەششاپتۇلغىچە،
(خىلىنى ئېيتالمايمەن، ئۇزادى قانچە).
شۇ لەززەتلىك مېۋىنىڭ ماكانى بۇ يۇرت،
جانغا ھوزۇر يېسىڭىز تويۇپ قانغىچە.

«بەندىيەتى شىپا» دەپ يەيمىز كۆك ئامۇت،
ھەم توق قىزىل ياقۇترەڭ مارجاندەك شاتۇت.
بىمار ئۇچۇن تېۋىپسىز دورا شىپادۇر،
بۆكۈر، تازغۇن، يېڭىسار قاتارلىق ھەر يۇرت.

تاغ بۇلاقتىن سۇ ئىچكەن ئۆرۈكزار كەلپىن،
بىر قاراپ باققىن تۆگە پاتار ئىشىكتىن.
ئېسىل گۈلە قۇرۇتار جانان قىزلىرى،
ئانىسى پەرىزاتمىش (ئېھتىيات قىلغىن!)

ئېگىز پامىر يايلىقى، ئويتاغ ئورمىنى،
ئۇچتۇرپاننىڭ قىمىزى، سېمىز پاخلىنى.
ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىكنىڭ يايلاقلىرىدا؛
ئارام ئېلىپ يايرايدۇ ئىنساننىڭ تېنى.

ئاسماندىن ئېچىلغانمۇ جەننەتكە روجەك،
ياكى ئېرەم باغىدىن بۇمۇ بىر بۇجەك؟
دەيسىز توققۇز بۇلاقنى كۆرگەن ھامانى،
ئۇنچە – مارجان سۇ بىلەن تولغان دۇكۆلچەك.

تېتىك – تىمەن، باھادىر ئوغلانلىرىڭ بار،
ئىرادىلىك ۋە قەيسەر، ئەپچىل – سەنئەتكار.
سەلەي چاققان، تۇرداخۇن، ھاشىمداۋازچۇ،
سىيىت ئاخۇندەك نوچى يەنە نەدە بار؟

قىزلىرىڭدا نومۇس بار ۋە ئايدەك جامال،
ھەر بىرى نۇزۇگۇمدەك قەلبى گۈل ئايال.
مولجەر تاغدا ياتىدۇ يەتتە قىزلىرىم،
ئامانىساخان بۈيۈك ئىنسانغا تىمسال.

ئەل سۆيگەن ئەزىزلەرنىڭ گۈلزارى سەندە،
لۇتپۇللانىڭ نامەلۇم مازارى سەندە.
شەھەرلەر تۇپرىقىنىڭ ئۈستىگە ئۇچقان،
كۆز تۇتىيا قىلغۇدەك غۇبارى سەندە.

ئەپسانىۋى زوھرانىڭ كۆلى بار ئىمىش،
تاھىر ئاققان دەريانىڭ يولى بار ئىمىش.
رابىيەنىڭ بېغىدا ھەر بىر تۈرۈكتە،
ئاشىق سەئىدىنىڭ ماھىر قولى بار ئىمىش.

شائىر گۇمنام ۋە ئۇستاز زەلىلى لىرىك،
يۇسۇپ خاس ھاجىپ يازغان قۇتادغۇبىلىك.
شاھ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەھمۇت كاشغىرى،
تەسنىپ قىلغان چوڭ دىۋان – لۇغەتتۈرك.

ئوپالدا تاغ باغرىدا مارجان بۇلاق بار،
ھەزرەت موللام مازارى بىزگە ئېيتىدار.
چۈنكى ئۇندا «دىۋان» نىڭ شۇ مۇئەللىپى،
تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ياتار.

پىردىيانە يەكەننىڭ پىرى قىدىرخان،
ئۇ ئەلۋەتتە ئەمەستۇر زاھىد ياكى ئىشان.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئېزىزلىكى ھەق،
چۈنكى ھاجىپ ۋە مەھمۇد ياشىغان ماكان.

مىڭ ئۆيدە مىڭلاپ يىللىق مەدەنىيەت بار،
بۇتەبىسى غار ئەمەس، ئۇلۇغ يادىكار.
بۇنى شۇ ئەل ياسىغان ئۆز قولى بىلەن،
بۇ ئەل شۇنداق ئىجادكار، شۇنداق سەنئەتكار،

سەيلىلەر، سەيلىگاھلار ھەددى – ھېسابسىز،
ئىماملىرىم، سوۋۇتقا ۋە ھەزرەت دەمسىز.
يەنە نۇرغۇن جايلاردا ئۆتەر سەيلىلەر،
نورۇز بايراملىرىنى تويماي كۆرىسىز.

ھېيتگاھ پەشتاقىدىن ناخرا ساداسى —
ياڭرىسا تۆۋەندىكى ئەلنىڭ ساماسى.
سەنئەتچى بىر خەلققە خاس زوقۇ - شوخ بىلەن،
ئەۋج ئالار بۇ ئۆتمۈشنىڭ گۈزەل مىراسى.

مۇقامنىڭ ئانا يۇرتى، ناخشا ماكانى،
مەشرەپ، سەدەم، ئەلنەغمە نۇبىنىڭ جانى.
ئۇسسۇل جاھانغا بۇندىن تارالغانمىكىن —
دەپتۇ دولانغا بارغان چەت ئەل مېھمانى.

چىلتىشلاردا يىگىتلەر چىقىرىشار داڭ،
ياش - ئوغۇل قىزلار ئوينارسا غاردىغا زاڭ.
قۇش سالار، ئوغلاق تارتار، چوكەن ئوينىشار،
داۋاز پەلەكتە قالتىس ماڭار خىرامان.

خىلمۇ-خىل مىللىي ئادەت، مىللىي ئەنئەنە،
توي-تۆكۈن، مەرىكە يۇ ئويۇن، تەنتەنە.
باغرى كەڭ خۇشخۇي ئەلنىڭ تەرىپىنى دەپ،
يازسام - يازسام تۈگىمەس مىسرالار يەنە.

بۇ يۇرت-بۇ ئەل ئەزەلدىن قەدىمدىن مەۋجۇت،
قەدىملىقىغا شاھىد قەشقەرلىك مەھمۇت.
زامانەمدىن بۇ يۇرتنىڭ ئىگىسى ئۇيغۇر،
گاھى بەختسىز ياشىغان، گاھىدا مەسئۇت.

تۇغۇلغۇن پەيدا بولغان، يا كېلىپ قالغان-
دېگەن ئەپسانىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان.
ئەلمىساقتىن بۇ تۇپراق ئۆز ئېلىمىدۇر،
ئۇيۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇر دېگەن نام ئالغان.

بۇندا ھەنىمىكى بار، ماڭا يات ئەمەس،
ئۇيغۇر دېگەن مەن ئۈچۈن يات بىر ئات ئەمەس.
ئۇيغۇرجان-جېگىرىم ھەم قان قېرىنداشىم،
ھېچكىم بىزدەك يېقىن ۋە قاتمۇ-قات ئەمەس.

بىر كېمىگە چۈشكەننىڭ جېنى بىر بولۇر،
يىغلىساڭ يىغلاپ، كۈلسەڭ كۈلگەنىم مەغرۇر.
بىر پەلەكنىڭ خەمىكى، بىر نازكال لېپى—
بولۇپكەلگەن ئەزەلدىن ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر.

دەريالىرىم ئوخشايدۇ تارىمغا مېنىڭ،
دۇتارىڭ تەڭكەش يۈرەك تارىمغا مېنىڭ.
ئاتاڭ ئاتام، ئاناڭمۇ مېھرىبان ئانام،
ئوخشاپ كېتەر نىگارىڭ يارىمغا مېنىڭ.

«بىزنىڭ ئەدەبىي مىراس قەدىمىي ئورتاق،
ناۋايى، شامەشرەپ، مۇقىمىي ئورتاق.
نىزارى، موللا مۇسا، خىسلەت قەشقەرى،
ھەممىسى چىن يۈرەكتىن سەمىمىي ئورتاق.

پۇرقەت يەركەندە يىغلاپ ئوقۇسا غەزەل،
ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان شۇ يۇرتلۇق گۈزەل.
يار- يۆلەك بولۇپ ئۆتتۇق بىر-بىرىمىزگە،
بىزنى مەھكەم باغلىغان تەقدىرى ئەزەل.

بىزنىڭ دۇنياۋى، دىنىي بىلىم ئوخشايدۇ،
تۇرمۇش ئۆرپ- ئادىتىم، تىلىم ئوخشايدۇ.
بۇلار تاشقى ھادىسە، بەكمۇ مۇھىمى:
بۇ ئەل بىلەن ۋىجدانىم، دىلىم ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ ھەر شەھىرىدە ئەنجان مەھەللىسى—
بارلىقى دوستلۇقنىڭ روشەن مەنىسى.
قەشقەر سارىيى نۇرغۇن ئۆزبېك يۇرتىدا،
دوستانە ئالاقىنىڭ بۇ چوڭ بەلگىسى.

تارىخ بويلاپ قانچە ئۇزاققا كەتسەك،
ھىجرىيە ھېسابىدىن مىلادقا ئۆتسەك.
بىر يەردىن چىقىپ كېلەر ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك،
يېقىنلىشىمىز قانچە ئالىسقا يەتسەك.

قوشنىدارچىلىق قىلىپ دېمەيمەن زىنھار،
مەن بىر مېھمان ئەمەسمەن ساڭا ئەيدىيار.
بىر خالىس خەيرىخاھمۇ دېمىسۇن زادى،
ئوغلۇڭمەن دەۋاتىمەن تەكرار ۋە تەكرار.

بىردەم ئەسىرگە يېقىن بولدى ـ فۇ، دەيمەن،
تىنماي سېنى ئويلايمەن غېمىڭنى يەيمەن.
كۆرەلمەي دىدارىڭنى، سېغىنغانلىقتىن،
مۇشتان دىلىمنى زادى يۈگەنلىيەلمەيمەن.

مەن شىمالدا تۈرمىدىن قولۇم بوشىماي،
تۆمۈر دەرۋازىلەردىن يولۇم بوشىماي.
خىلمۇ-خىل ئۇنسۇر بولۇپ يېتىپلا كەتتىم،
يا ئۆلۈك ئىشىم، يا قىلغان سولۇم ئوخشىماي.

قېرىغاندا ئىلىش ماڭا بولسىمۇ خەرەج،
تىرىپ باقتىم ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن تەمەچ.
يول ئالدىدىن تۆت ـ بەش تال سۆز دېگىم كەلدى،
بۇ يۇرتتىمۇ ئاخىرى توڭلار ئىرىگەچ.

جەنۇب، سېنى ئەسلىسەم سۆزۈم سۆزلىلۇر،
سېغىنىشتىن ھەتتاكى كۆڭلۈم بۇزۇلۇر.
تەلپۈنىمەن سەن سىيان چەكسىز ھەۋەستە،
ئىشتىياقىمدىن پۈتمەس داستان تۈزىلۇر.

1968-، 1982-، 1988 - يىللار، ئۈرۈمچى

ئابلاجان بوۋاقى

## شېئىرلار

### كۆردۈم يىغلاپ تۇرغىنىڭنى،
### يالتىرايتتى ياش...

(بايروندىن تەقلىد)

1

«كۆردۈم يىغلاپ تۇرغىنىڭنى، يالتىرايتتى ياش،
تولۇپ كۆپ-كۆك شەھلا كۆزۈڭ چاناقلىرىدا». ①
بۇ ئەمەسمۇ ئالتۇن جامدا زىلال مەي ئوخشاش،
باشلار مېنى پاك سۆيگۈنىڭ قۇچاقلىرىدا.
سوغۇق سۆيۈپ يۈرىكىمگە قويار ئىدىڭ باش،
بەرداشلىقىڭ يوقتەك سۆيگۈ پىراقلىرىدا:
سولغۇن يۈزۈڭ ئىدى شۇ دەم ئۇپۇققا رەڭداش،
تىكىلەتتى كۆزۈڭ ۋىسال قىرغاقلىرىدا.

2

كۈلەرىڭ بۇلۇت قويۇپ ئوتلۇق لىۋىڭگە ئەگىلىپ،
كېلەر ئىدى يىراقلاردىن شامالغا تۇتقۇن.
ئاقار ئىدى يۇلتۇزلار گاھ ئىزدىشىپ تەگىلىپ،
ۋە پىلىلداپ قەيەردىندۇ ئالاتتى ئورۇن.
بىلەلمىدىم بۇ ئازابنىڭ چېكى قانچىلىك،
كېزەر بولساڭ بۇ جاھاننى يوق بۇنداق ئويۇن.
مېنىڭ روھىم ئۆلۈپ بولغان، پاك جىسمىم تىرىك،
ماڭا بەخت گۈلشەنلىرى ئاچمىدى قويۇن.

3

سەنمۇ دىلدار بۇ ئازابقا بولدۇڭ مۇپتىلا،
يىغلاپ بىرلە يۈرىكىڭ گاھ يېرىلدى چاك-چاك.
مەن مەھلىيا، بىراق ئۆزۈڭ باقمىدىڭ قىيا،
مېنىڭ بەختىم، شېرىن تىلىكىم ئىدىڭ ئاھ! ماياك.
ئەۋرىشىم ئۆز بەستىڭ تالدەك كۆركەم ھەم زىبا،
قەندىن شېرىن ئىدى ماڭا بەرسەڭمۇ ئاھاك.
ئۇزۇن يىللىق ھىجران دىلىمنى تىلغاپ دىلرابا،
شەمشىردە يۈرەكلەرنى ئەيلىدى چاك-چاك.

4

سۆيۈشۈڭگە يۈرىكىمدە ئىشەنچىم كامىل،
شۇ سەۋەبتىن كۆزلىرىمدە يالتىرايتتى نۇر.
بىراق، دىلبەر يىغلاشلاردىن نېمىدۇر ھاسىل؟
يىغلاش دېگەن كۆڭۈللەرگە بېرەلمەس ھوزۇر.
قەترە-قەترە يېشىڭ تۆكۈپ بولما ئەي جاھىل،
مەن تەلپۈنۈپ بازار بولدۇم، مېنى ساقلاپ تۇر،
سۆيگۈ دۇنيا ئىچرە باردۇر، بارچىدىن ئېسىل،
ياشاش ئۈچۈن سۆيگۈ دېمەك بۇزۇلماس مۇتۇر.

---
① بۇ مىسرا بايروننىڭ

**مەن ئىشقىڭنىڭ بۆشۈكىگە بۆلۈنگەن بوۋاق**

كۆزلىرىڭدىن سانسىز يۇلتۇز بولۇپ قالدى لال،
قاشلىرىڭدىن بىھوش بولدى كۆل بەرگى قىياق.
ئىپار كۆكسۈڭ سۆيۈپ تىنىمتاپمايدۇ شامال،
ھەسەن-ھۈسەن كەبى گۈزەل پاكسەندە زىنناق.
بىلىكىڭشۇنچە ئەۋرىشىم ھەم زىبا مەجنۇنتال،
مەن ئىشقىڭنىڭ بۆشۈكىگە بۆلۈنگەن بوۋاق.

سېنى ئەسلەپ كۆز ياشلىرىم ئاقىدۇ تال-تال،
ۋە ئويلايمەن مۇھەببەتمۇ بولامدۇ شۇنداق؟
سۆيگۈ ئەمەس دىللار ئارا بالقىغان خىيال،
ئۇنىڭ كۈچى غايەت، يولۇم توسالماس توساق.
سۆيگۈ مېھرى يۈرىكىمدە ئاقمامدۇ زىلال؟
مەن ئىشقىڭنىڭ بۆشۈكىگە بۆلۈنگەن بوۋاق.

**تاڭنى قۇتلاپ قىياقلاردا ئەگىيدۇ شەبنەم**

سۈبھى يورۇپ تۈن لىباسى بولغاندا بەربات،
باغاش ئەتتى قۇياش نۇرى ئۇپۇقنى مەھكەم.
دەريا سۈيى قان رەڭگىدە تۇس ئالدى شۇ تاپ،
ئاق قىرغاقتا ئاق توشقانلار چېپىشار بېغەم.

مەجنۇنتالغا كۆزۈم تىكىپ تۇرىمەن تەنھا،
تاڭ ساباسى يۈرىكىمگە بولغاندا مەلھەم.
ئاق پەردىلىك كۆك دېرىزە، خۇش پۇراق گۈللەر،
تاڭنى قۇتلاپ قىياقلاردا ئەگىيدۇ شەبنەم.

سۈبھى يورۇپ تۈن لىباسى بولغاندا بەربات،
قىز سۇ قۇيار ئىپار پۇراق گۈللەرگە ھەر دەم.
رۇخسارىدىن كۈلكە ياغار گۈل كەبى ھايات،
ئېھ، بېغۇبار يۈرىكىدە قويمىغاچ ئەلەم،

كۆزى بۇلاق، بەستى كۆركەم ئاي كەبى سۇبات،
(ھەيرانلىقتا پەرىزاتنى چاندۇرغان سەنەم)
ئاھ، نە شەيدا يۈرىكىمنى ئەيلىگەن مەپتۇن،
تاڭنى قۇتلاپ قىياقلاردا ئەگىيدۇ شەبنەم.

**چۈنكى ئاتەش يۈرىكىمنى تىلغىدى پىراق**

نە ئۈچۈندۇر ئەتىرگۈلنى يېقىپ يۈزىگە،
ئېغىر تىنىپ ساماغا كۆز تىكىدۇ ئۇزاق.
سۈزۈك ياشلار تولۇپ چەشمە، شەھلا كۆزىگە،
ئەتىرگۈلنى سۆيەر ھامان قېنىشماي، پىراق...
نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايمۇ قۇيار ئۆزىگە،
دەمدىغاندۇر «بۇ سۆيگۈدە بىر نىچچى سىناق...»
ئاھ! ئاشۇ تاپ تەشنا ئىدىم شېرىن سۆزىگە،
چۈنكى، ئاتەش يۈرىكىمنى تىلغىدى پىراق.

سۈبھى يورۇپ تۈن لىباسى بولغاندا بەربات،
مەن قارايمەن دېرىزىگە، قارايمەن ئۇزاق.
دىلنى ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىدى قات-قات،
ئۆزەمنى تاش دەيمەن قىز سېنى ھەم تاياق
«تاشنى تېگىپ بولماس ھامان تاياققا»، ھايات-
تېگىپ قالسا غۇربەت بىلەن تۇشار، (ياكى ياق!)
مېنى كۈتۈپ تۇرار بەلكى ھەر يەردە ماتەم،
چۈنكى ئاتەش يۈرىكىمنى تىلغىدى پىراق.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت (سەھرايى)

## ئىككى شېئىر

**شائىر ۋە مەھبۇبىسى**

شائىر يىگىت – بەستى قابىل ئەر،
ۋۇجۇدىدا قۇترايدۇ غورۇر.
يۈرىكىنىڭ ئانىسى سەھەر،
بىر جۈپ كۆزى شۇلارچۇن مۆھۈر.

بەك چىرايلىق مەھبۇبىسى بار،
تەسۋىرىنى بەرسۇن ناۋايى.①
كۈلسە پەيدا بولغۇسى باھار،
«گۈزەل قىز...» دۇر – دەلىنىڭ باھايى.

① ئەلىشىر ناۋايى

شائىر چىللار، يېتىپ خىيالەن،
مىسرالارغا گۈزەل تاڭلارنى.
قوغلىشىدۇ مەھبۇب قۇت بىلەن،
«زەر ئۈزۈكۈم...» دېگەن ئاڭلارنى.

بىر - بىرىدىن بولۇشتى بېزار،
تىغ تەگلىشىپ ئوخشىماس ھېسلار.
ئارمانلاردا كۆلۈشتى باھار،
قاخشاپ قالدى يېتىم بوۋاقلار...

## چوشىنەرسەن بىر كۈنلەر چوقۇم

(ئۆز ئىرىدىن يۈز ئۆرىگەن مەھبۇبە خاتىرىسىگە)

كۆزلىرىمگە كەلمەس ئىشەنگۈم،
كۆردۈم دەيدۇ بىۋاپا قىسمەت.
يىغلاپ - يىغلاپ بولۇۋالدىم دۈم،
كۈلمىسۇن دەپ رەقىبلەر پەقەت.

بىر چاتاقچى بىۋاپا دەللال،
ھېسلىرىڭغا «ھېس» بەردى دىلبەر.
قىلدىڭ بىردەم بىر ئەرنى خۇشال،
يۇتۇپ قالدىم پىغاندا زەھەر.

قايسى خۇلقىم بەزدۈردى سېنى،
سۆيگۈمىزدە تۇرسا تەشنالىق؟
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ سۆيەتتىڭ مېنى،
چوڭقۇر ئىدى بىزدە ئاشنالىق.

«سەنسىز ماڭا ئەرسىز بۇ ئالەم،
سۆيۈملۈكسەن جۇمۇ دادىسى...»
دەيتتىڭ تەكرار جېنىم دىلپارەم،
(ئاھ، ئوغلۇمنىڭ ئوماق ئاپىسى!)

تۇندە قۇياش، كۈندۈز كۆكتە ئاي،
پارلىغاندەك ئەيلىدىڭ ھەيران.
بىز ئۇخلىغان تۆشەك (قۇتلۇق جاي)
ئەمدى مەڭگۈ بولدىمۇ ۋەيران؟!...

سۆيگەن دەملەر ئەشۇ يوچۇن ئەر،
ۋە بېلىڭنى قۇچقاندا ئېگىپ.
قورۇندۇڭمۇ بېسىپ سوغۇق تەر،
يا سۆيدۈڭمۇ ئوماق تەلمۈرۈپ.

كۆز ئالدىڭدا قىلدىمۇ نالە،
ئوماق ئوغلۇڭ: «سۆيمە زىنھار» دەپ؟
«دادام قەلبى بولمىسۇن پارە،
بەختىم كۈلسۇن قويمىغىن چەيلەپ...»

تۇتساڭ دىلبەر ئىشەنچ شارابى،
قۇتلۇق ھېستىن بوپتىمەن كەيىپ.
بۇمۇ بەلكىم «پاك» لىق جازاسى،
«ساداقەتمۇ ئىكەن بىر ئەيىپ»

خەير جانان، خەير - خەير دېيەت،
پاك قەلبىم بار قۇتلۇقتۇر يولۇم.
چىن قەدرىمگە كەچمىشلەردە يەت،
چۈشۈنەرسەن بىر كۈنلەر چوقۇم...!

### ئابدۇغوپۇر روزى

## رۇبائىيلار

«تەر» دە بار «تەلەي» دە يوق نادانرەنالار،
ئەجرىدىن پۇتتى ھېسابىسىز ياخشى مەنالار.
ۋە لېكىن، تەييارغا ھەييار بولۇشتىن سەمرىپ،
ئېغىنىشىپ ياتقان كېلەڭسىز قانداق دەنالار؟

X X

بەزىلەر مەدىپەئەت دېسە تايدەك چاپۇر،
پارا يەپ شۆلگەيلىرى شامدەك ئاقۇر:
ئىش دېسە دوختۇرغا ئون ۋاخ قاتراپ،
«قان بېسىم ئۆرلەپتۇ» دەپ لايدەك ياتۇر.

X X

ئى كۆكۈل، چىمەنگكە يار ئەت ياخشىنى،
يۇرمىگىن سازەندە چافلاپ باخشىنى.
سايرىغان چىمنكى قۇش بۇلبۇل ئەمەس،
ئەقلىڭ بىلەن تاللاپ كۆرۈپ ئىشت ناخشىنى.

× ×

ھەشقى پىچەك كىرەرمىتى يېمىشكە،
ئەجەب ئىشكى— ئەپ قويۇپسەن بېدىشكە.
يۆلەپ ئۇنى ياماشتۇرۇپ باراڭغا،
قۇرۇق شاختىن مېۋە كۈتتۈڭ نېمىشكە؟!

× ×

ئۆزەم دەپ ئۆزگىنى لايغا پاتۇرغان،
قانداقچە بۇرەكتۇ تىپىرلاپ تۇرغان.
بىراۋنىڭ كۆزىدىن ئاقتۇرۇپ قان — ياش،
ئىشرەتنىڭ جامىغا مەي قىلىپ قۇيغان؟

پەرىشتىنى پاك دەيدىكەن ئەپسانىدا،
شۇڭا لايىق ئىمىش خۇدا دەرگاھىغا.
بىراق، ھازىر پەرىنىڭمۇ نەپسى كۆپۈپ،
كال غېمىدە ئايلىنىپتۇ سەۋدايىغا.

× ×

كۆكتە بىر سا قانىتىنى كىرىپ كەلدى،
ئىزلەپ ئولجا ھەر تەرەپنى كېزىپ كەلدى.

نىمجان ياتقان بىر چۆچىنى ئالغىنىچە،
«بۇركۇتمەن» دەپ چۇقان—سۈرەن سېلىپ كەلدى.

× ×

جاھانىسا زياخشىچاق دەيمىش «بېگىمنىڭ كۆڭلىگە باقسام،
قىلمىسا ئىلتىپات، مەستان بولۇپ، باشىمگە تاج تاقسام.
ئىشىمغا دەخلىيە تكۈزگەن رەقىبنى چۆكتۈرۈپ لايغا،
خوشامەت كۆچىنى ئاۋات قىلىپ، قەنت ماغزىنى چاقسام»

× ×

ھەسەلنىڭ ھەرىسى جاندىن ئېزىز چاغلايدۇ مېھنەتنى
جاپالىق ئەمگىكى بىرلە يىغار بال، شىرنە — شەربەتنى.
ھەمىشە كۆك چىۋىن غۇڭشۇپ يۈرۈپ تەييارغا ھەييار دۇر،
كۆڭۈللۈك سەيلىگاھ ئىزدەپ كۈتەر ھەرجايدا مەنپەتنى.

<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<

ماموت توختى

## شېئىرلار

### ئەلتەجا

كۆيۈپ تۇرۇپ كۆيدۈرگەن مېنى،
كۈلۈپ تۇرۇپ سۆيدۈرگەن مېنى.
يىغلاپ تۇرۇپ ئازابلىغىنچە،
كۈلۈپ قويۇپ ئۆلتۈرگەن مېنى.

### سەھرا

يوق سېنىڭدە ئوپا چىرايلار،
بار ئاق كۆڭۈل توپا چىرايلار.

شۇ توپىدىن تاپقان بەرىكەت،
شەھەردىكى بىنا، سارايلار،

### قورقۇنچلۇق ئوغۇرلۇق

ۋاپىسىما يەن ئوغۇرلىسا ئوغرىلار،
ئۆمۈر بويى تاپقان باھلىق، مېلىمنى.
ئەمما، دەھشەت قورقۇنچقا چۈشىمەن،
جادۇ كۆزلەر ئوغۇرلىسا دىلىمنى.

ئابلىمىت ساۋۇت

## ئىككى شېئىر

### كەچكى شەپەق

كەچكى شەپەق شۇنچە رەڭدار، شۇنچە ئۇز،
قىزىلنۇرغا پۈركەيدۇ كەڭ جاھاننى.
تارتۇقلايدۇ جۇلالانغان نۇر بىلەن،
ئۆز ئىشىدىن زەپەر قۇچۇپ ياڭغاننى.

كەچكى شەپەق چوغدەك قىزىل شۇنچە ئۇز،
دەريالارمۇ گۈزەل رەڭدە بېزىلەر.
ئاشۇ نۇردىن نۇسخا ئالغان گۈللۈكلەر،
قىز-يىگىتكە جەننەت كەبى سىزىلەر.

### چۈشۈڭدىلا كۈت

«ئۈچ كۈنگىچە بەرگىن جاۋاب» دەپ،
بەرگەن ئىدىم يازغان خېتىمنى.
ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ ئايچە بولدى،
چىقارمىدىڭ ھەتتا ئېتىمنى.

چىقارمىساڭ، مەيلى چىقارما،
ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ يىل يۈتسەڭ يۈت.
بەخت دېگەن پەقەت بىر كېلەر،
ئەمدى ئۇنى چۈشۈڭدىلا كۈت.

---

ئەنۋەر ھوسىيىن

## ئىككى شېئىر

### قەبرىدىن سادا

تۇلۇغ ئالىم مەھمۇد بۇۋامنىڭ،
قەبرىسىنى قىلدىم زىيارەت.
خىيال قىلىپ ئىش - ئىزلىرىنى،
بېشىم كۆككە تاقاشتى ھەيۋەت.

ھەتتا چىقىپ جۇملاگىماغا،
ۋارقىرىغىم كەلدى دۇنياغا.
كۆكرەك كېرىپ تۇرىمەن مەغرۇر،
پىسەنت قىلغۇم كەلمەس قىياغا.

دەل مۇشۇ پەيت ئاڭلاندى بىردىن،
ئاقىل بوۋام قەبرىدىن سادا :
«مەن بىلىمەن، ئوغلۇم سەن ھازىر،
پەخىرلىكسەن بۇ دۇنيا ئارا.

مەن ئايرىلغان سىلەردىن قاچان،
ئۆتتى نە ۋاخ ئۇيىدىن ئون ئەسىر.
ماختاۋەرمەي مېنىلا ھەدەپ،
ئۆزۈڭلارغا سەپ سېلىڭلار بىر.

رەنجىسەڭمۇ دەۋرەي ئوغلۇم،
ماختاشقىلا تۈرەلگەنمۇسەن؟
خەق نېمىشقىپ يۈرۈيدۇ ھازىر،
سېنى دېسەم خىجىلمەن ئۆزۈم.

بولدى ئەمدى ماختىما مېنى،
ھەتتا ئۇنتۇپ كەتسەڭمۇ كەتكىن.
ئەۋلاد ماختاپ قويسۇن سېنىمۇ،
سەنمۇ خەختەك ئىختىرا ئەتكىن!

كۆزۈم ياشلىق، قەلبىم ھەسرەتلىك،
يىراق كۆككە تىكىلدىم ئۇزاق.
ئىككى قولنى بۇرۇنغا تىقىپ،
يۈز كېلەرمىز ئەۋلادقا قانداق؟!...

### دائىملىق خىيال

دولىدا يىرتىق سومكا، يالاڭ ئاياغ،
خوشيا قىماي كېلەر بالا مەكتىپىگە.
مەكتەپنى ئەسكى تاملىق، ساپلا يانتاق،
دادىسى ماگدى،
ھەيۋەت مەسچىتكە...

**ئەنۋەر شەيدائى**

## يېڭى تۇيغۇلار

### سورۇشۇش

قۇشقاچ،
قىسماقتىن سورىدى دان.
قىسماق
قۇشقاچتىن سورىدى جان.

### تۇپراق ۋە ئادەم

ئادەملەر تۇپراقتىن ئوزۇق تېپىپ يەر،
تۇپراق ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ يۇتەر.
ئاخىرى، ئادەم - تۇپراق بىرلىشىپ كېتەر،
ئۇلار، ئەنە شۇنداق مىراتتا يېتەر...

### جاكا

يات كۆزلەردىن،
سوغ كۆزلەردىن مەن بېزار.
نۇرلۇق كۆزگە،
ئىللىق يۈزگە ئىنتىزار.

### پىلىككە ئۇۋال

پىلىك
ئىگە بولغاچقا،
ياغ سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە.
ئۇنۇتما شۇڭا،
ئوت كۆيىدۇ بېشىدا.

### نېمىشقا؟

پالتا،
ھەرە،
كەكە...
ھەممىسى دەرەخلەردىن ساپلىنار،
نېمىشقا
تاشلىنغاندا دەرەخنى كېسىپ،
قۇدرىتىدىن شاتلىنار؟

### ئەقرار

ئۇمىدلىرىم
ئالغا باشلار تۇتۇپ قولۇمنى.
ئېزىتقۇلار
مىدىرلاتماس توسۇپ يولۇمنى.

<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<

**غولام ئابدۇرېھىم**

## ئىككى شېئىر

### بۇلاق بېشىدا

ئاي مۇكدەيدۇ بۇلاق ئىچىدە، سۇكۇتتە،
چۈشەكەيدۇ زېمىن شۇ تاپ ئۇن-تىنسىز.
ئىز كۆرسەتم چۆكۈپ بارار ئۈمىدتە،
ئىزلىگەندەك بىر سۆيگۈنى تىنىمسىز.

بىر تولۇن ئاي چايقىلىدۇ قەلبىمدە،
يېپىلغاندا ئۆتمۈشلۈمنىڭ ئىكرانى.
بۇلاق بولۇپ قەلبىم سۆيگۈ قەسىرىدە،
سۇ تەكتىدە پەيدا بولۇر رىزۋانى.

قەلبىم مۇڭدا ئەۋرىشىمدەك تولغۇنار،
كۆدۈك بېرىپ باشقا قەلب قەسرىدىگە.
ئوتلۇق ھېسلار ئۈمىد بىلەن چۇلغىنار،
ۋىسالىسىزلا ئايلانغاچقا ئەسىرگە.

ئاھ مۇشۇ يەر، مۇشۇ بۇلاق مۇپتىلا،
قىلغانىدى مېنى ئىشقى ئوتىغا.
يۈرىكىمدىن ياڭرار قىساس بىر سادا،
ئوخشاپ قالغاچ زور ھەسرەتلىك قۇتىغا.

كۆمۈلگەنتى تۇمانىغا ھەسرەتنىڭ،
تالاي يىللار ئىچىدە قەلبىم دالاسى.
ئۈزەلمىدى ئۈمىدىمنى قىسمەتنىڭ،
دولقۇنلىرى ھەتتا ياۋۇز سىماسى.

ئاي مۇكدەيدۇ بۇلاق ئىچىدە سۇكۇتتە،
ھېسلىرىمنى يۇتار سۆيگۈ دولقۇنى.
يۈرىكىمدىن ئاڭلىنىدۇ ئۈمىدتە،
سۆيگۈ دەريا، دېڭىزىنىڭ شاۋقۇنى.

**ئاچچىق سېغىنىش**

قەلبىڭدىكى سۆيگۈ قۇلۇقىم،
يەلكىنىنى يوقاتتىمۇ يار؟!
ئوتلۇق سۆيگۈ جانىمىز سۈرەتكە،
ئايلىنامدۇ ماڭا قىلىپ ھار؟

كىرپىكىڭدىن باشلانغان دەريا،
سېغىنىشتىن بولغان تەۋەللۇت.
چۈشلىرىمدىن يوقالدىڭ جېنىم،
كەلگىن يەنە بېرىپ ماڭا قۇت.

سۆيگۈمىزگە بولارمۇ نېسىپ،
چۈشۈمگە سەن يەنە بىر كىردىڭ.
ئىشقىڭ بىلەن يېنىشلاپ سۆيەك،
يوقار شۇندا ئاچچىق سېغىنىش.

---

قۇربانجان تاش

## شېئىرلار

### ئەينەك ۋە چەينەك

كۈندە نەچچە كۆرۈپ تۇرغاچ،
ئەتىۋار ئەينەك.
چاي قاينىتقان «كۈناھ» قا،
كۆيىدۇ چەينەك.

### كۆمۈر ۋە تۆمۈر

كېلىپلا كۆمۈرنى چوقىدى تۆمۈر،
چوغلىنىپ تۆمۈرنى كۆيدۈردى كۆمۈر.

### پالتىغا

— ھەي پالتا
سېنىڭ سېپىڭمۇ ئىمىدىغۇ تېرەك.
شۇنداق تۇرۇقلۇق،
نېمە ئۈچۈن،
ئۇنى
يەنە چاپماقلىق كېرەك!؟

### قەغەز ۋە قەلەم

جىجار ئىككەن توختىماي قەلەم،
بۇ بولمامدۇ قەغەزگە ئەلەم.

### بىراق...

كۆرەلمىدى ئالدىراپ چىراق،
ئۆزۈن ئۆتەي ئۆچتى ئۇ، بىراق.

### چىدايدىغان يەر

ھەممە نەرسە چىدىماس دەردكە،
نالە قىلار ئۆز يارىسىدىن.
پەقەت يەرلا چىدارگەن دەردكە،
ياش چىقارماي كۆز قارىسىدىن.

تۇرغۇن ئالماس

# ئاق ھون ئىمپېرىيىسى

(مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 567 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)

## I

كۇشان ئىمپېراتورى قەنىشقا II ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۇشان ئىمپېرىيىسى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. كۇشانلار مىلادىنىڭ 3 ـ ئەسىرىگە كەلگەندە، باكتېرىيە (شىمالىي ئافغانىستان)، كابۇل ۋادىسى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىنىلا ئۆز قولىدا ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا بىر قانچە كىچىك خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئىران ساسانىلار سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 226 ـ يىلىدىن 651 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) كۈچىيىشكە باشلىغان. ساسانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ھازىرقى ئافغانىستاننى بېسىۋالغان. شۇ مەزگىلدە ھىندىستاندىكى گۇپتا پادىشاھلىقىنىڭ (مىلادىنىڭ 320 ـ يىلىدىن 520 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) پادىشاھى سامودرا گۇپتانىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 335 ـ يىلىدىن 385 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) كۈچىيىشكە باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالدى. كۇشانلارنىڭ كىچىك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ھىندۇ قۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىلا ساقلىنىپ قالدى.

مىلادىنىڭ 5 ـ ئەسىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كەلگەن ئاق ھونلار باكتېرىيىنى بېسىۋېلىپ، بەش ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن كۇشانلار ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ، ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 567 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇردى.

ئاق ھونلار ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن ئارال كۆلى بويىدا ياشىغان ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايى ئاق سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن روما تارىخچىسى فىروكوفى (مىلادىنىڭ 500 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 565 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇلارنى «ئاق ھونلار» دەپ يازغان، قەدىمكى غەرب تارىخچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاق ھونلارنى «ئىفتالىتلار» دەپمۇ يازغان. 6 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرمەن تارىخچىسى لازار پاربىسكى ئۆز ئەسىرىدە ئىفتالىتلارنى «خىيقتال» دەپ يازىدۇ، ئۇ مانا شۇ «خىيقتال» لارنى (ئىفتالىتلارنى) كۇشانلار بىلەن ئەينەن بىر دەپ قارىغان. جۇڭگونىڭ «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى»دا: «ئىفتالىت شاھىنىڭ قەبىلە نامى ئىدى.



كېيىنكى چاغدا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دۆلەتنى مۇشۇ قەبىلە نامى بىلەن ئاتاشقا باشلىغان » دېيىلگەن. يەنە شۇ « تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى » دا: « ئەفتالىت پادىشاھلىقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن كېلىپ چىققان » دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار، ئاق هونلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىن ئۇلۇغ ياۋچىلارغا بەكمۇ يېقىنلىقىنى ئىسپاتلىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاق هون ئىمپېرىيىسى ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن قاراش خېلى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە.

II

ئاق هون ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ماراكەنت ( هازىرقى سەمەرقەنت ) ئىدى. ئۇنىڭ تۆت چاسا ئاق بايرىقىنىڭ غەربىي چېتىگە بەش قىرلىقتىن ئۈچ يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن. تەخمىنەن 150 يىل هۆكۈم سۈرگەن ( مىلادىنىڭ 420-يىلىدىن 567-يىلىغىچە ) ئاق هون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، هىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، تارىم ۋادىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمى كىرگەنىدى. ئاق هونلار كېيىنچە پايتەختىنى سەمەرقەنتتىن هازىرقى ئافغانىستاندىكى بەلخ شەھىرىگە يۆتكىگەن.

ئاق هونلار ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇدقا كېلىش بىلەنلا، ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ( 651-226 ) بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئاق هونلار بىلەن ئىران ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ناھايىتى كەسكىن بولغانىدىن تاشقىرى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان.

ئىرانغا مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ ئارشاكلار هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئارشاكلارنىڭ ئىراندىكى هۆكۈمرانلىقى تەخمىنەن 480 يىل ( مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 225- يىلىغىچە ) داۋام قىلغانىدى. ئارشاكلارنىڭ ئىمپېراتورى ئارتابان II تەرىپىدىن ئىراندىكى پارس رايونىغا خان قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەردەشىر مىلادىنىڭ 224- يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئارشاكلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ، مىلادىنىڭ 225- يىلى ئارتابانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. يېڭى قۇرۇلغان سۇلالىغا دادىسى ساساننىڭ نامىنى قويغانىدى.

يېڭى قۇرۇلغان ساسانىلار سۇلالىسى ئۇلۇغ روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. ئەردەشىرنىڭ ئوغلى شاپۇر I ( مىلادىنىڭ 240- يىلىدىن 271- يىلىغىچە پادىشاھ بولغان ) مىلادىنىڭ 259- يىلى روما ئىمپېراتورى ۋالېرىئان ( مىلادىنىڭ 253- يىلىدىن 259- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان ) نى يەڭدى ۋە ئۇنى ئەسىر ئالدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى بەھرام II ( 293-275 ) مىلادىنىڭ 283- يىلى روما ئىمپېراتورى كاروس ( مىلادىنىڭ 281- يىلىدىن 283- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان ) نى تار - مار كەلتۈردى. ئىران شاھى شاپۇر II ( 379-309 ) مىلادىنىڭ 363- يىلى روما ئىمپېراتورى جولىئان ( مىلادىنىڭ 361- يىلىدىن 363- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان ) نى تار - مار قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى.

ساسانىلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار غەلىبىلەردىن كېيىن، رومالىقلارنى ئىراقتىن، كىچىك ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىدىن قوغلاپ چىقاردى. دۇنيادا كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىران ساسانىلار سۇلالىسى 5- ئەسىردىن باشلاپ ئاق هونلار بىلەن

كەسكىن، قاتتىق ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ساسانى-لارنىڭ ئاق هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى، ئاق هونلار ئىمپېراتورى ئاق سۇۋارخاننىڭ ۋاقتىدا ( مىلادىنىڭ 420-يىلىدىن 470- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان ) باشلاندى.

ساسانىلار ئاق هونلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئىران شاھى بەھرامگور V ( مىلادىنىڭ 418-يىلىدىن 438-يىلىغىچە پادشاھ بولغان) ئاق هونلارنىڭ ئامۇ دەريا ۋادىسى-نى ئىگىلەپ ئالغانلىقىغا چىدىماي، ئاق هونلارغا قارشى كەسكىن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا كى-رىشتى. بەھرامگور V مىلادىنىڭ 427- يىلى مەرۋى شاھى جاھان يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئاق هونلارنى يەڭدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاق هون ئىمپېراتورىنىڭ خانىشى ئەسىر چۈشكەنمىش. بەھرام-گور ئاق هون بىكەسىنى ( خانىشىنى ) ئىراندىكى ئوتپەرەستلەر ئىبادەتخانىسىنىڭ بىرىگە خىزمەتچى ئايال سۈپىتىدە ئەۋەتكەنمىش. ئىران خەلقى ئۇزۇلدىن بېرى ( مىلادىدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ) ئوتپەرەست دىنىغا ( زارو ئاسترو دىنىغا ) ئېتىقاد قىلاتتى.

بەھرامگور V مەرۋى شاھى جاھان يېنىدا قازانغان غەلىبىدىن كېيىن، ئىلگىرى دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرىسىز يېقىنى تالقان شەھىرى ( مەرۋى شاھى جاھان بىلەن بەلخ ئارىسىدى-كى شەھەر ) قىلىپ بېكىتكەن. ئىران شاھى يەزدىگىرد II ( 438-457 ) ئاق هونلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشتى. دەسلەپكى ئۇرۇشتا ئاق هونلار مەغلۇپ بولدى. يەزدىگىرد II نىڭ مىلادى453-،454- يىللىرى ئاق هونلارغا قارشى قىلغان يۈرۈشلىرى مەغلۇپ بولدى.

ئاق هونلار توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئاق سۇۋارخاننى 50 يىل ( 420-470 ) ئىمپېراتور بولغان دېيىلسە، بەزىلىرىدە، ئىران بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مىلا-دىنىڭ 428- يىلى ئۆلگەن دېيىلىدۇ. بۇ مەسىلە ھېلىغىچە ھەل بولغان ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ھازىرچە ئاق سۇۋارخاننى 50 يىل ئىمپېراتور بولغان دەپ قىياس قىلىپ تۇرايلى. ئاق هونلار مىلادىنىڭ 454- يىللىرى ئىراننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئاق سۇۋارخان مىلادىنىڭ 457- يىلى تاخارىستان، بەدەخشان ( ھازىرقى ئافغانىستان ) قاتارلىق جايلارنى ئېسىۋالدى.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسى فىروزنىڭ ۋاقتىدا ( 459-483 ) ئاق هونلار بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرۇشتى. فىروز بولسا مىلادىنىڭ 457- يىلى يەزدىگىرد II ئۆلگەندە ئاق هونلارغا قېچىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇكىسى ھورموزد III دادىسى يەزدىگىردنىڭ ئورنىغا پادى-شاھ بولغانىدى. فىروز مىلادىنىڭ 459- يىلى ئاق هونلارنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، ئۇكىسى ھورموزد III نى ئۆلتۈرۈپ، ئىرانغا پادىشاھ بولغانىدى. فىروز ۋاپاغا جاپا قىلغاندەك، مىلادىنىڭ 464- يىلى ئاق هونلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئاق هونلار ئىران قوشۇنلىرىنى تار - مار قىلىپ، فىروزنى تۇتۇپ كەتتى. فىروز ئەسىرلىكتە بىر نەچچە يىل تۇردى. ئاخىرى فىروز شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى(395—1453) نىڭ ئىمپېراتورى زېنون (مىلادىنىڭ 475-يىلىدىن 491-يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) غا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاق هونلارغا ئىران نامىدىن نۇرغۇن ئولپان ئەۋەتىپ، ئۆزىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. زېنون فىروزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىدى. فىروز ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى. مىلادىنىڭ 475-يىلى ئاق هونلار بىلەن ئىران ئارىسىدا بىتىمنامە

تۈزۈلدى. بىتىمنامىغا بىنائەن ئىران تالقان شەھىرىنى ئاق ھونلارغا بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. لېكىن فىروز مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئاق ھونلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغان. بۇ چاغدا ئاق ھونلارغا ئىفتالانوس (مىلادىنىڭ 470 - يىلىدىن 496 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ئىمپېراتور ئىدى. ئىفتالانوس قوماندانلىقىدىكى ئاق ھون قوشۇنلىرى فىروزنى تارمار قىلدى. فىروز يەنە ئەسىر چۈشتى. بۇ، ئوغلى كەيقۇبادنى ئاق ھونلارغا گۆرۆگە قويۇش، 20 خېچىرغا قاپلار بىلەن يۈكلەنگەن كۈمۈش دىنار بېرىش، ئىككى يىل ياساق تۆلەش ھېسابىغىلا ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا شەرقىي روما ئىمپېراتورى زىنون نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن ياردەم قىلغانىدىن تاشقىرى، ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنىمۇ بەرگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، فىروز ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزى ئەسىر چۈشكەن. ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغان فىروز ئىفتالانوسقا ئۆز سىڭلىسىدىن بىرىنى ياتلىق قىلىپ، ئاق ھونلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان. ئەمما، فىروز ئالدامچىلىق قىلىپ، ئىفتالانوسقا ئۆز سىڭلىسىنى ئەمەس، باشقا بىر ياللىغان مەلىكىنى ياتلىق قىلغان. بۇنداق ئالدامچىلىقنى سېزىپ قالغان ئىفتالانوس ئىراندىن كەلگەن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ (تەكلىپ بىلەن ئاق ھونلارغا كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر) بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە بىر قىسمىنى ئۇرۇپ ناكاقلىۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن.①

ئاق ھونلار ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ئۈستىدىن قازانغان ئىككى قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىن، ئىراننى ئاساسەن قارام ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

فىروز مىلادىنىڭ 484 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، 3-قېتىم ئىرانغا يۈرۈش قىلدى. فىروز قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرى چېگرىدىن ئۆتكەن زامان، ئاق ھونلار تەرىپىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان، ئۈستى سېزىلمىگىدەك يېپىلغان چوڭقۇر ئورەكلەرگە چۈشۈپ ھالاك بولغان. ئاق ھونلار ئىران قوشۇنلىرىنى پاجىئەلىك ھالاكەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن (فىروزمۇ ئۆلگەن) ئىرانغا ناھايىتى ئېغىر ئالۋاڭ سالغان، مەرۋى شاھى جاھاننىمۇ بېسىۋالغان.

6 - ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىسى لازارپاربىسكى «فىروز ئىراننى ئاق ھونلارغا ساتتى، ئۇ ھېچقاچان قۇللۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ» دەپ قايغۇغا چۆمگەنىدى.②

ئاق ھونلار مىلادىنىڭ 484 - يىلى ئىران ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىدىن كېيىن كابۇل ۋادىسىنى ۋە ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىنى بېسىۋالدى.

III

ئاق ھونلار ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنى قارام ھالغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاۋارلار ۋە تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى.

مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا توڭگۇسلاردىن كېلىپ چىققان بولىسمۇ، ئاساسەن تۈركلەشكەن ئاۋارلار ھازىرقى موڭغۇلىيىدە باش كۆتەردى. ئاۋارلار مىلادىنىڭ 400 - يىللىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرغان بولسا، مىلادىنىڭ 430 - يىللىرى ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇۋالدى. شۇندىن باشلاپ ئاۋارلار كۈچەيدى. ئاۋارلار ئۇيغۇر ۋە تۈركلەرنىڭ

ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ كۈچەيگەن بولسا، تۈركلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاپ ھەربىي قوراللارنى ياساشقا ئۇستىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋار قوشۇنلىرىنى ياخشى قوراللاندۇردى. ئاۋار قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 394 - يىلىدىن 551 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) يۈچەڭ ئاتلىق قاغاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 464 - يىلىدىن 485 - يىلىغىچە قاغان بولغان) كۈچەيگەن. شۇ چاغدا ئاۋار قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي چاۋشيەننىڭ غەربىي چېگرىسىغىچە، غەربىي قازاقىستاننىڭ شەرقىغىچە، غەربىي جەنۇبىي خوتەنگىچە تۇتاشقانىدى. ئاۋارلارنىڭ پايتەختى جاڭيېنىڭ شىمالىدا ئىدى. مىلادىنىڭ 484 - يىلى ئىرادىنى ئاخىرقى ھېساپتا ئۈزۈل - كېسىل قارار ھالغا چۈشۈرۈپ ئالغان ئاق ھونلار كابۇل ۋادىسىنى ۋە ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىنى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا قاراقورۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كۇچارنى بېسىۋالدى. ئاق ھونلار تارىم ۋادىسىنى بېسىۋېلىشتا ئاۋارلار بىلەن خېلى كەسكىن ئۇرۇشلارنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئاق ھونلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلارنى (تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى) بېسىۋالغانلىقى «لياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى، ئىپتالىتلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

ئاق ھون ئىمپېراتورى تورامان خاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 496 - يىلىدىن، مىلادىنىڭ 502 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستان، ھازىرقى پاكىستان، تارىم ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى كىرگەن.

ئاۋارلار مىلادىنىڭ 485 - يىللىرى ئاق ھونلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 487 - يىلى ئىسيان كۆتەردى. ئىسيان كۆتەرگەن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن 600 مىڭچە كىشى بوركلى قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئۇجەونىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچۈپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭغارىيە دالىسى، تۇرپان ۋە قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلدى. شۇ چاغدا موڭغۇلىيىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقى (546 - 487) نى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپىدا بولسا كېرەك.

ئاۋارلار مىلادىنىڭ 485 - يىلى ئاق ھونلاردىن يېڭىلىپ، تارىم ۋادىسىدىن قوغلانغان بولسا، مىلادىنىڭ 487 - يىلى جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى ئاي ئۇجەو تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، جۇڭغارىيىدىنمۇ قوغلانغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاۋارلار ئاجىزلاپ كەتكەن.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسى فىروزنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ نوشىرۋان پادىشاھلىق قىلغان چاغقىچە تەخمىنەن 100 يىل (مىلادىنىڭ 457 - يىلىدىن 554 - يىلىغىچە) ئاق ھونلارغا قارام بولۇپ ياشىدى. مىلادىنىڭ 484 - يىلى فىروز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كەيقۇباد I پادىشاھ بولدى. كەيقۇباد (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 531 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئاق ھونلارغا تۆلەيدىغان ياساقنى كۈمۈش پۇل بىلەن تۆلەپ بەردى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئاق ھونلار بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋىتى خېلى تىنىچ ئۆتتى. كەيقۇباد ئاق

هونلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. مىلادىنىڭ 502 - يىلى ئىراننىڭ شەرقىي روماغا قىلغان يۈرۈشىگە ئاق هون قوشۇنلىرى قاتناشتى. ئۇرۇش جىددىي كېتىۋاتقاندا مىلادىنىڭ 503 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى ئاناستاسىئوس (491 - 518) نىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن دوندا ياشايدىغان هونلار كاۋكاز دارالىرى ئارقىلىق كىچىك ئاسىياغا بېسىپ كىرىپ، ئاق هون ۋە ئىران قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ سەۋەبتىن شەرقىي روماغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش چېكىنلەشتى ۋە سوزۇلاشتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مىلادىنىڭ 506 - يىلى ئىران بىلەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە بىنائەن، شەرقىي روما ئىتتىپاقداشلارغا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. بىتىمنامىغا بىنائەن ئاق هونلار شەرقىي روما تىللاسىدىن تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئالغان.

كەيقۇبادنىڭ ئوغلى نۇشىرىۋان (مىلادىنىڭ 531- يىلىدىن 579 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) مۇ ئاق هونلار بىلەن ياخشى، خوپ ئۆتۈشنى ئىزدەپ، ياساق تۆلەشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئۇ، تۈركلەرنىڭ ئاق هونلارغا قىلغان ھۇجۇمىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 554- يىلى تاخارىستاننى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ نۇشىرىۋان ئاق هونلارغا ياساق تۆلەشتىن باش تارتتى.

ئاق هونلار تورامانخان ۋە مېھرى كوراخانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 496 - يىلىدىن 530 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقى — ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقى (مىلادىنىڭ 487- يىلىدىن 546 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتتە (دۈشمەنلىشىپ، گاھىدا دوستلىشىپ) بولغان. مىلادىنىڭ 487 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئاي ئۇجىرو «ئۇلۇغ تەڭرىقۇت» ئۇكىسى چۇنچى «ئۇلۇغ بەگ» دەپ ئاتالدى. بۇ خانلىق خېلى كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ خانلىقنىڭ ئاھالە سانىنى نەزەردە تۇتۇپ قىياس قىلغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى يۈز مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى قۇمۇلنىڭ شەرقىگە، شىمالى ئالتايغا، غەربىي سايرام كۆلىنىڭ بويلىرىغا، شەرقىي جەنۇبى لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىغا، غەربىي جەنۇبى بۈگۈركىچە تۇتاشقان ئىدى. ئاي ئۇجىرو ئاۋارلارنىڭ قاغانى تولۇنخان II نى تار-مار كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىنلا تۇرپان خانلىقى (جۇڭگو تارىخچىلىرى «گاۋچاڭ خانلىقى» دەپ يازغان) قارا شەھەر خانلىقى، لولان خانلىقى قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ئاۋارلاردىن تارتىۋالغان. ئاي ئۇجىرو لوپنورنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنىمۇ تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) دىن تارتىۋېلىپ، ئۆز خانلىقى تەركىبىگە قوشۇۋالغان ئىدى.

ئاي ئۇجىرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جىددىي، ئۈنۈملۈك ھەربىي تەدبىرلەرنى كۆرگەندىن تاشقىرى، دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. چۈنكى، يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى ئاۋار قاغانلىقى بولسا، يەنە بىرى ئاق هونلار ئىدى. مانا شۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقان ئاي ئۇجىرو ئۇكىسى چۇنچىنى

قارا شەھەرگە ئەۋەتىپ، كۈچار تەرەپتىن ئاق ھونلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلانىماقچى بولدى. ئۆزى بولسا ئۇرغۇن سانلىق قوشۇنغا باش بولۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپىدىن كېلىدىغان خەۋپ — ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالتاينىڭ جەنۇبىدا تۇردى.

ئاي ئوجرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى خېلى كۈچەيتكەن مەزگىللەردە، توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بىرلىكتە ئاۋارلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. مىلادىنىڭ 488 - يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقىنىڭ خانى شياۋزى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتقان.

ئاۋارلار ئاي ئوجرونىڭ ۋاقتىدا (500 - 487) ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقى ھەربىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەتلىك ھالغا كەلگەن بولسا، دىپلوماتىيە جەھەتتە خېلى ئوڭۇشلۇق (توبالار خانلىقى جەنۇبىي چى خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان) شەرتكە ئىگە بولغان. ئەمما مىلادىنىڭ 498 - يىلى ئاق ھونلار كۈچار تەرەپتىن بېسىپ كېلىپ قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇشتا چۈنچى مەغلۇپ بولۇپ، ئاق ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قاراشەھەرنى بېسىۋالغان ئاق ھونلار چۈنچىنىڭ باتۇر، ئىل بەگ ئاتالىق ئىككى ئوغلىنى تۇتۇپ كەتتى. مىلادىنىڭ 500 - يىللىرى ئوردا بەگلىرى ئاي ئوجرونى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خان جەمەتىدىن بولغان بارديانىنى خان قىلدى. چۈنكى ئاي ئوجرو خان بولغاندىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، رەھىمسىز زالىمغا ئايلىنىپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى.

مىلادىنىڭ 505- يىلى ئاق ھونلار ئۇيغۇر خانلىقىغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئاق ھون قوشۇنلىرى ئارىسىدا چۈنچىنىڭ ئوغلى باتۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئوردا بەگلىرى، بارديانىنى ئۆلتۈرۈپ، باتۇرنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى خانلىق تەختىگە چىقاردى. مانا شۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاق ھونلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتنى ئورنىنى دوستلۇق ئىگىلىگەن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر خانلىقىغا باتۇر خان بولغاندىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئاۋارلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق، تارتىشما ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. بۇنداق ئۇرۇشلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىرى باتۇرخان (505 - 516)، ئىل بەگ (520 - 530)، يۇقۇ (530 - 537)، بەگچى (537 - 541)، ×× (541 - 546) لەرنىڭ ۋاقتىدا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى. ئۇرۇشلار كۆپرەك بارىكۆلنىڭ بويىدا بولغان. ئۇرۇشلارنىڭ بەزىسىدە ئۇيغۇرلار، بەزىسىدە ئاۋارلار مەغلۇپ بولغان. لېكىن ئاق ھونلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان ئۇيغۇر خانلىقىغا ئاق ھونلار ھەربىي جەھەتتىن ئۇدۇملۇق ياردەم بەرمىگەن بولسا كېرەك. چۈنكى ئاۋارلار ئاق ھونلارنى ئۆز يېنىغا تارتىۋېلىش ئۈچۈن دىپلوماتىيىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان قۇدىلىشىش تەدبىرىنى قوللانغان، ئاق ھون ئىمپېراتورى مېھرى كورا (502 - 530) نىڭ ئاۋار قاغانى ئاناغاي (521 - 551) نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنلىكى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مېھرىكورا مىلادىنىڭ 516 - يىلى چاڭجياڭ

ۋادىسىدىكى لياڭ سۇلالىسى (557 ـ 502) غا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتقان.

باشتا ئەيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 430ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئاۋارلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان كۆك تۈركلەر، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان خانلىق ئۇرۇشلاردا ئاۋارلارنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋارلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 546ـ يىلى ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، كۆك تۈركلەرنىڭ خانى تۇمەنخان ئارقا تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت كېلىپ (جەنۇبىي ئالتاي تەرەپىدىن بولسا كېرەك) ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان. تۈركلەر غالىپ كېلىپ، 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487ـ يىلىدىن 546ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇۋالدى. ئارقىدىنلا ئالتايدىكى سىرتاردۇشلارنى بويسۇندۇردى. كۆك تۈركلەر ئۆزىگە قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلار سىرتاردۇشلارنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۈچەيدى.

تۇمەنخان مىلادىنىڭ 551ـ يىلى تەخمىنەن 160 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (394 ـ 552) ئاۋار قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقىنى قۇردى، كۆك تۈرك قاغانلىقى (552 ـ 745) نىڭ پايتەختى ئۆتۈكەندە ئىدى.

كۆك تۈركلەر ئۇلۇغ قاغان مۇقانخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 554ـ يىلىدىن574ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيدى. شۇ چاغدا ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربىي قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغا تۇتاشقان.

كۆك تۈركلەرنىڭ قاغانى تۇمەنخان ئۆكىسى ئىستېمىخاننى يابغو ئۇنۋانىدا قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. ئىستېمى يابغو مىلادىنىڭ 552 ـ يىللىرى ئاق ھونلارنى تارىم ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئىستېمى يابغو مىلادىنىڭ 553ـ يىلىغا كەلگەندە، يەتتە سۇدىن تارتىپ قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلاپ بولغان.

مۇقانخان مىلادىنىڭ 554ـ يىلى ئىستېمى يابغۇنىڭ قىزى ئاسنابىكەنى ئىران سانىلار پادىشاھى نۇشىرەۋانغا ياتلىق قىلىشتەك تەدبىرنى قوللىنىپ، ئىران بىلەن ئاق ھونلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. نۇشىرەۋان ئىرانغا پايدىلىق خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 554ـ يىلى ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاخارىستاننى بېسىۋالغان. ئىران كۆك تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن باشلاپ، ئاق ھونلارغا بولغان قارامىلىقىدىن قۇتۇلغان.

مۇقانخان مىلادىنىڭ 563ـ يىلى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى تارـمار قىلىشقا كىرىشكەن. مۇقانخان تاغىسى ئىستېمىخان بىلەن بىرلىكتە تۈرك قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئاق ھونلار بىلەن بىر نەچچە يىل ئۇرۇشقان، ئۇرۇش ئاساسەن تاخارىستاندا بولغان. مۇقانخان مىلادىنىڭ 565ـ يىلى ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى ئاساسەن تىز پۈكتۈرۈپ، قارام ھالغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي ئىشلارنى ئىستېمى يابغۇغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەلگەن. ئىستېمى يابغو ئاق

ھونلارنى ئۈزۈل-كېسىل بويسۇندۇرۇش ئىشىنى مىلادىنىڭ 567-يىلى ئورۇنلىغان. مېھرى كورادىن كېيىن ئاق ھون ئېمپېرىيىسىگە ئىمپېراتور بولغان ھۆكۈمراننىڭ ئىسمى نامەلۇم بولۇپ، ئۇ 37 يىل (مىلادىنىڭ 530-يىلىدىن 567-يىلىغىچە) سەلتەنەت سۈرگەن.

كۆك تۈركلەر مىلادىنىڭ 567-يىلى ئاق ھونلارنى ئۈزۈل-كېسىل بويسۇندۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئىتتىپاقدىشى ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يامانلىشىشقا باشلىغان. چۈنكى دۈشمەن ئاق ھون ئېمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغاندىن تاشقىرى، خەلقئارا سودا يولىغا (ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتىدىغان ئۇلۇغ كارۋان يولىغا) بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۆك تۈركلەرگە بەرمەسلىككە ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەبلەردىن كۆك تۈركلەر شەرقىي روما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى بىر نەچچە قېتىم يۈرۈش قىلغان.

VI

ئاق ھونلار ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ قەبىلىدارلىق باسقۇچىدا بولۇپ، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ بەزى بىر قالدۇقلىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل خالىي بولمىغان. ئاق ھونلاردا ھاكىمىيەت خېلى مەركەزلەشكەن بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتنى بىرلا ھۆكۈمران (پادىشاھ) ئىدارە قىلاتتى. ئاق ھونلارنىڭ دۆلەت تەشكىلى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدىغان تارىخىي مەنبە بولمىسىمۇ، «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى»، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە»دە، ئاق ھون قوشۇنلىرىنىڭ چوماق بىلەن قوراللانغانلىقى، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار، ناھايىتى شەپقەتسىز جەڭچىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئاق ھون ئېمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى (پايتەختى) نىڭ نەدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەر خىل قىياسلار بار. بەزى تارىخچىلار ئاق ھون ئېمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى سوغدىيانادىكى پايتەخت شەھىرى دەپ قىياس قىلسا، بەزى تارىخچىلار ھازىرقى ئافغانىستاندىكى بەلخ شەھىرى دەپ قىياس قىلىدۇ.

ئاق ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، ئاھالىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بىر قىسمى سودا ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاق ھونلار ئوتتۇرا ئاسىيا كارۋان يولىنىڭ خوجايىنى بولغانلىقى، ئۇلار كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى بىر قانچە سودا پورتلىرى ئارقىلىق شەرقىي روما بىلەن سودا ئىشلىرىنى قىلغاندىن تاشقىرى، شەرقتە ھىندىستان، جۇڭگو بىلەنمۇ قىزغىن سودا ئىشلىرىنى قىلغان. ئاق ھونلارنىڭ خەلقئارا سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقى ۋە خەلقئارا سودىنىڭ ئېھتىياجىدىن كۆپ مىقداردا كۈمۈش تەڭگىلەرنى زەرب قىلغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلار (يازما ۋە ئارخېئولوگىك پاكىتلار) بار.

6 - ئەسىردە ياشىغان ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى (شەرقىي روما تارىخچىلىرى) پىلىنوپان ۋىزانتىسكى ۋە مېناندېر فروتكېتورنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاق ھونلار ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى دېڭىزدەك شەھەرلەردە ياشىغان. شۇ تارىخچىلارنىڭ قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، مۇنداق بىر چوڭ ۋەقەنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇ: ئۇلۇغ تۈرك قاغانى مۇقانخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 568-يىلى سوغدىيانالىق باي سودىگەر مانىياخ (مانىنىڭ شاگىرتى مەنا-

سىدا) باشچىلىقىدىكى كۆك تۈرك ئەلچىلىرىنى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىن پولغا (ھازىرقى ئىستانبۇل) ئەۋەتكەن. مانىئاخ باشچىلىقىدىكى كۆك تۈرك ئەلچىلىرى ئۇلۇغ قاغان مۇقانخان نامىدىن شەرقىي روما ئىمپېراتورى يۇستىنىئان II گە كۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپنامە ۋە نۇرغۇن ئېسىل سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ كونستانتىن پولغا بارغان. كۆك تۈرك ئەلچىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاساسىي ۋەزىپە تۈرك قاغانلىقى بىلەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا ناھايىتى مۇھىم، جىددىي مەزمۇنلارنى ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاقنامە تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. تۈرك ئەلچىلىرى ئىمپېراتور يۇستىنىئان II بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىدە، ئۆز ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىپ، خەلقئارا يىپەك سودىسى ۋە بىرلىكتە ئىرانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا ئىتتىپاقنامە تۈزۈشكە مۇيەسسەر بولغان. مانىئاخ بىلەن يۇستىنىئان II ئارىسىدا بولغان سۆھبەتلەردە، ئىمپېراتور يۇستىنىئان II «ئەفتالىتلار شەھەرلەردە ياشايدۇ ياكى يېزا-قىشلاقلاردىمۇ» دەپ سورىغاندا، مانىئاخ «ئۇلار شەھەرلەردە ياشىغۇچى قەبىلىلەردۇر، جاناب» دەپ جاۋاب بەرگەن. ③

ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىدە بۇرۇن بىنا قىلىنغان سەمەرقەنت، پايكەنت، قىيات، مەرۋى، بەلخ، تالقان قاتارلىق شەھەرلەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشقانىدىن تاشقىرى، يەنە يېڭىدىن نۇرغۇن شەھەر قورغانلار بىنا قىلىنغان.

ئاق ھونلاردا ئاساسەن غەربىي ھون تىلى يېتەكچى تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئىران تىلىمۇ مەلۇم رولغا ئىگە ئىدى. ئاق ھونلار ئاساسەن قەدىمكى ئارامى يېزىقىدىن كېلىپ چىققان ئەفتالىت يېزىقىنى قوللانغاندىن تاشقىرى، سوغدىن يېزىقى، قاروشتى يېزىقى، پەھلىۋى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنىمۇ قوللانغان.

ۋىزانتىيە تارىخچىسى فروكوپىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاق ھونلارنىڭ بەزىبىر ئۆرپ-ئادەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. «ئاق ھونلارنىڭ ئەڭ بايلىرى يىگىرمە، ئوتتۇزچە كىشىنى ئۆزىگە دوست قىلىپ ئالىدىكەن، بۇنداق دوستلار ئۇلار بىلەن (بايلار بىلەن) ھەر دائىم تاماقتا بىللە بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن، بۇنداق دوستلار باينىڭ بايلىقىغا باب-باراۋەر ھوقۇقتا ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن، ئەمما باي ئۆلۈپ كەتسە، قانۇن بويىچە ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ باي بىلەن بىرگە تىرىكلا گۆرگە كۆمۈلىدىكەن». ④ بۇنداق شەپقەتسىز ئادەت (ئۆلگۈچىگە قوشۇپ تىرىك ئادەملەرنى گۆرگە كۆمۈش ئادىتى) قەدىمكى چاغلاردا ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللاردىمۇ بولغان. ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسى تەركىبىدە، كۇشان ئىمپېرىيىسىدىكىگە ئوخشاشلا تۈرلۈك ئىرقتا مەنسۇپ بولغان خەلقلەر (تۈركى، ھىندى، پارس) ياشىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرلۈك دىنلار (بۇددا، قامان، ئاتەشپەرەستلىك، مانى) ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئىگە ئىدى.

ئاق ھونلار ئۆز زامانىسىغا يارىشا يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان، بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىرلا پاكىتنى كەلتۈرۈش يېتەرلىك،

جۇڭگو تارىخىدا «شىمالىي ۋېي سۇلالىسى» دەپ ئاتالغان توبالار خانلىقى (مىلادىيىدىن 386- يىلىدىن 535- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەسلەپتە داتۇڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان، كېيىن مىلادىيىنىڭ 470- يىلى توبالار پايتەختىنى داتۇڭدىن ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لويالڭ شەھىرىگە يۆتكىگەن. مانا شۇ توبالار خانلىقىنىڭ خانى توباتاۋنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىينىڭ 424 - يىلىدىن 452 - يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىيىنىڭ 424 - يىلى توبالارنىڭ پايتەختى خېنچېڭ (ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى) گە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان. ئاق ھون سودىگەرلىرى رەڭلىك شىشە ئىشلەپچىقىرىشنى جۇڭگوغا ئۆگەتكەن، «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىنىڭ «ئۇلۇغ ياۋچىلار» تارمىقىدا بۇنداق دېيىلگەن: «ياۋچىلارنىڭ پايتەختىدە (توبالار پايتەختى خېنچېڭ شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) سودىگەرچىلىك قىلىدىغان سودىگەرلىرى بىز تاشنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل رەڭدىكى شىشىلەرنى ئىشلەشنى بىلىمىز دەپ جاكالىغان. ئۇلار تاغلاردىن رودا كەلتۈرۈپ، پايتەختتە (خېنچېڭ شەھىرى — ئا) رەڭلىك شىشە قۇيۇش ئۈستىدە تەجرىبە قىلغانىدا، نەتىجىلىك چىققان. ئۇلار ياسىغان شىشىلەر شۇنچىلىك پارقىراق چىققانكى، غەربىي مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن شىشىلەردىنمۇ چىرايلىق چىققان. شۇڭا پادىشاھ (توباخانى توباتاۋ — ئا) ئۇلار قۇيغان شىشىلەردىن ئوردا تەختلىرىنى ياساشتا پايدىلىنىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەن. يۈزدىن ئارتۇق ئادەم شىشە قۇيۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. شىشىلەر ناھايىتى پارقىراق بوياقلارغا ئىگە بولغانىدىن تاشقىرى، سۈزۈك چىققان، بۇنداق شىشىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، بۇلارنى ئىلاھىي شىشىلەر دەپ ھېسابلىغان». بۇ ۋەقە مىلادىيىنىڭ 424-يىلى يۈز بەرگەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «غەربىي مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن شىشىلەر» شەرقىي روما ياكى سۈرىيە شىشىلىرى بولسا كېرەك. چۈنكى جۇڭگو مىلادىيىنىڭ 424- يىلى ئاق ھونلاردىن رەڭلىك شىشىلەرنى ئىشلەشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن رەڭلىك شىشىلەرنى روما ياكى سۈرىيىدىن سېتىپ ئالاتتى. ⑤

**ئاق ھون ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەبنامىسى**

| | |
|---|---|
| 1- ئاق سىۋارخان | 424 - 470 |
| 2- ئېفتالانوس | 470 - 496 |
| 3- تورامانخان | 496 - 502 |
| 4- مېھرى كورا | 502 - 530 |
| 5- × × × | 530 - 567 |

ئىزاھات:

① «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» 1- توم، 120 - ،121- بەت.
② «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» 1- توم، 120 - بەت.
③ «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» 1- توم، 122 - بەت.
④ «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» 1- توم، 123 - ،124- بەت.
⑤ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

## ئەلۋىدا شائىر



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تونۇلغان تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ كېسەل سەۋەبىدىن 1989-يىل 2-ئاينىڭ 18-كۈنى، بەختكە قارشى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ يىل 59 ياشتا ئىدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋاپاتى ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى جۇملىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. رەھىمسىز ئەجەل بۈگۈن ئۇنى ئارىمىزدىن بىمەھەل ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئىنتايىن مول ئىجادىي تۆھپىلىرى، ئېسىل ھەم قىممەتلىك مەنىۋى پەزىلەتلىرى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

تۆۋەندە شائىر ۋاپاتىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم مەرسىيىلەرنى ئېلان قىلدۇق.

— تەھرىردىن

**مەمەتئېلى زۇنۇن**

## جۇدالىق نەزمىسى

ئەھلى يۇرتۇم كۆيىچى ئوغلاندىن جۇدا،
ئەركسۆيەر غەييۇر غەزەلخاندىن جۇدا.

«تۈگمەس ناخشا» — غەزەللەر ئاسمىنى،
پارلىغان نۇرزانە چولپاندىن جۇدا.

زىر قەلەم تۇتقان بۈيۈك كارۋان بولغۇن،
قەلبى ئاتەش تۇغچى مەرداندىن جۇدا.

مەن كەبى كۆرمىك تەلەپكار ئىز باسار،
بىر يېتۈك ئۇستاز قەدىرداندىن جۇدا.

ئالدى جان جىسمىمنى ھىجران ئىلكىگە،
مەن بۇ ھىجران ئىچرە دەرماندىن جۇدا.

چۈنكى، جان-جىسمىمدا مېھرى، مېھنىتى،
ئاھ، نەتەي، مەن بىر كۆيۈمچاندىن جۇدا!...

ۋادەرىخا، ئەلنى تەرسا كاج پەلەك،
ئەيلىدى شائىر تېيىپجاندىن جۇدا.

تۆھپىكارنىڭ تۆھپە - ئىنئامى ھامان،
بولمىغاي يۈكسەك شەرەپشاندىن جۇدا.

قىلمىغاي ئىنكار ئۇنىڭ ئىنئامىنى،
بولمىسا كىم پەزلى، ۋىجداندىن جۇدا.

ئابدۇللا سۇلايمان

# ياشاش ۋە ئۆلۈم ئۆتكىلى

كەلدۇق بۇ جاھانغا بىر، كېتىمىز بىر،
تۇرىمىز بارلىق، يوقلۇق ئارىسىدا.
قىسمەتلەر باشتىن ئۆتكەن مىڭ توم كىتاب،
مەزمۇنى جەم كۆزلەرنىڭ قارىسىدا.

قايسى كۈن كۆز يۇمۇشنى بىلەلمەيمىز،
قالمايتتى ئۇنى بىلسەك ھېچقانداق سىر.
ھەلقۇمدا تارتىشىمىز يورۇقلۇققا،
بولغاچقا ئاشالمىسان تېخى كۆپ قىر.

بولايلى مەيلى گاداي، مەيلى سۇلتان،
ئوخشاشمىز كۆز يۇمۇشتا ئاداققى دەم.
بارىمىز مېنىپ تەگلا ياغاچ ئاتقا،
قالىدۇ بۇندا دۇنيا، شاتلىق ۋە غەم.

بىراقكى ئوخشىمايدۇ ئۆلۈم خەۋىرى،
ھاياتتا ھەركىم ئىزى بولغاچ ئايرىم.
بەزىلەر كۆرگە كىرسە، توي قىلار ئەل،
بەزىلەر ۋاپاتىدىن دىللار يېرىم.

بەزىلەر ياشايدۇ تەن - جىسمى ساغلام،
بىراق، ئەل يۈرىكىدە ئۆلگەن بۇرۇن.
ئالسىمۇ بەزىلەرنى قويىنىغا يەر،
بېرىدۇ ئەلنىڭ قەلبى ئاڭا ئورۇن.

تاللاشتا بۇ ئۆلۈمدىن قايسىسىنى،
ھەرتىۋە، ھوقۇق ھىمات بولالمايدۇ،
ئېنىقكى، ياشىغاندا ئەل سۆيگەندىن،
يۇمسا كۆز ئەل يىغلايدۇ، قىيالمايدۇ.

قۇياش، يەر گۇۋا بولغان بۇ پاكىتنى،
تېيىپجان كۆز يۇمغاندا ئىسپاتلىدۇق.
تاۋۇتنى باش ئۈستىدە كۆتەرگەننى،
مىڭ ئەمەس، ئونمىڭ دېبان ئىسپاتلىدۇق.

دۇنيانى تەرپان باسقان زور خەۋەرمۇ،
تارقالماس ئىدى بۇنداق تېز سۈرئەتتە.
قالدۇردى تارىم، ئىلى، تيانشاننى،
بۇ قاغىش تەككۈر خەۋەر مۇسىبەتتە.

— ياق، دېدۇق، ھازىر ئۇنى كۆرگەن، دېدۇق،
ئۇ بىزگە ئۇقۇپ بەرگەن نەزمىسىنى.
— ياق، دېدۇق، قۇتلىغانتۇق ئۇنىڭ بىلەن،
ھاياتنىڭ شاد - خۇراملىق بەزمىسىنى.

— ياق، دېدى تارىم، ئۇنى ئىزدىمەڭلار.
يۇلغۇنلۇق كەڭ باغرىمغا ئاياغ باستى.
— ياق، دېدى ئىلى، باغۋەن مېنىڭدە ئۇ،
ئالمىلار شاخلىرىغا چېچەك ئاستى.

ھازىرلا قىيارىمغا يامىشىپ ئۇ،
چوققىغا چىقىپ كەتتى، - دېدى بوغدا.
دېدى ھەم؛ بۇ زېمىننىڭ ئۆزلىكىدىن،
ئالماقتا ئەشئارىغا نۇسخا ئۇندا.

زامانىنىڭ مىليۇنلىرى، ھاكىممۇ،
كۆز يۇمسا ئېرىشەلمەس بۇنچە شانغا.
(كىمكى روھى ئاچقا بولسا دەرمان،
سىڭىدۇ نامى ئۇنىڭ زەررە قانغا).

شائىرنى كىم كۆز يۇمدى دېيەلەيدۇ،
بىز ئۇنى قويىنىمىزغا ئالغان تۇرساق.
ئۇ ئېيتقان شۇ «تۈگىمەس ناخشا» - كۈيگە،
جۆر قىلىپ دۇتار - تەمبۇر چالغان تۇرساق.

قەلبىمىز جەننىتىدە قىلىپ سەيلى،
يېپەكتە قايغۇسىنى مىللەتنىڭ ئۇ،
سۆكمەكتە ئىچ - باغرىنى دەل تەككۈزۈپ،
رەقىبى بولۇپ ھەر خىل ئىللەتنىڭ ئۇ.

ئۇنىڭدەك ياشا دەيدۇ بالىلىرىغا،
شائىرنىڭ كۈيىدەك ئۆز بۇ يۇرت - ماكان.
ياشاش ۋە ئۆلۈم ئۆتكۈل - سىنىقىدىن،
ئۇنىڭدەك ئۆتسەك قالماس قىلچە ئارمان.

غولام ئەبەيدۇللا

## مەرسىيە

ئەلۋىدا، ئاھ ھەسرىتا، بولدۇق تېپىەپچاندىن جۇدا،
خىسلىتى بۇلبۇلگوياەك، زاتى ئىنسانىدىن جۇدا،
جانغا كۆز تىككەن ئەجەل قىلدى قەدىرداندىن جۇدا،
بولدى گۈلزار بىر مۇنەۋۋەر ۋەسىپى چولپاندىن جۇدا،
كاتتا ئەزمە سورۇنى ئۇستاز - غەزەلخاندىن جۇدا.

تارقىلىپ مەشئۇم خەۋەر، ھەر باشقا چۈشتى غەم بولۇپ،
تەڭرى تاغ ئاچتى ھازا، سايرام بىلەن ھەمدەم بولۇپ،
قەۋمى يۇرت ۋە قەۋمى مىللەت تۇتتى ماتەم جەم بولۇپ،
بەلكى دۆلەت كۆز يېشى، پەريادى تۇغياندىن جۇدا،
ئەلۋىدا، ئاھ ھەسرىتا، بولدۇق تېپىەپچاندىن جۇدا.

جۆرئىتى پاك قەلبىنى خەلقىگە تۇتقان كۆل قىلىپ،
بىر ئۆمۈر ئۆتكەن قەلەمنى زۇلپىقار، دۇلدۇل قىلىپ،
ئەلنى ماختاپ، ياۋنى سۆككەن شېئىرى غەردان يولى ئېلىپ.
مەردۇ - مەيدان بولدى گويا شېئىرى غەرداندىن جۇدا،
خىسلىتى بۇلبۇلگوياەك، زاتى ئىنسانىدىن جۇدا.

ئۇ كامالەت بابىدا جەۋلان قىلىپ تېز ئۆرلىگەن،
«تۇگىمەس ناخشا» تۈزۈپ، «ئازاد زامان» دەپ كۈيلىگەن،
جۆرئىتى، ئەجرى قەدىم گۈلزارنى ئاۋات ئەيلىگەن،
خۇشناۋا بۇلبۇل ۋاقىتسىز بولدى بوستاندىن جۇدا،
جانغا كۆز تىككەن ئەجەل قىلدى قەدىرداندىن جۇدا.

مېھرىبان خۇلقى، دىلى، كەمتەرلىكىدە ئاپىرىن،
ئۈنچە - مارجان سوۋغىسى - كەۋسەرلىرىدە ئاپىرىن،
ھەر جۇدۇن پەسلىدىكى قەيسەرلىكىدە ئاپىرىن،
بى گۇمانكىم بولمىغان ئۇ قىلچە ۋىجداندىن جۇدا،
بولدى گۈلزار بىر مۇنەۋۋەر ۋەسپى چولپاندىن جۇدا.

ئالدى جاي ئالتۇن خەزىنەمدىن، قىران ئوبرازى بار،
ھەر مۇقامىنىڭ ئەۋجىگە سىڭگەن جۇلا - پەرۋازى بار،
ھەر كىتابىتا نەزمىسى، شېردىن - سۇخەن ئاۋازى بار،
بولمىغاي ئۇ ئىككى دۇنيالىق شەرەپشانىدىن جۇدا،
كاتتا نەزمە سورۇنى ئۇستاز - غەزەلخاندىن جۇدا.

قايغۇدا بەردى غولامى بىر سىقىم ئىخلاس توپا،
نە ئەجەپ، ئۆز بۇرچىنى قىلسا زاماندا شلار ئادا،
ياخشى قىلغان بىر ئەمەل ـ خىزمەتكە يەتمەس مىڭ دۇئا،
ھەر سېغىنغاندا بولاي دەپ قايغۇ ـ ھىجراندىن جۇدا،
قىلمىغايمەن نامىنى ھەر نەزمە ـ داستاندىن جۇدا.

<<<<<<<<<<<<<<<<<<

ئۆمەرجان ئوسمانى (شىپاھى)

## ئەلۋىدا شائىر!

(مەرھۇم تېيىپجان ئەقغەدە مۇسەللەس)

بۇ ئويغۇمۇ يا چۈشۈممۇ، بىر نىدا،
يەر ـ كۆكتىن كەلدىيۇ، قىلدى جۇدا؛
ئاھ قېرىنداش، ئاھ قەدىردان ئەلۋىدا!

× ×

چاقتى چاقماق، جۇپ كۆزۈمدىن ئاقتى سەل،
نى ـ نى ئىشتا پۈكمىگەنتىم مۇنچە بەل،
بۇ نە ئىسيان، ئاھ قېرىنداش ئەلۋىدا.

× ×

قايسى «سىردىن تۇۋىدە» يۇرگە نىسنا،
قايسى شېرىن يېنىدا كۈلگە نىسنا،
ساقلىدىڭ ئىنسانى ۋىجدان، ئەلۋىدا.

× ×

يات كۆرەتتىڭ تەھتى مۈلك ـ زار كۈلكىنى،
دۇمبالىدىڭ «موزاي مېڭگەن تۈلكە» نى،
نەپرىتىڭ ئەمەستى پىنھان، ئەلۋىدا.

× ×

قىلغان ئىدىڭ سەيلە «ئۇخرىدبويى» نى،
خەلقئارالىق شېئىرىيەت تويىنى،
كۈيلىگەنتىڭ شائىر مېھمان، ئەلۋىدا.

× ×

پوئىزىيە مۇنبىرى شاھى ئىدىڭ،
مەرىپەت گۈلشىنىنىڭ تاجى ئىدىڭ،
خۇشپۇراقلىق لالە ـ رەيھان ئەلۋىدا.

سەن ئىدىڭ تىنك «چوققىدىكى قارىغاي»
ياشنىدىڭ مەردانە ھېچبىر نالىماي،
كۆزگە ئىلماي خەيرى ـ ئېھسان، ئەلۋىدا.

× ×

«تۈگىمەس ناخشا»، «مۇقام»، «كەۋسەر» ئىدى،
ھەم «ۋەتەن ھەققىدە» ئاق قەيسەر ئىدى،
ئەي ۋەتەن ئوغلى تونۇلغان ئەلۋىدا.

× ×

سەن قىزىتقان چوغ ـ چوغ «شېئىر مەشرىپى»
گۈل ـ چېچەككە تولدى كۈيچى كەڭ سېپى،
بۇ سەپكە بولدۇڭ پاسىبان، ئەلۋىدا.

× ×

قالدى نەچچە ئۆلمەس كىتاب، «ۋەسىيەت»،
قامۇس يەڭلىغ رۇبائىيات، نەسىھەت،
سۆزدە سەنئەتكار پاراۋان، ئەلۋىدا.

× ×

«قىلدى ئىشغال ھىجران ۋىسال بېغىنى»،
يۈياي قانداق بۇ نادامەت دېغىنى؟!
ۋادەرىغا، دادى ـ ئەپغان ئەلۋىدا!

× ×

ئايرىلىپ «كۆيدۈرسە ھىجران مەيلىمۇ؟»،
ئاھ ئۇرۇپ «بولسام پەرىشان مەيلىمۇ؟»،
قالدى لېكىن شائىر ـ نىشان، ئەلۋىدا.

ئېيتما قتسەن مۇنبەردە دېكلىما تسىيە،
نەھاجەت بارمەن ئوقۇشقا مەرسىيە،
تۇتتى ماتەم يەرۇ - ئاسمان، ئەلۋىدا.

× ×

سەن ھايات! شېئىر بېغىدا گۈلئارا،
سەن ھايات! بۇلبۇلغا نەدە كۈي ناۋا؟
سەن ھايات! شېرىن سۇخەندان، ئەلۋىدا.

× ×

قامىتىڭ مەزمۇت تۇرار خانتەڭرىدە،
مەرتىۋەڭ ئەرشتە ئىكەن كۆك قەھرىدە،
چىققىنىڭ تەختى سۇلايمان، ئەلۋىدا.

× ×

شول سىياقىڭ بەردى تەسكىن، سەبرىنى،
ياز يەنە نۇرانەمەتنى، سەترىنى،
ھۆر - پەرى بەرگەيكى سۇبھان، ئەلۋىدا.

× ×

ئەلۋىدا ئەي پىرى - ئۇستاز رەھنىما،
ئەلۋىدا ئەل، يۇرتقا خۇشتار - مەھلىيا،
ئەلپىراقۇ، ئاھ قەدىردان ئەلۋىدا!

---

ۋارىسجان قاسىم

## شائىر مەرسىيىسى

بىز ئىلىم ئەھلىنىڭ يوقلىشىنى باشتىن كەچۈردۇق
ئۆمەر ھەييام

ۋۇجۇدۇم تىترىدى بۇ كەم، يۈرەك يىغلايدۇ ھەسرەتتە،
ئېگىلدى ياكى بى قەددىم، گويا تاغدەك مۇسىبەتتە،
لېۋەمنى چىشلىدىم مەھكەم، جۇدالىقتا - نادامەتتە،
ئەلەمدە ئۆرتىنىپ كۆيدۈم زالالەتلىنىك مالامەتتە،
يەنە بىر قالدى قان قەرزىم ئەجەل ئاتلىق ھاماقەتتە.

سېنىڭ دائىم كۆشەندەڭمۇ زامان پازىلى - داناسى؟
ۋەتەن - ئەل سۆيىدە ئاققان كىشى رەناسى بەرناسى؟
بىلىپ قري يوق پىداكارنىڭ سالامنامەڭگە پەرۋاسى؟
چىقىپ كەتكەنمۇ داڭزاڭدىن كىبىرىنىڭ تەلۋە ئەرۋاھسى؟
كۆزۈڭگە مىخ قېقىپ ئۆتكەن ياشار مەڭگۈ ھالاۋەتتە.

ئۇرالمايسەن نىچۈن خەنجەر، مۇغەمبىر، تەلۋە، كاززاپقا،
ھايات گۈلزارىغا ئۈششۈك، سېسىغان لۈجى، ماغزاپقا،
سالارسەن ھەر زامان تۇپراق ئېسىل شاھانە مەيىزاپقا،
ئالارسەن تولدۇرۇپ لەززەت كۆڭۈلنى قانۇ - زەرداپقا،
كۆزۈمنىڭ گۆۋھىرى ئاقتى، بۈگۈن قانلىق قىيامەتتە.

ئۇرۇپ لەۋ چاپقىلىپ ئاقتى ئىلى، تاردىم، زەرەپشانىم،
ئەلەمدە ئۆكسىدى سايرام، پەلەككە يەتتى ئەپغانىم،
سامادىن شۇڭغىدى ئاھ كۈن سۇپەتلىك ماھى چولپانىم،
كى ئۆچتى نەزمە قەسرىدىن تېپىپچانىم — دۇرەپشانىم،
نە ئۆچتى، ئۆچمىگەي مەڭگۈ كۆڭۈل تۆرىدە — ھۆرمەتتە.

ئۆزۈڭنى كۆرمىدىم ئەپسۇس، كۈيۈڭنى زوقتا ئاڭلاشقان،
چاۋاكلار بىرلە ئالقىشلاپ ئېلىپ باشلارغا داڭلاشقان،
خىيالىمدا سېنىڭ بىرلە ھاياجان ئىچرە مۇڭداشقان،
ئېسىمدىن چىقمىغاي زىنھار چۈشۈمدە قانچە سىرداشقان،
ۋۇجۇدۇم ئىچتى بال — شەربەت، بولۇپ دىلخانە سۆھبەتتە.

قىتئەمىر، تەلۋە ئەزرائىل بىلەن قانچە زوكۇنلاشتىڭ،
دېدىڭ: پەن كۈچ — ساپاسىدىن رەزىل مەخلۇق زەبۇنلاشتىڭ،
ھەقىقەت جەننىتىگە سەن ئۇچۇپ باردىڭ، نۇرۇنلاشتىڭ،
پەزىلەت دانىشى ئەي، خۇش كۆڭۈل بەرنا ئىدىڭ، ياشتىڭ،
ھايات داستانىنى يازدىڭ ھالال ئەمگەكتە — مېھنەتتە.

ۋەتەنگە، ئۆزگە ئەللەرگە تونۇلغان ئوت يۈرەك ئەردىڭ،
ئىزىڭدىن ئۈندى رەيھانلار، ھالال باتۇر تىلەك ئەردىڭ،
خەلق — ئەل مۇڭىنى كۈيلەر زەبەردەست، مەرد بىلەك ئەردىڭ،
رەقىبگە زۇلپىقار سىرتماق، جاپاكەشكە يۆلەك ئەردىڭ،
قۇيۇنغا قىلمىدىڭ پەرۋا، ئۇرۇپ پەشۋا جاسارەتتە.

ھودۇقماستىن ئۆتۈپ كەلدىڭ خەلقىڭ ئىمتىھانىدىن،
خەتەرلىك تىك-قىيا تاشلار، قاباھەتلىك داۋانىدىن،
ئاسارەت دېۋىسى چاچقان رەھىمسىز ئوت — بورانىدىن،
ماكانسىز قوترىغان تەتۈر قۇيۇنلارنىڭ تۇمانىدىن،
ھامان ئويغاق نىگاھىڭ بار ۋەتەن باغرىدا زۇمرەتتە.

جاھاننىڭ سەھنىسىدە ھۆر ئاۋازىڭ ياڭرىغان چاغدا،
قۇياش گۈلدەستىسىن سۇندى نازاكەت شاھى گۈلباغدا،
ئەجەلنىڭ سايىسى چۈشتى بېشىڭغا، بىر پىغان داغدا،
زېمىن كۆك چۆكتى ماتەمگە، يۈرەكنى قورىدى ياغدا،
جېنىڭنىڭ رىشتىدىن پۈتكەن راۋاپ سايرايدۇ كۈلپەتتە.

بۇلۇتلار ئىچرە ياش تۆككەن تولۇنئاي قوندى قەبرەڭگە،
ئېسىمدە ئۇمۇ جۆر بولغان ئىدى شاھانە خەندەڭگە،
تەۋەرۈك كالۋ قەلىمىڭنى قويۇپ كەتتىڭمۇ نەۋرەڭگە،
ئۇلۇغ ئارزۇلىرىڭ قالدى تۈمەن ۋارىسقا — چەۋرەڭگە،
تىنىچ يات بىزمۇ يەلۋ تۇردۇق، باھادىرلارچە جۆر ئەتتە.

ئابلەت مۇھەممەتجان

# فېدېراتىپ گېرمانىيەدە بولغان كۈنلەردە

(زىيارەت خاتىرىسى)

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەن دۆلەت شەھەر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 20 - ئىيۇندىن بۇرۇن بېيجىڭگە يېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالـ غاندىن كېيىن، خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا ھېچقانچە تەييارلىقسىزلا يولغا چىقتىم.

1988 - يىلى 26 - ئىيۇن، مېنىڭ ھاياتىمدا يەنە بىر ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى. مەن جۇڭگو شەھەر قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە، ئۆزەم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىمكى شەھەر — قەشقەردىن ئون مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى فېدېراتىپ گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە غەربىي بېرلىن شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. كىشىلىك ھاياتتا يۈز بېرىدىغان تەسادىپىلىقلار ئىچىدە، بۇ قېتىمقىسى ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن ھالقىغان ئاجايىپ بىر رېئاللىق ئىدى.

1987 - يىلى قوشنا دۆلەت - پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەزى شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن چېغىمدا، يەنە بىر يىلدىن كېيىنكى شۇ كۈنلەردە ئىككىنچى قېتىم چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. بۇ قېتىمقى سەپەر مەن ئۈچۈن يەنە بىر خۇشاللىق ئىدى. مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 شەھەر ئىچىدىن بۇ قېتىم فېدېراتىپ گېرمانىيە خەلقئارا تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى غەربىي بېرلىندا چاقىرماقچى بولغان «يەرلىك مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىكى ۋەزىپىسى» دېگەن مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولغاچقا، ئانا يۇرتۇم قەشقەرنىڭ ئىپتىخارى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراپ، قەلبىمنى چەكسىز ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى بىر ھۆكۈمەت خىزمەتـ چىسىنىڭ بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە شۇنداق چوڭ بىر دۆلەتنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ياۋروپاغا سەپەر قىلالىشى ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك…




فېدېراتىپ گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى — ئىلگىرى پەقەت كىتاب ۋە خەرىتە يۈزىدىلا ئۆزەكى چۈشەنچىگە ئىگە. بۇ دۆلەت زېمىنىگە قەدەم قويۇشۇم بىلەنلا خىيالدىن رېئاللىققا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۆشىكى بولغان گېرمانىيىنىڭ دەھشەتلىك

ئۇرۇش يىللىرىدا كىشىلەر تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولالمىغىدەك دەرىجىدە خارابىلىققا ئايلانغانلىقىنى كىتابلاردىن ئوقۇغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە ئىدى. نەچچە ئون مىليون خەلقنىڭ قېنىنى تۆكۈلگەن زېمىنىنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويۇپلا مېنىڭ كۆرگىنىم ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنىڭ خارابىلىرى ئەمەس، ياپ-يېشىللىققا پۈركەنگەن زامانىۋى، ئاۋات، تەرەققىي قىلغان گۈزەل شەھەر بولدى. دائىرىسى 480 كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان غەربىي بېرلىن شەھىرى ئۆز قوينىغا بىر مىليون 870 مىڭ نوپۇسنى ئالغان ھالدا، ئۇرۇشنىڭ ئۆز بەدىنىدە قالدۇرغان ئاچچىق جاراھىتىنى تېزلىكتە ساقايتىپ، يېڭى بىر دۇنياغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. مېنىڭ بۇرۇن كىتابلاردىن ئوقۇغان، كىنولاردا كۆرۈپ، باشقىلاردىن ئاڭلاپ كۆڭۈل دەپتىرىمدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بېرلىن توغرىسىدىكى ئەشۇ تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن، ئەمدىلىكتە قەدەم تاشلاپ كوچىلارنى ئايلىنىۋاتقان بېرلىن شەھىرى بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قوشۇنى بېرلىن شەھىرىنى ئىشغال قىلىش ئەرپىسىدە، نەچچە مىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بېرلىن شەھىرىنىڭ ئۈستىدە خۇددى قارا قاغىدەك ئۇچۇپ، ھەر كۈنى بۇ شەھەرگە نەچچە مىڭلاپ بومبا تاشلاپ، گېتلېر ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى بومباردىمان قىلغانلىقى تارىختىكى خاتىرىلەردە ئېنىق يېزىلغانىدى. گېتلېرچىلار ھالاكەت ئەرپىسىدە بېرلىن شەھىرىدىكى لەنەت ۋە دىيا قانىلىنى پارتلىتىپ، شەھەرنى سۇغا غەرق قىلىش قەستىدە بولغان. ئۇرۇشنىڭ ۋەھشى تىغى، گېتلېر شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ قۇرغان، بېرلىن شەھىرىنى گويا مەڭگۈ ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە خانىۋەيران قىلىۋەتكەن. مانا بۇ ئۆتمۈش، مانا بۇ 40 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى تارىخ ئىدى. ھازىر مېنىڭ كۆرگىنىم كوچىلىرى ئازادە، يول بويلىرى ياپ-يېشىل دەل-دەرەخ ۋە رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان، مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان كۆركەم بىنالار قەد كۆتەرگەن ئاۋات شەھەر-غەربىي بېرلىن بولدى. فېدېراتىپ گېرمانىيىدە بولغان 25 كۈن ئىچىدە، غەربىي بېرلىن شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان كوپىستىندام كوچىسىدا، ئۇرۇش يىللىرىدا قاپقارا بولۇپ كۆيۈپ ئۆرتەنگەن تاش بىنا فېدېرىخ ئىبادەتخانىسىدىن باشقا، بىرمۇ ئۇرۇش خارابىسىنى ئۇچراتمىدىم (بەلكىم مەن كۆرمىگەندىمەن).

مەن گېرمانىيە خەلقئارا تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ياتاق دېرىزىسىدىن غەربىي بېرلىن شەھىرىگە نەزەر تاشلاپ، پەقەت ياپ-يېشىل چىمەنزارلىق ئىچىدىكى گۈللەنگەن شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆردۈم.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، شەرقىي بېرلىندىن غەربىي بېرلىن شەھىرىگە ئۆتىدىغان چاغدىلا، بۇ گۈزەل شەھەرنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان چېگرا تېمى توغرىسىدا كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا قىزىققانىدىم. غەربىي بېرلىن شەھىرىدە بولغان كۈنلىرىمدە مەن قىزىققان بۇ نەرسىلەر ئايان بولدى. ئەتراپىغا ئالاھىدە كۆزەتچىش مۇنبەرلىرى ياسالغان، بېرلىن شەھىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا بۆلۈپ تۇرىدىغان بۇ تام پۈتۈنلەي بېتون ۋە تاشتىن، ئېگىزلىكى مېتىر

ئېگىزلىكتە ياسالغان بولۇپ، 1961 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پۈتتۈرۈلگەنىكەن. ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن ياسالغان بۇ تام، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەمگىكى بەدىلىگە بەرپا قىلغان بۇ گۈزەل شەھەرنى ئىككىگە ئايرىپ، ئۇرۇشنىڭ ئاچچىق ھەسرىتىنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈپتۇ... ئۆمىكىمىز غەربىي بېرلىن شەھىرىدىكى ئاتاقلىق بىنا ـ رېخستاگ بىناسىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇنىڭدىن يۈز يىللىچە بۇرۇن ياسالغان بۇ بىنا گىتلېر زامانىسىغىچە، پارلامېنت بىناسى بولۇپ قانچىلىغان ھاكىمىيەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھازىر قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، كۆرگەزمىخانا قىلىنىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ. غەربىي بېرلىن شەھىرىدىكى شىتابىنبورگ شىتارشى بىناسى ئۇرۇش يىللىرىدا گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شىتابى ئورۇنلاشقان جاي بولۇپ، ھازىر بۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا، فاشىزىمغا قارشى كۈرەش مۇزېيى قىلىنىپتۇ. ئېكسكۇرسىيە قىلىنىش ئارقىلىق گېرمانىيىدىكى خەلقنىڭ گىتلېر ۋە ئۇنىڭ فاشىستىك سىياسىي، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش تارىخىدىن خېلى كۆپ چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم...

مۇھاكىمە يىغىنىدا، مەن گېرمانىيىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ ئىتتىپاق گېرمانىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى ئورنى»، «فېدېراتسىيە، شتات ۋە يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ جامائەت مالىيە تۈزۈمى»، «ئىتتىپاق گېرمانىيىنىڭ بوشلۇقنى پىلانلاشتىكى تۈزۈلمىسى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي دوكلاتىنى ئاڭلىدىم. غەربىي بېرلىن شەھىرىدىكى سىدىرىچ رايونىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدىم. سۇ زاۋۇتى، ئەخلەتلەرنى يىغىش ۋە بىر تەرەپ قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش شىركىتى قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلمىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا قاتناشتىم.

بىزنىڭ زېمىنىمىزدە بىر تەرەپ قىلىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ، كىشىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان ھەم كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەخلەت — زامانىۋى تېخنىكا، تەرەققىي قىلغان باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان يېڭى خىزمىتىنى باشلاپتۇ. مەن ئەخلەت تۆكۈش مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋېتىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەخلەتلەرنى تۆمۈر ـ تەسەك، ئەينەك ۋە شېشە سۇنۇقلىرى، ئەسكى قەغەز ۋە لاتا، شوپۇك ۋە تۇپا قاتارلىق بىر قانچە تۈرگە ئايرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم سولياۋ خالتىغا قاچىلاپ، ئاندىن ئەخلەت تۆكۈش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ تاشلايدىغانلىقىنى بىر قانچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئايرىم ـ ئايرىم خالتىلارغا قاچىلانغان بۇ ئەخلەتلەر، زامانىۋى تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن، ئۆز تۈرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى، قايتىدىن ئىشلىتىشكە تەييارلىنىدىكەن. ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلارنى يەنىچە يۇمشاق قالانغان كېرەكسىز ئەخلەتلەر، ئەخلەت مەيدانىدىكى سولياۋ يوپۇق ئۈستىگە دۆۋىلىنىدىكەن ۋە بىر قانچە يىلدىن كېيىن بەلگىلىك ھەجمىگە يەتكەندە ئۈستى بىر قەۋەت بىر مېتىردىن ئارتۇق قېلىنلىقتىكى مۇنبەت

تۇپراق بىلەن قاپلىنىپ، سۇنئىي تاغ قىلىپ ئۆزگەرتىلىدىكەن. ئۇنىڭغا ھەر خىل دەل-دەرەخلەر تىكىلىپ، گۈللەر تېرىلىپ، ئادەملەر سەيلە قىلىدىغان مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندۇرۇلىدىكەن. كىشىلەر ئادەتتە ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۇنداق ياپ-يېشىل سۇنئىي تاغلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، گېرمانىيە خەلقىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى بۇنداق ئۇنۇملۈك تەدبىرلىرىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. فېدېراتىپ گېرمانىيە ھازىرقى دۇنيادا 4-ئورۇندا تۇرىدىغان سانائەت دۆلىتى بولغاچقا، ئىگىلىك زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش دارامىتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يۇقىرىلاپ، دۇنيادىكى 3-ئورۇنغا ئۆتكەن. فېدېراتىپ گېرمانىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى، ئۆز شەھىرىنى مەدەنىيەتلىك، ئىگىلىكى گۈللەنگەن، گۈزەل شەھەر قىلىپ قۇرۇشقا پۇختا ماددىي ئاساس ھازىرلاپ بېرىپتۇ. 1987-يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي دارامەت 20 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپتۇ. بۇ دۆلەتتىكى 61 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسنىڭ 94 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى شەھەر، بازارلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئىگىلىكتە تۇتقان نىسبىتى ئۇنچە چوڭ ئەمەس ئىكەن، ئۇلار ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىياتىدا، كىشىنى قايىل قىلارلىق ئۇنۇمگە ئېرىشەلىگەن.

فېدېراتىپ گېرمانىيىگە قىلغان سەپىرىم، مېنى شەھەر باشقۇرۇشتا يالغۇز سىياسەتكە ۋە ھوقۇققىلا تايانغاندىن باشقا يەنە ئىلغار بولغان شەھەر باشقۇرۇش ئىلمىگە ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئېچىنىشلىق ئۇرۇش يىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا تۇرۇۋاتقان فېدېراتىپ گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات نەتىجىسى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنىڭ توغرىلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئۇلار شىتات، ئوبلاست ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە مالىيە كۈچىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆز-ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش مېخانىزمىغا ئىگە قىلالىغان. مەن ئېكىسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن فىرانكفورت، بوننا، ۋېيسبادېن، دۇيسبېلدورف، مورس، كيولن، دورتمۇنت، برونلاگې، برېمېن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، يەرلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ھەققىدە قىلىنغان دوكلاتلارنى ئاڭلىدىم ۋە ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىگە قاراشلىق دائىرىدىكى جامائەت ئىشلىرىنى، جامائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاسراش ئىشلىرىنى، ئاھالىلەر ۋە ئامانلىقنى قوغداش ئىشلىرىنى، مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى، پاراۋانلىق، سەھىيە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىقلارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئوبدان مەبلەغ سېلىش شارائىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش ھەمدە ئىگىلىك تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ

ماس بولۇشىنى يېتەكلەش ھەم ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەن. ماڭا بۇلارنى بىزنىڭ
شەھەر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئوتتۇردا پەرقنىڭ خېلى چوڭ
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن گۈللىنىش ۋە تەرەققىيات ـ يەر شارىدىكى ھەممە مىللەت
خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. خىيال
كەپتىرىم ئارزۇ ئاسمىنى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، دۆلىتىمىزدە ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتـ
قان ئىسلاھاتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر ۋە تەخىرسىز ئىكەنلىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش،
ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ سىياسەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.
شۇنداق، ئىسلاھات ۋە ئىزدىنىش روھى، جاپالىق ئىشلەش ئىرادىسى بولغاندىلا، پارلاق
مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ...

فىدىراتىپ گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى، قانۇنىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغانلىقى تۈپەيـ
لىدىن كېلىپ چىققان دەرتنى يەتكىچە تارتقان. 1933 ـ يىلى گىتلېر تەختكە چىققاندىن
تارتىپ تاكى ئۇ ھالاك بولغانغا قەدەر بولغان ئون نەچچە يىللىق تارىخىدا، گىتلېرنىڭ
ھەر بىر سۆزى قانۇن، ھەر بىر قىلغان ئىشى مىزان بولۇپ، گېرمانىيە خەلقىنى ۋە پۈتكۈل
ئىنسانىيەتنى بالايى ـ ئاپەتكە باشلاپ كەلگەن. بۇ ئاچچىق ساۋاق ئۇلارنى ئەمدىلىكتە
ھەممە ئىشتا قانۇنغا تايىنىشقا يېتەكلىگەن. مەن بارغانلىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىي بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، دۆلەت قانۇنىنى
كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە بۇ ھەقـ
تىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇلار مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغان. نۇرغۇن جامائەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇـ
لۇشى شەخسىيلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشتا مەسئۇلىيەت بىلەن
ھوقۇقنى بىرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان.

فىدىراتىپ گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى سىلۋر مايەك ئەپەندى
بۇ تېمىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدا، جامائەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇـ
لۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى
تەكىتلەپ ۋە بۇ ھەقتە، ئەمەلىي پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بىزنى قايىل قىلدى. لېكىن سىلۋرـ
مايەك ئەپەندىنىڭ ئېيتقانلىرى يېڭى گەپ ئەمەس ئەلۋەتتە. چۈنكى پرولېتارىياتنىڭ ئۇـ
لۇغ ئۇستازى لېنىن ئاللىبۇرۇنلا، قالاق ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى
شەرھلىگەن ئەمەسمۇ؟

بىز ئايروپىلان بىلەن فىرانكفورت ئايرودرومىغا يېتىپ كېلىپ دەسلەپتە ھېس قىلغىـ
نىم، بۇ شەھەرنىڭ ياۋروپا ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىدىكى مۇھىم ئورنى بولدى. پۈتكۈل فىدىراـ
تىپ گېرمانىيىدە قاتناش ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.
ئايرودروم، بېكەت ۋە قاتناش مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىكى خادىملاردا
ئەلا سۈپەتلىك خىزمەت ئۆتەش دائىملىق ئادىتىگە ئايلانغان، كىشىلەر ئارىسىدا بولۇـ
ۋاتقان ھۆرمەت، مۇلايىملىق ۋە ئەدەبلىك مۇئامىلىلەر مېنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلىك
مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى كىتابىي چۈشەنچىلىرىمنىڭ نە قەدەر قاتمال ۋە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلدۇردى. يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالىت يوللىرىدا ھەر كۈنى ئاپتوموبىللارنىڭ
ئۆتۈشۈش قېتىم سانى نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا نەچچە مىليون قېتىمغا يېتىدىغان بۇ دۆ-
لەتتە، قاتناش باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ شۇنچە تەرتىپلىك بولۇشى قەدىمكى شەھەر قەشقەر-
نىڭ قاتناش تەرتىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا
بىزنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنىڭ تەرەققىياتقا ماسلىشالمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، مېنى
ئويلۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. فىدىراتىپ گېرمانىيىدە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى
70 پىرسەنتكە يېتىپ، شەھەر-يېزىلاردا، ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك تېلېفون ئاپپاراتلىرى بار
ئىكەن. چوڭ-كىچىك يوللار ئاساسەن قاتتىقلاشتۇرۇلۇپ بولغان. ياپ-يېشىللىق بىلەن
قاپلىنىش نىسبىتىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەن. كىچىككىنە بۇ دۆلەتتە تۆمۈر يول لىنىيە-
لىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 مىڭ كىلومېترغا، تاش يول لىنىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇ-
زۇنلۇقى 500 مىڭ كىلومېترغا، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8500
كىلومېترغا يېتىپ، ئىقتىساد ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كۆپ تەرەپلىمە قولايلىق يارىتىلغان.
غەربىي بېرلىن شەھىرىدە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى شۇنچە زىچ بولسىمۇ شەھەر ئىچىدە
قاتنايدىغان كوچا ئاپتوبۇسلىرى 1400 گە يەتكۈزۈلگەن. يەنە يەر ئاستى تۆمۈر يول، يۇ-
قىرى سۈرئەتلىك پويىز لىنىيىلىرىمۇ راۋانلاشتۇرۇلغان. شەھەر رايونى بويىچە تۇرۇبا
سۈيى بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە، سېسىق سۇ چىقىرىش تۇرۇبىلىرىنىڭ
ئىشلىتىلىش نىسبىتى97 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇ شەھەردىكى يەتتە سۇ زاۋۇتىنىڭ بولتۇر بىر
تەرەپ قىلغان پاسكىنا سۇ مىقدارى 170 مىليون كۇب مېترغا يەتكەن. ئەخلەت زاۋۇتلىرى بىر
تەرەپ قىلغان ئەخلەت مىقدارى بىر مىليون200 مىڭ توننىدىن ئاشقان. جۇمھۇرىيەت، شىتات ۋە
يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا پۈتكۈل فىدىراتىپ
گېرمانىيىدىكى شەھەر-يېزىلاردا جامائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى،
ھازىرقى دۇنيادا ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان خىلمۇ-خىل مۆجى-
زاتلار بارلىققا كەلگەن. يۈكسەك دەرىجىدە ساناتەتلەشكەن بۇ زېمىندا ئىس-تۈتەك،
توپا-چاڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار ئەڭ قاتتىق دەرىجىدە كونترول قىلىنىپ، پاكىز ۋە
تىنچ مۇھىت بارلىققا كەلگەن...

مەن ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، فىدىراتىپ گېرمانىيىدە جامائەت ئەس-
لىھەلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ، پۈتۈن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ 7.3 پىرسەنتىدىن توققۇز
پىرسەنتىگىچە بولغان نىسبەتنى ئىگىلىگەن. مەملىكىتىمىزدە بولسا 1983-يىلىغىچە ئاران
2.3 پىرسەنتنى ئىگىلەپ كەپتۇ. شۇڭا چەكلىك مالىيە كۈچى، بىزنىڭ جامائەت ئەسلىھە-
لىرى قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ھامان پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئامىل بو-
لۇپ قالغان. بىز ھازىر بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىۋاتىمىز. لېكىن بۇنىڭدا
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، قەتئىي نىيەتكە كېلىشكە، دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشىگە تايىنىپلا
تۇرماي، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق ئۆزى قۇرۇش، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق باشقۇرۇش رو-
ھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە يېقىنقى 2-3 يىل مابەي-

نىدە بارلىققا كەلگەن جامائەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بۇ ئۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ مەسىلىدە قانچىكى بالدۇر تونۇش قىلمىسام، شۇنچە تەشەببۇسكار بولغىلى، قانچىكى كېچىكسە شۇنچە پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

فېدېراتىپ گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش، ئېھتىياجلىق خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، مۇھىتنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتىن تەڭشەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەھەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلىرىنى، قەشقەر شەھىرىنىڭ تېخى ھازىرغىچە ئىستېمال شەھەرلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشتە، چوڭ يۈكسىلىش قىلالمىغانلىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چوڭلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بوشلۇق قانۇنىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغانچقا، فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا تۈزۈلگەن زېمىن پىلانى، ئەمەلگە مۇۋاپىق بولۇپ، تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلىگەن ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىدىن تارتىپ كۆكەرتىش كۆلىمىگىچە بولغان ھەممىسىدە، پىلان بويىچە ئىش قىلىنغان. ئومۇمىي كۆلىمى ئاران 480 كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان غەربىي بېرلىن شەھىرىدە، باغچا، كۆل، دەريا ئېقىنى ۋە دەل-دەرەخلەر 190 كۇۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىگىلەپ، شەھەرگە كىشىگە ئارامبەخش ئاتا قىلىدىغان تەبىئەت مەنزىرىسىنى بەخشەندە قىلغان. 150 يىلدىن ئارتۇق سانائەتلىشىش تارىخىغا ئىگە، 590 مىڭ نوپۇسى بار ئەنئەنىۋى كۆمۈر-پولات شەھىرى، دورتموند شەھىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 49 پىرسەنتكە يېتىپ، بۇ ساناەت شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

مەن فېدېراتىپ گېرمانىيىدە بولغان كۈنلىرىمدە ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئىمارەتلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گوۋۇيۈەن قەدىمكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر دەپ نام بەرگەن، قەشقەر شەھىرىدە بۇ جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تېخى ناھايىتى كۆپلۈكىنى، بەزى ئىشلاردا تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدىم.

1988-يىلى 7-ئاينىڭ 19-كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز غەربىي بېرلىندىن شەرقىي بېرلىنغا ئۆتۈپ، فېدېراتىپ گېرمانىيىدىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بولدى.

گېرمانىيىدە بولغان 20 نەچچە كۈننىڭ ھەر بىرى مەندە، ئۆزلىرىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن ئۆز ئېلىنى گۈللەندۈرۈۋاتقان نېمىس ۋە باشقا مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان گېرمانىيە خەلقىگە بولغان قايىللىقىنى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى كۈچەيتىپ باردى. ھەر كۈن مەندە يېڭى تەسىرات پەيدا قىلىپ، دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ، بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدىغان، مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. مانا بۇلارنى ئويلاپ، ئانا يۇرتۇمنىڭ ۋادىلىرىدا

كۆيلىنىدىغان «دېرىزەڭنى ئېچىۋەت» دېگەن ناخشىنىڭ ئوتلۇق مىسرالىرىنى قەلب ئېكرانىمدىن ئاجايىپ چوڭقۇر تەپەككۇر ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. كۆڭۈلگە پېتىردىم يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇپ بۇ قېتىمقى سەپەر تەسىراتلىرىمنى ئۆز يۇرتۇم بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكىنى ئويغۇتتى. شۇ كۈنى سەھەر بېرلىنىدە يامغۇر ياغدى. يامغۇردىن كېيىن كۈن كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ياق شۇدىچە چىرايلىق تۈسكە كىردى. سەھەر سايرىغان كاككۇكلارنىڭ ئاۋازى، مېنى غەربىي بېرلىنىدىكى ئاخىرقى ئۇيقامدىن ئويغاتتى. دېرىزىنى ئېچىشىمغىلا خۇشبۇي سالقىن ھاۋا ئۆيگە كىرىشكە باشلىدى. مەن ئەتراپقا قارىسام ياپ-يېشىللىققا پۈركەنگەن ئاجايىپ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى پىكىر دولقۇنلىرى قەلبىمنى شېئىرىيەت بېغىغا ئېلىپ كەلدى. يۇرتۇمنى سېغىنغان كۆڭلۈمنى يازايمۇ ياكى بۇ گۈزەل تەبىئەتنى يازايمۇ؟ ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئېلىپ مۇنۇلارنى يازدىم:

سەھەردە كاككۇكلار سايرىشىپ مېنى،
ئويغاتتى ئۇيقۇمدىن چۈشۈمنى بۇزۇپ.
ئەي يۇرتۇم، دوستلىرىم ئويلىسام سېنى،
پەرىشانمەن بوستاندا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ.

يۇرت مېھرى قەلبىمدە گويا ئاتەشتەك،
تارتىدۇ ئۆزىگە قايتىپ كەلگىن دەپ.
ئەي يۇرتۇم ھاياتمەن ئۇنتۇش ماڭا يات،
بارىمەن قوينۇڭغا ئالغىن مېنى دەپ.

دۇنيادا ئۆز خەلقىگە بەخت-سائادەت يارىتىشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. پايانسىز كەڭرى زېمىن ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئويلىغانلىرىم يەنىلا ئۆزەمنىڭ ئانا يۇرتۇم ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمنى ھېس قىلىش بولدى، خالاس.

ئىخ ۋەتەن، ئىخ ئانا يۇرت، سېنىڭمۇ دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىدىغان كۈنۈڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. سېنىڭ ئىشچان خەلقىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، جاپالىق مېھنىتىنى سەرپ قىلىپ، سېنى گۈزەل ۋە زامانىۋىلاشقان ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئەجدادلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايدۇ.

(بېشى 81 ـ بەتتە)

تارتىۋىدى، ئۆي ئىچىگە ساڭگىلىغلىق يەنە بىر ئۇچىغا بىر نەرسە ئېسىلىۋالغاندەك بىلىندى. تارتىپ ئۆزىگە چىقارغاندىن كېيىن تۇتۇپ بېقىۋىدى، قولىغا ھەر بىرى كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك چىقىدىغان ئىككى مونەك نەرسە ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ بىرى قاتتىق، يەنە بىرى يۇمشاق ئىدى. يېشىپ كۆرۈۋىدى، بىرى ئاق يىپەك قولياغلىققا چىگىلگەن ناۋات، يەنە بىرى تاماكا بىلەن تولغان تاماكا خالتىسى بولۇپ چىقتى. نادىر بېشىنى ئەمدىلا تۈڭلۈككە يېقىن ئەكىلىۋىدى، ئاۋۇتنىڭ يۆتەلگىنى ئاڭلاندى، تۈڭلۈكتىن بېشىنى تارتىپ، ناۋات بىلەن تاماكىنى بەلبېغىغا قېتىپلا بېلىگە باغلىدى. ئادالەت بىلەن ئىچىدە يەنە بىر خوشلىشىۋېتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى...

مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ

# ئانا ۋە چىڭگىزخان

— تارىخىي مەنبەلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، فاراب شەھىرى 1219-ۋە 1220-يىللىرى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.

( دراماتىك باللادا )



مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ 1944-يىلى چۆچەك شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يۇرتىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق فاكۇلتېتى ۋە ژۇرنالىستىكا فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئۇ ھازىر سوۋېت قازاقىستانىدا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «بەشىنچى ئوكيان» 1986-يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن «ئانا يۈرىكى»، «تۇغلۇق ۋە چوغلۇق» ناملىق داستانلىرى؛ «قەلەم»، «نەي ناۋاسى»، «تەقدىر»، «تاشقا ئايلانغان ئايال»، «قەلەم ۋە خەنجەر»، «بۇ قەدىم دۇنيا» كەبى باللادىلىرى ۋە يۈز پارچىدىن كۆپرەك لىرىك شېئىرلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى سۈپىتىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ قىزغىن شۇغۇللىنىپ، «بىز كۆيمەك ...»، «چەكسىزلىك»، «خوتەن — كىلاسسىكلار نەزمىدە»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا پاراللېلىزم نەمۇنىلىرى»، «دراماتورگىيە ۋە تارىخىي ھەقىقەت»، «بىر كىتاب ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» قاتارلىق ئونلىغان ئەدەبىي-ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، «ئالماس زەررىلەر» ناملىق خەلق ماقال-تەمسىللىرى توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپ (مەرھۇم شائىر داۋۇت تۇرمۇھەممەت بىلەن بىرلىكتە)، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

— تەھرىردىن

تاشبوران قىلىنغان قەدىمكى قەلئە،
تاش يۈرەك چېرىكلەر جان ئالدى، جان.
ئوت- يالقۇن قاپسىغان بۇ مەغلۇب ئەلدە،
چاداچتا قان ئىچەر قەيسەر چىڭگىزخان،

تەختىدە قەھ- قەھلەپ ئولتۇرار چىڭگىز،
ئەقلىنى لال قىلغان قانلىق زەپەر- شان.
مىڭلارنى كۆل قىلغاي ئۇلار سالغان ئىز،
قىممەتلىك مىراسلار ۋەيراندۇر، ۋەيران.

«ئەر زاتىن قويماستىن قىرىڭلار!» دېگەن،
قاتتال ھۆكۈمدارنىڭ قەبىھ پەرمانى.
«نە قىسمەت ئېرۇر، ئاھ، ياراتقان ئىگەم!» —
دەر ئانا كۆك — ئەرشتە پەرياد- پىغانى...



ئانا: «

بافرى خۇن، دىلى قان بىر ئايال سۇپەت،
ئەرزىمنى ئاڭلىغىن، ئەي قەيسەر خاقان.
مېنىڭلا بېشىمغا چۈشسۇن دەرد - كۈلپەت،
ئال مېنىڭ جېنىمنى، كېرەك بولسا جان!

سېنىمۇ تۇغقانىغۇ ئاخىر بىر ئانا،
ئاق چېچىم ھۆرمىتى، سورا ئەرزۇ - ھال.
بىر ئۆمۈر تائەتتە ئۆتكەيمەن ساڭا،
خالىساڭ قوشقا قات، يا سۆرەمگە سال.

ياڭۇرۇپ ئالدىڭدا يەرگە قوياي باش،
قاخشال بۇ جىسمىمنى مەيلى ئوتقا ئات.
يالغۇزۇم، كۆز نۇرۇم - نەۋرەم تېخى ياش،
ھىممەت قىل ئۇنىڭغا، ئاتا قىل ھايات.

ئۇن ئەمەس، مىڭ كۈلدىن بىرى ئېچىلماي،
بىر لەھزە سۈرمىگەن ھايات پەيزىنى.
ئاتا - ئانا جۇدالىق ئوتى بېسىلماي،
بوتىدەك بوزلىغان يالغۇز نەۋرىنى.
قانداقچە ئۆلۈمگە قىيالايمەن، ئاھ،
ھىممەت قىل، رەھىم قىل، بۈيۈك شاھىنشاھ!

چىڭگىزخان:

ئالتە ئاي قەلئەنى قىلغانىدا قامال،
ئۇن مىڭچە لەشكىرىم ئۆلدى - شىرغوران.
شۇلارنىڭ قان - قەرزى ئۈچۈن، ئېھتىمال،
يۈز تۈمەن ئەرزاتىن قىلغۇمدۇر قۇربان.

شەھەردە بۇ سانغا يەتمىسە ئەرەن،
ئېغىر بوي ئاياللار ئۆتەر قىلىچتىن.
ئىشىم ھەق، ئەمىنمەن، كۆرسەتكەي كەرەم،
تەڭرىمۇ بولغۇسى رازى بۇ ئىشتىن.

ئانا:

ھەق گەپنى ئېيتماسقا يوق مەندە ئىلاج،
كەچۈرگىن قۇللۇقنى، كەچۈر خاقانىم.
سەن نېمە قىلاتتىڭ،
ئەتەي كېلىپ كاج
ياۋ ئالسا، قان قۇسسا ئانا ماكانىڭ؟

چىڭگىزخان:

ئېنتىقام ئالاتتىم،
تۆككىنچە جان!

ئانا:

بۇ گېپىڭ ھەقىقەت ئېرۇر، بىگۇمان،
دېمەك شەھەر خەلقى كۆرەش قىلسا گەر.
ئەل ئۈچۈن جان تىكسە ئۇن مىڭلىغان ئەر،
ئۇلاردا نە گۇناھ،
نېمىسى يامان؟!

ئاخىر بۇ فارابى كەبى بۈيۈك زات،
تەۋەللۇت كۆرگەن جاي، ئىلىمغا مەشھۇر.
مىڭ لەنەت دېمەسمۇ كەلگۈسى ئەۋلاد،
ئويلاپ كۆر خاقانىم، ئويلىغىن بىر قۇر.

قەسىرلەر ئورنىدا قالدى خارابە،
ئۆرتەندى، كۈل بولدى قانچە ئىلىمگاھ.
گەر چەكسىز زېمىننى قىلسىمۇ تابە،
بىلىككە تەگمىگەن قاراخانى شاھ.

ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىلكىدە،
خاس ھاجىپ ھىممىتىن بىلمىسەڭ، ئەجەپ؛
ئۇ ئېيتقان بىر نەقىل ھېكمەت مۈلكىدە:
«قان تۆكمە، ئەي ئېلىك، ھەرگىز بىسەۋەب».

چىڭگىزخان:

يېتەر، بەس!
ئالجىغان ئەي قېرى دەللە!
بەرمەكچى بولدۇڭمۇ سەن ماڭا تەلىم؟
گەر ۋەيران قىلسامۇ يەنە مىڭ قەلئە،
توسالماس بۇ يولدىن ھېچبىر «مۇئەللىم».

ئالدىمغا كېلىشتىن ئەسلىدە، مەقسەت،
نەۋرەڭنىڭ قېنىمۇ ياكى خۇسۇمەت؟!

ئانا:

(چىڭگىزخاننىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ)
ئاھ، مېنى كەچۈرگىن، ئالجىغان ئەمەن، راس،
نە گەپلەر چىقمايدۇ سۆيەكسىز تىلدىن.
ھۆكمىڭگە ھازىرمەن، كەسسەڭ، مانا باش،
پەقەتلا بوتامغا شاپائەت قىلغىن.
رەھىم قىل، خاقانىم، رەھىم قىل ئاگا،
نۇر - زىيا ھامىسى - باياتىم ھەققى.
بېشىڭدىن مىڭ تۈمەن سادىقە ساڭا،
بىر پۇلغا ئەرزىمەس ھاياتىم ھەققى!

چىڭگىزخان:

(بىر پەس ئويلىنىپ)
شۇنچىلا كۆيۈنسەڭ نەۋرەڭگە جاندىن،
كۆپ ئەمەس، بار - يوقى ئىككى شەرتىم بار.
ھاياتلىق بەرگۈمدۇر ئۇنىڭغا ئاندىن،
خوش، قېنى، كۈتىدۇ سېنى قىلىچ، دار!

ئانا:

ئەمىر قىل جاللاتقا، تەييارمەن، شاھىم،
رازىمەن سورۇلسا شامالدا خاكىم!

چىڭگىزخان:

(قاھ - قاھلاپ كۈلۈپ)
ئۆلۈپ قۇتۇلماقچىمۇ مەقسىتىڭ غەمدىن؟!

ئانا:

تە ئارمان نەۋرىچۈن ئۆتسەم ئالەمدىن!

چىڭگىزخان:

ياق، ئەسلا!
ئۆلمەيسەن، ياشىشىڭ كېرەك،
نەۋرەڭنى كىم باقماق ئۆزەڭدىن بۆلەك؟!

ئانا:

ھەر قانداق شەرتىڭگە تەسەددۇق بۇ جان،
ئاللانىڭ ھۆكمى ھەق، كەلتۈرگۈم ئىمان!

چىڭگىزخان:

شەرتىمنىڭ بىرى بۇ:
كۆرگەنلىرىڭنى،
پەقەت ئۆز قولۇڭدا كۆمگەنلىرىڭنى.
يەنە قايتىپ ھەرگىز كۆرمەسلىك ئۈچۈن،
كۆزۈڭنى ئويدۇرۇپ تاشلايمەن پۈتۈن.

ئانا:

پەقەتلا شۇلىمۇ؟
مىڭ كۆزۈم قۇربان!

چىڭگىزخان:

ئىككىنچى شەرتىم شۇ:
ئەرىيەتكەچ نەۋرەڭ،
قىساسكار قىلىپ ئۇنى تاۋلىماس ئۈچۈن،
بۇ قانلىق قىرغىندىن ئەۋلادىڭ، ئەۋرەڭ
خاتىرات - ھېكايەت ئاڭلىماس ئۈچۈن،
تىلىڭنى سۇغۇرۇپ ئالغۇمدۇر پۈتۈن!

ئانا:

پەقەتلا شۇلىمۇ؟!
ئەي ھىممەتلىك خان،
تەييارمەن، ئىلكىڭدە ئەزىز تەن ئۇ - جان!...

×

مومىنىڭ مۇقەددەس قەبرى بېشىدا،
جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرار نەۋقىران -
قىساسكار ئوغلان!...

مارك تۋېن (ئامېرىكا)

## بىر مىللىيون فونت - ستېرلىڭ

(ھېكايە)

مەن كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىمدا، بىردىنلا بىر سەيپۇڭخانىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. خېلىدىن بېرى كونا كىيىملىرىمنىڭ ئورنىغا بىر قۇر يېڭى كىيىم ئالماشتۇرۇشنى ئويلاۋاتاتتىم. بىراق... مەندە بىر مىللىيون ستېرلىڭدىن باشقا ھېچقانداق پارچە پۇل يوق، قانداقلا بولمىسۇن مەن يەنىلا كىيىم سېتىۋېلىشنى قارار قىلدىم. مەن دۇكانغا كىرىپ ئۇلاردا ئەرزانراق كىيىم بار - يوقلۇقىنى سورىدىم، مەن گەپ قىلغان كىشى سۆزۈمگە ئالدىراپ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ، باشتىن - ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ، يىرتىق كىيىملىرىمگە ئازراق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن «بىردەم تۇرۇپ تۇر» دېدى.

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى ئىشنى تۈگىگىچە ساقلاپ تۇردۇم، ئاندىن ئۇ مېنى ئارقىدىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆي سېتىلماي يېسىلىپ قالغان كىيىملەر ساقلىنىدىغان ئۆيدەك قىلاتتى. ئۇ، كىيىملەرنى ئاختۇرۇپ ماڭا ئەڭ ئەرزىنىدىن تاللاپ بەردى. مەن كىيىملەرنى كېيىپ باقتىم، ماڭا لايىق كەلمىدى، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى ئالماقچى بولدۇم:

— پۇل ئۈچۈن بىر قانچە كۈن ساقلاپ تۇرالامسىز؟ مەندە ھازىر پارچە پۇل يوقتى، دېدىم. مەن تارتىنغان ھالدا.

ئۇ، سوغۇق نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ قويدى:

— ھە سەندە يوقمىتى؟ بىلىمەن، سەندەك كىشىلەر دائىم يېنىدا پۈتۈن پۇل كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىپ:

— دوستۇم، سىز كىشىلەرگە ئۇنىڭ كەيگەن كىيىمىگە قاراپ باھا بېرەلمەيسىز. مەن كىيىمگە ئەلۋەتتە پۇل تۆلىيەلەيمەن، پەقەت بۇ پۇلنى پارچىلاپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن دەپتىمەن.

مەن يانچۇقۇمغا قولۇمنى سېلىشىمغا ئۇ ئىتتىكلا:

— سەن نېمە ئۈچۈن پۇلۇڭنى بىزنىڭ پارچىلىيالمايدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ كەتتىڭ؟ بىز پارچىلىيالايمىز دېدى.

مەن يانچۇقۇمدىن پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم، - ھە ئۇنداقتا ياخشىمۇ، مېنى كەچۈرۈڭ.

ئۇ، ھېجىيىپ پۇلنى قولۇمدىن ئالدى، ۋە ئىتتىكلا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى تېزدىن ئۆزگىرىپ، پۇل تۇتقان قولى ھاۋادا ئېسىلىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا دۇكان باشقۇرغۇچى نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرمەكچى بولدى بولغاي، تالادىن كىردى. مەن:

— ھېچنىمە بولمىدى، مەن پەقەت پۇلۇمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن، دېدىم ئۇنىڭغا.-

— بولمامسەن! ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەر تۇد، ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەر، - دېدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ.

— ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەر دېيىش ئاسان ئەپەندىم، بىراق ئالدى بىلەن پۇلغا قاراڭ.

دۇكان باشقۇرغۇچى چەتكە قارىدى ھەم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. ئاندىن تود ماڭا تاللاپ بەرگەن بۇراق كىيىملەرنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى:

— بىر مىليونىرغا ئوخشاش ئادەمگە شۇنداق كىيىملەرنى ساتامدۇ؟ تود سەن ئەخمەقكەنسەن!- ئۇ مەن ئۈچۈن باشقا كىيىملەرنى ئىلغاشقا باشلىدى،- ھە، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى مانا بۇ ئەپەندىم، ئۈستىڭىزدىكى كىيىملەرنى ئوتقا تاشلىۋېتىڭ: قېنى، بۇ شىم بىلەن كاستيۇمنى كىيىۋېلىڭ، مانا بۇ كۆڭلۈمدىكى نەرسىكەن. بۇلار سىزگە دەل كەلدى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى جىسمىڭىزگە بومۇ ئۆزىڭىز ئىگىدەك كەلدى. قېنى، ئەينەككە قاراڭ، ھەممە نەرسە جايىدا!

مەن ئۆزەمنىڭ مەمنۇنىيەت تىلىكىمنى ئىزھار قىلدىم.

— ھېچقىسى يوق، ئەپەندىم. بىراق بىز يەنە ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى كىيىملەرنى تىكىپ بەرگىچە، ساقلاپ تۇرۇشلىرى كېرەك، - ئۇ، مەن گەپ قىستۇراي دېگىچە بەدىنىمنى ئۆلچەپ بولدى ۋە تېزلا كەچلىك كىيىم، ئەتىگەنلىك كىيىم، كۆينەك ھەم ھەر خىل نەرسىلەرنى زاكاس قىلىۋەتتى.

— كىيىملىرىڭىز ئۆكۈلىككە پۈتىدۇ- دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

— بىراق، مەن پۇلۇمنى ئالماشتۇرمىغىچە، بۇ نەرسىلەرنى زاكاس قىلماي مەن.

— مەيلى، ئۆمرىڭىز ئىچىدە بىرەر قېتىم كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ. تود، سەن مېھمىنىمىزنىڭ ئادرېسىنى يېزىۋال. چۈنكى سەن ئادرېسنى بويىچە ئەۋەتىپ بېرىسەن.

— مەن مېھمانخانىدىن يۆتكەلمەكچى كېيىنچە كېلىپ ئادرېسىمنى قويۇپ كېتەي.

مەن ئۇ كەيدۇرگەن ياخشىراق كىيىملەر بىلەن سىرتقا ماڭدىم، ئارقامدىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. دېمەك، ئۇ مېنى ئۇزۇتۇپ چىقىۋاتاتتى:

— شۇنداق بولسۇن ئەپەندىم. شۇنداق ئامان بولسىلا.

(مارك تۋېننىڭ «بىر مىليون فونت ستېرلىڭ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن مەتىرېھىمجان داۋۇت تەرجىمىسى).

(بېشى 126- بەتتە)

دىۋە تۇرغان يەرگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئادەم يېقىنلاپ كېلىپلا: — مانا مەن كۈچۈمنى ئېلىپ كەلدىم دەپ باغلاقلىق تۇرغان دىۋىنى قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. كالتەكنىڭ سۇنۇقىنى يەڭگۈشلەپ ئۇرۇپتۇ، تاياق زەربىسىدىن دىۋە ئاچچىق تولغىنىپتۇ ۋە بىر سىلكىنگەن ئىكەن، ئارغامچا پارىسلاپ ئۈزۈلۈپتۇ، شۇھامان دىۋە بەدەر قېچىپتۇ. شۇ قاچقان پېتى ھېچيەردە توختىماي، ئۇدۇل ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان ماكانىغا بېرىپتۇ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ دېمىنى ئىنچىگە ئالالمىغان بۇ چوڭ كۈچلۈك دىۋىنىڭ تەلەتىنى كۆرگەن باشقا دىۋىلەر قاتتىق قورقۇشۇپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىنى سوراپتۇ ئۇلار.

— ئەي، يامان ناس! بۇنىدىن كېيىن ئادەم بىلەن كۈچ سىنىشىمەن دەپمۇ يارىمىدىغان، بولدى، تويدۇم، دەپ دات - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ھەم ئۇنى كۈچ سىنىشىشقا ئەۋەتكەن باشقا دىۋىلەرنى سۆرۈپ، ئۆز ئارا جاڭجال كۆتۈرۈپتۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شۇنىدىن بۇيان دىۋىلەر ئەنە شۇنداق يوغان، كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن، ئادەمنىڭ ئەقىل - پەمىدىن قورقۇپ، ھەرگىز ئادەملەر بىلەن ئۇچراشمايدىغان بولۇپتۇ!

ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىشەھەر ناھىيە، ياماننيار يېزا، گەمسالۇ مەكتەپتىن: ھاشىمھا پىز،
رەتلەپ خاتىرىلىگۈچى: سابىرجان سىيىت.

# ئادەم ۋە دىۋە

( ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى )

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا، مەلۇم بىر جاڭگالدا دىۋىلەر توپ - توپ بولۇپ ياشايدىكەن، دىۋىلەر ئورۇنلاشقان بۇ جاي ئادەملەر تۇرۇۋاتقان يەردىن تولىمۇ يىراق ئىكەن، شۇڭا دىۋىلەر ئۆمرىدە بىرەرمۇ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىۋىلەر ئارىسىدا «ھازىر ئادەم دەيدىغان بىر نەرسە پەيدا بوپتۇ، ئۇ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى باشقۇرارمىش، بويسۇنمىغاننى ھەر خىل چارە قوللىنىپ ئۆزىگە رام قىلىپ ياشايدىكەن، ئۇ، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەقىللىقمىش، ئۇنىڭ ئەقلى، كۈچىگە ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيمىش » دېگەن سۆز - چۆچەك تېز تارقىلىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ يەردە ياشاۋاتقان دىۋىلەر ئۆزلىرىنى پەم-پاراسەتتە يېتىشكەن، كۈچلۈك، ئەقىللىق، نوچى دەپ ھېسابلىشىپ، ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ پەخىرلىنىدىكەن.

قانداقتۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ھەممە جەھەتتە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان دىۋىلەرنىڭ ئوغىسى قايناپ، ئادەم بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش قارارىغا كەپتۇ، ئۇلار بىر قانچە كۈن مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى دىۋىلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ ۋە كۈچلۈك دەپ قارالغان بىر دىۋىنى ئادەملەر بىلەن كۈچ سىنىششقا تەيىنلەپ، ئۇنى بىر قانچە كۈن ياخشى غىزالاندۇرۇپ بېقىپ، سەمرىتىپ يولغا ساپتۇ. دىۋە ئۇزۇن يوللار بېسىپ، تاغ، دەريالاردىن ئۆتۈپ، چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئاران دېگەندە بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، شۇجايدىن بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. دىۋىلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىن ئېگىز - ئېگىز، ئۈستى - ئۈستىلەپ سېلىنغان ئىمارەتلەر، ئىمارەتلەردىن يۆگىشىپ توپ - توپ بولۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس - تۈتەكلەر كۆرۈنۈپتۇ - دە، ئىچىگە قورقۇنچ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئادەملەر ئاشۇ ئۆيلەردە ياشاپ، ئالدىغا كەلگەننى كۆيدۈرۈپ بويسۇندۇرۇپ ياشايدىغان ئوخشايدۇ دەپ خىيالغا پېتىپ، ئارقىسىغا قايتاي دەپ تۇرسا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەم بېلىگە يوغان قارا ئارغامچا باغلاپ، ئۇدۇل دىۋىلەر ئولتۇرغان يەرگە قاراپ كېلىۋاتقىنىدەك، خېلى يىراقتىنلا ئادەم قارىسىنى كۆرگەن دىۋە، ئادەم كېلىۋاتقان تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپتۇ ھەم ئادەمنىڭ بېلىدىكى يوغان پالتىنى كۆرۈپ، مېنى تۇتۇپ ياتلاپ ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ تىترەشكە باشلاپتۇ. ئادەم تۇيۇقسىز يېقىنلاپ كېلىۋې-

**خەزىنە**

رىپ، دىۋىگە يېقىنلىشىپ قېلىپ دىۋە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ھېلىقى ئادەم ئۆمرىدە مۇنداق يوغان گەۋدىلىك، سەت - كۆرەمسىز چوڭ دىۋىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇڭا ئۇمۇ قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي «باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ ئالدىغا مېڭىۋېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋە قورقۇپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەمنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ، - دە:

— ھەي سەن قانداق مەخلۇق، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسەن؟ نېمىگە كەلدىڭ؟ دەپ سوراپتۇ!

ئادەم: دىۋىنىڭ بېشى ئاسمانىنىڭ قەھرىدە تۇرغانلىقىنى، يوغان - يوغان پۇتلىرىنىڭ ئون مو يەرنى ئىگىلىگەندەك تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ كۆرەمسىز دىۋىنىڭ بىر بەشمالتاق قولچىلىك كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپتۇ - يۇ، يەنىلا چوڭچوڭ ئاۋازدا:

— مەن ئادەملەر تايىپىدىن بولىمەن، بۇ يەر مېنىڭ ئۆز ماكانىم، بۇ جايغا ھەرقانداق نەرسە كەلسە قارشى ئالىمەن، بىراق، يامان غەرەزدە بولسا ساق قويمايمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ كىشى ئەسلىدە ئوتۇن كەسكىنى كەلگەن دېھقانىكەن.

— ئۇنداق بولسا، - دەپتۇ دىۋە، - مەن شۇ ئادەم بىلەن بىر ئۇچرىشىپ كۈچ سىنىشىپ بېقىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. بىراق، سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. سەن راستىنلا ئادەم بولىدىغان بولساڭ كەل، كۈچىمىزنى سىنىشىپ باقايلى، - دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئادەم دىۋە بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملەپ، سەل ئويلىنىۋالغانىدىن كېيىن، دىۋىگە قاراپ:

خوش، بۇ سۆزۈڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى، مەنمۇ ئۆمرۈمدە ساڭا ئوخشاش كۈچلۈك دىۋە بىلەن ئۇچراشسام، كۈچ سىنىشىپ كۆرسەم، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشسام، ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ئەدىۋىنى بىر بېرىپ قويسام دەپ ئارزۇ قىلاتتىم، ئىش مەن ئويلىغان يەردىن چىقتى، - دەپتۇ.

دىۋە ئادەم بىلەن كۈچ سىنىشىشقا ئالدىراپتۇ ۋە قېنى كەل، كۈچىمىزنى سىنىشايلى، - دەپتۇ.

ئەمما، - دەپتۇ ئادەم، ھازىر بولماسمىكىن؟ سەن بىلەن تاساددىپى ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىماپتىمەن، شۇڭا كۈچۈمنى ئۆيدە قويۇپ قويغان ئىكەنمەن، ئەگەر راستىنلا كۈچ سىناشماقچى بولساڭ، مەن كۈچۈمنى ئېلىپ كەلگىچە مۇشۇ جايدا مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرالامسەن؟

— چوقۇم تۇرۇپ تۇرىمەن، - دەپتۇ دىۋە كەسكىن قىلىپ. ئادەم دىۋىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، ئەگەر مەن ئۆيدىن كەلگىچە قورقۇپ قېچىپ كەتسەڭچۇ؟ - دەپ يەنە سوراپتۇ.

— كېتىپ قالمايمەن، سەن بىلەن قانداقلا بولمىسۇن زادى بىر قېتىم كۈچ سىنىشىپ باقماي تۇرۇپ كەتمەيمەن.

— ياق، ساڭا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ناۋادا ساڭا توغرا كەلسە، ماۋۇ بېلىمدىكى ئارغامچا بىلەن سېنى مۇنۇ دەرەخكە باغلاپ قويسام بولامدۇ؟

— ماقۇل، باغلىساڭ باغلا! - دەپ دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ دىۋە.

ئادەم بېلىدىكى ئارغامچا بىلەن دىۋىنى دەرەخكە چەمبەرچەس باغلاپ ماتاپ قويۇپ:

— ئەمىسە، مەن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كېلىمەن، سەن قىمىرلىماي تۇرۇپ تۇرغىن، - دەپ ئارقىسىغا يېنىپ دەرەخزارلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە دەرەخزارلىقتا بىر قولتۇق كالتەك ياساپ

(ئاخىرى 124 - بەتتە)



**ئالىم ، ئەدىبلىرىمىز سۆھبەتتە**

سۈرەتتە (ئوڭدىن سولغا): ئابدۇللا تالىپ، ئابدىرېھىم ئۆتكۈر، ئەخمەت زىيائى، تۇرغۇن ئالماس.



**«بىز مۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق»**

(تۇردى مەتنىياز،
تۇرسۇن نىياز فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى (18 - يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学» (双月刊)

*KASHGAR LITERATURE*

*IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL*

---

1989 - يىل 3 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى

(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)

O. P. BOX 2820 BIEJING CHINA

فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—1081/I

---

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 62 — 58

تىرازى: 8000

باھاسى: 80 فۇڭ

تېلېفون نومۇرى: 23196